ئورخان پامۇك

# قىزىل چاچلىق ئايال

تۈركچىدىن ئەنۋەر ھامىت تەرجىمىسى

(ئاسلىغا بېغىشلايمەن)

مەنبە: ئىزدىنىش مۇنبىرى
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2016-يىلى 6-ئاي

دادىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئانىسى بىلەن ياتقان، سفىنكسىنىڭ تۇگۈنى(گوردىيان تۈگۈنى)نى يەشكەن ئودىپۇس! بۇ ئۆچ خىل تەقدىرنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىرانلىقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر ئېتىقادقا كۆرە، كاتتا بىر ئالىم فۇجۇر ( ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا قىلىنغان زىنا) ئارقىلىق دۇنياغا كېلىدۇ.

- نېچشى، تراگېدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى

ئودىپۇس: بەك بۇرۇنقى زاماندا سادىر قىلىنغان جىنايەتنىڭ ئىزلىرىنى قانداق تاپالايمىز؟

_ سوفوكلېس، پادىشاھ ئودىپۇس

خۇددى دادىسىز بىر ئوغۇلغا ئوخشاش، ئوغۇلسىز بىر دادىنىمۇ ھېچكىم باغرىغا باسمايدۇ.

_ فىردەۋسى، شاھنامە

# بىرىنچى بۆلۈم

# بىرىنچى باب

ئەسلىدە يازغۇچى بولغۇم بار ئىدى. لېكىن مەن ئاڭلاتماقچى بولغان ۋەقەلەردىن كېيىن گېئولوگىيە ئىنژېنېرى ۋە قۇرۇلۇشچى بولدۇم. ئوقۇرمەنلىرىم مېنى ھېكايە ئاڭلىتىشقا باشلىدى، دەپ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان چېغى، دەپ قالمىسۇن. ئەسلىگەنسېرى ۋەقەلەرنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ كىرىپ كېتىۋاتىمەن. شۇڭا سىلەرنىڭمۇ مېنىڭ پېشىمدىن داۋا ۋە ئوغۇلنىڭ ئارىسىدىكى سىرلارغا ئەگىشىپ كىرىشىپ كېتىدىغانلىقىڭلار - نى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن.

1985 - يىلى، بەشكەتاشنىڭ كەينىدە، ئېھلامۇر قەسرىگە يېقىن بىر بىنادا ياشاۋاتاتتۇق. دادامنىڭ «ھايات» ئىسىملىك كىچىك بىر دورىخانىسى بار ئىدى. دورىخانا ھەپتىدە بىر قېتىم كېچىچە ئوچۇق تۇراتتى، دادام نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. نۆۋەتچى بولغان كېچىلىرى دادامنىڭ كەچلىك تاماقنى مەن ئاپىرىپ بېرەتتىم. ئېگىز بويلۇق، ياداڭغۇ، قاملاشقان دادام پوكەينىڭ يېنىدا تاماقنى يەۋاتقاندا دورا پۇراقلىرىنى پۇرىغاچ دۇكاندا تۇرۇشقا ئامراق ئىدىم. ئوتتۇز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، قىرىق بەش يېشىمدىمۇ، ياغاچ ئىشكاپلىق كونا دورىخانىلارنىڭ پۇرىقىغا ھېلىھەم ئامراقمەن.

«ھايات» دورىخانىسىنىڭ كۆپ خېرىدارى يوق ئىدى. دادام نۆۋەتچى بولغان كېچىلەردە شۇ چاغلاردا مودا بولغان ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان كىچىك بىر تېلېۋىزورنى كۆرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە دادامنىڭ يوقلاپ كەلگەن ئاغىنىلىرى بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. سىياسىي دوستلىرى، مېنى كۆرۈپلا گېپىنى توختىتاتتى، مېنىڭ خۇددى دادامدەكلا كىلىشكەن ۋە ئوماق چوڭ بولغانلىقىمنى دەيتتى، سوئال سورايتتى: نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتىم، مەكتەپنى ياخشى كۆرەمتىم، كېيىن نېمە بولماقچى ئىدىم؟

سىياسىي دوستلىرىنىڭ يېنىدا دادامنىڭ بىئارام بولغىنىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن دۇكاندا ئۇزاق تۇرمايتتىم، بىكارلانغان تاماق قاچىسىنى ئېلىپ، غۇۋا كوچا چىراغلىرىنىڭ ۋە چىنار دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن مېڭىپ ئۆيگە قايتاتتىم. ئۆيدە ئاپامغا دادامنىڭ سىياسىي ئاغىنىلىرىدىن بىرىنىڭ دۇكاندا تۇرغانلىقىنى دېمەيتتىم. چۈنكى ئانام، دادامنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئىش كېلىپ قېلىشىنى ياكى تۇرۇپلا يەنە بىزنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىنى ئويلاپ ئەنسىرەيتتى، دادامغا ۋە ئاغىنىلىرىگە ئاچچىقلىناتتى.

لېكىن ئانام بىلەن دادامنىڭ ئارىسىدىكى ئۇن-تىنسىز جېدەل -ماجىرالارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىنىڭ سىياسىي ئەمەسلىكىنىمۇ بىلگۈچىلىكىم بار ئىدى. بەزىدە ئۇزۇنغىچە قېيىدىشاتتى، ئاساسەن دېگۈدەك گەپ قىلىشىشمايتتى. بەلكىم بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەيتتى. دادامنىڭ باشقا ئاياللارنى، بەك كۆپ باشقا ئاياللارنىمۇ دادامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. بەزىدە ئانام باشقا بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى مەن چۈشىنەلىگۈدەك قىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ جېدەللىرى كۆڭلۈمنى بەك يېرىم قىلىدىغان بولغاچقا ئۇلارنى ئويلاشتىن، ئەسلەشتىن ئۆزۈمنى چەكلىگەن ئىدىم.

دادامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بارغان بىر كېچىسى دورىخانىدا كۆردۈم. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئىدىم؛ ئادەتتىكىچە بىر كۈز ئاخشىمى ئىدى. دادام تېلېۋىزوردا خەۋەر كۆرۈۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن پوكەيگە قويۇپ قويغان تامىقىنى يەۋاتقان چېغىدا، مەن بىرسى ئاسپىرىن، يەنە بىرى ۋىتامىن c ۋە ئانتىبىيوتىك ئالماقچى بولغان ئىككى خېرىداراغا قارىدىم ۋە پۇلنى تارتمىسى يېقىملىق بىر ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلىدىغان كاساغا سالدىم. ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا دادامغا ئاخىرقى بىر رەت قارىدىم؛ ماڭا ئىشكتە تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دادام ئۆيگە كەلمەپتۇ. بۇنى ئانام مەن چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن ئۆيگە كەلگەندە دەپ بەردى. كۆزلىرىنىڭ ئاستى ئىششىق، يىغلىغان ئىدى. دادامنىڭ بۇرۇنقىدەك دورىخانىدىنلا ئۇدۇل سىياسىي باشقارمىغا ئېلىپ كېتىلمىگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ يەردە ئۇنى قىيىن-قىستاققا ئالاتتى، تاياققا باساتتى، توكقا باغلايتتى.

يەتتە -سەككىز يىل بۇرۇن دادام يەنە مۇشۇنداق يوقاپ كەتكەنىدى ۋە ئىككى يىل بولاي دېگەندە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئانام ئۇ قېتىم دادام ساقچىدا سوراقتا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغاندەك مۇئامىلە قىلمىغان ئىدى. دادامغا ئاچچىقلىناتتى. ئۇنىڭ گېپىنى قىلغاندا « نېمە قىلغىنىنى ئۇ بىلىدۇ!» دېگەنىدى.

ھالبۇكى ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كۆپ ئۆتمەيلا بىر كېچىسى ئەسكەرلەر دادامنى دورىخانىدىن ئېلىپ ماڭغاندا ئانام ئىنتايىن پەرىشان بولغانىدى، دادامنىڭ بىر قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقان ئىدى. دورىخانىدىكى نۆۋەتچىلىكنى ماجىت ئۇستام بىلەن دادامنىڭ ئورنىغا ئۆزى قىلغان ئىدى. بەزىدە ماجىتنىڭ ئاق خالتىنى مەن كىيەتتىم. ئەلۋەتتە، مەن كەلگۈسىدە دورىخانىدا ئىشلەيدىغان بىر ئۇستام ئەمەس، دادامنىڭ دېگىنىدەك ئالىم بولاتتىم.

دادامنىڭ بۇ ئاخىرقى يوقاپ كېتىشىدە ئانام دورىخانىغا كۆڭۈل بۆلۈپمۇ قويمىدى. نە ماجىتنىڭ گېپىنى قىلمىدى، نە باشقا شاگىرتلارنىڭ، نە دورىخانىنىڭ نېمە بولۇپ

كېتىشىدىن. بۇ ئىش ماڭا بۇ قېتىم دادامنىڭ باشقا بىر سەۋەبتىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاندۇردى. لېكىن ئويلىنىش دېگەن نىمە ئۇ؟

مەن ئاشۇ چاغلاردىلا ئوي-پىكىرلەرنىڭ كاللىمىزغا بەزىدە سۆزلەر بىلەن، بەزىدە رەسىملەر بىلەن كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. بەزىدە مەلۇم بىر ئوي-پىكىرنى سۆزلەر بىلەن ئويلاپ يېتەلمەيتتىم...لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ رەسىمى، مەسىلەن چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر ياغقاندا قانداق يۇگۇرگەنلىكىم ۋە نىمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىم كۆزۈمنىڭ ئالدىدا شۇ ھامانلا جانلىناتتى. بەزىدە بىر نەرسىنى سۆزلەر بىلەن ئويلىيالايتتىم لېكىن كۆزۈمنىڭ ئالدىغا بىر رەسىم سۈپىتىدە ھەرگىز كەلتۈرەلمەيتتىم: مەسىلەن، قارا نۇر كەبى، ئانامنىڭ ئۆلۈمى كەبى ياكى ئەبەدىيلىك كەبى.

بەلكىم مەن تېخى بىر بالا ئىدىم: خالىمىغان تېمىلارنى بەزىدە ئويلىماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتىم. بەزىدە دەل ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى، ئويلاشنى خالىمىغان بىر رەسىمنى ياكى سۆزنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتىم.

دادام خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە بىزنى ئىزدىمىدى. بەزىدە دادامنىڭ چىرايىنى كۆزئالدىمغا كەلتۈرەلمەي قالاتتىم. خۇددى بىردىنلا توك كېتىپ كۆزۈمنىڭ ئالدىدىكى ھەممە نەرسە غايىب بولغاندەك ھېس قىلاتتىم شۇنداق چاغلاردا.

بىر ئاخشىمى ئۆزۈمچىلا ئىھلامۇر قەسرىگە قاراپ ماڭدىم. «ھايات» دورىخانىسىنىڭ ئىشىكى تاقاق ئىدى ۋە خۇددى ئىككىنچىلەپ ئېچىلمايدىغاندەك قارا بىر ئاسما قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئىھلامۇر قەسرىنىڭ بېغىدىن تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئانام ئەمدى نە دادامدىن نە دورىخانىدىن بىزگە بىر نەرسە كەلمەيدىغانلىقىنى، ئىقتىسادى ئەھۋالىمىزنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىنوخانا، دۆنەر كاۋاپلىق ساندۇيچ ۋە رەسىملىك رومانلاردىن باشقا چىقىمىم يوقتى. كاباتاش تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپكە پىيادە بېرىپ كېلەتتىم. رەسىملىك رومان ژۇرناللىرىنىڭ كونا سانلىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان، ئىجارىگە بېرىدىغان دوستلىرىم بار ئىدى. لېكىن ئۇلارغا ئوخشاش بەشىكتاش كىنوخانىلىرىنىڭ يان ئىشىكىدە، ئارا كوچىلاردا سەۋر بىلەن خېرىدار ساقلاشنى خالىمايتتىم.

1985 - يىلى يازنى بەشىكتاشتا بازار ئىچىدە، دېڭىز ئىسىملىك بىر كىتابچىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەپ ئۆتكۈزدۈم. ئىشىمنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى كۆپىنچىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئوقۇغۇچى بولغان كىتاب ئوغرىلىرىنى قوغلاش ئىدى. بەزىدە پات-پات خوجايىن دېڭىز ئاكىنىڭ ماشىنىسى بىلەن چاغالئوغلۇغا كىتاب ئالغىلى باراتتۇق. كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ، نەشرىياتلارنىڭ ئىسمىنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىمنى كۆرگەن

خوجايىن مېنى ياقتۇراتتى ۋە كىتابلارنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ئوقۇۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلاتتى. ئۇ يىلى يازدا بەك كۆپ كىتاب ئوقۇدۇم؛ باللار رومانلىرى، جۇلېس ۋېرنېنىڭ «يەرنىڭ مەركىزىگە ساياھەت»، ئېدگار ئاللان پونىڭ تاللانما ھېكايىلىرى، شېئىر كىتابلىرى، ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان تارىخىي رومانلار ۋە چۈش ھەققىدە بىر توپلام. بۇ توپلامدىكى بىر يازما پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى.

كىتابچى دېڭىز ئاكىنىڭ يازغۇچى دوستلىرى پات-پات كىتابخانىغا كېلىپ تۇراتتى. خوجايىن مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغاندا مېنىڭ كەلگۈسىدە يازغۇچى بولىدىغانلىقىمنى دەپ بېرىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ خىيالىمنى بوش ئېغىزلىق قىلىپ باشتا ئۇنىڭغا دېگەن ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي خوجايىننىڭ تەسىرىدە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم.

# ئىككىنچى باب

لېكىن ئانام كىتابچى بەرگەن پۇلدىن مەمنۇن ئەمەس ئىدى. كىتابخانىدا ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم ھېچبولمىسا ئۇنىۋېرسىتېتقا تەييارلىق قىلىش سىنىپىغا تۆلەشكە يەتسە بولاتتى. دادام يوقاپ كەتكەن كېيىن ئانام بىلەن بەك ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغاندۇق. يازغۇچى بولۇش قارارىمغا خۇددى چاقچاقتەك مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئاۋۋال ياخشى بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشىم كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تۇرۇۋېلا ئانام بىلەن دادامنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئىشكاپ ۋە تارتمىلارغا قاراپ سالدىم ۋە دادامنىڭ كۆينەكلىرى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردۈم. لېكىن دادامنىڭ تاماكا ۋە كولۇنيا ئەتىرى تېخىچە ھۇجرىدا تۇراتتى. ئانام بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايتتۇق ۋە ئۇنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان سىياقىمۇ تېز سۇرئەتتە ئۆچۈپ كېتىۋاتاتتى.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنى پۈتتۈرگەن يىلى ياز بېشىدا ئىستانبۇلدىن گەبزەگە كۆچتۇق. ھامامىنىڭ يولدىشىنىڭ گەبزەدىكى باغلىق ئۆيىنىڭ بالىخانىسىدا ئىجارە تۆلىمەي تۇرىدىغان بولغان ئىدۇق. يازنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئەنىشتەم ماڭا تاپشۇرغان ئىشنى قىلىپ  پۇل يىغسام، ئىيۇلدىن كېيىن ھەم بەشكتاشتىكى «دېڭىز كىتابخانىسى»دا ئىشلەپ، ھەم تەييارلىق قىلىش سىنىپىغا بېرىپ كېلەر يىلقى ئۇنىۋېرسىتېت ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلاتتىم. بەشكتاشتىن كېتىپ قالغىنىمىزغا كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولغىنىنى كۆرگەن خوجايىن دېڭىز ئاكا، ياز كېچىلىرى خالىسام كىتابخانىدا ياتسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەنىشتەم ماڭا تاپشۇرغان ئىش گەبزەنىڭ ئارقا تەرەپلىرىدىكى كۆكتاتلىققا ۋە گىلاسلىق، شاپتۇللۇق باغقا قاراش ئىدى.  كۆكتاتلىقتا بىر چەللە ئاستىدا بىر ئۈستەلنى كۆرۈپ، ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغۇدەك جىق ۋاقىت چىققۇدەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم، خاتالاشقان ئىكەنمەن. گىلاس پەسلى ئىدى، قاقىلداپ باش ئاغرىتىدىغان، نومۇسسىز قاغىلار توپ-توپ كېلىپ شاخلارغا ھۇجۇم قىلاتتى، بالىلار ۋە بىتشىكتىكى ئېتىزلىققا سېلىنىۋاتقان چوڭ بىنادا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار مېۋە، كۆكتات ئوغرىلىغىلى كېلەتتى.

كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدىكى باغدا بىر سۇ قۇدۇقى كولىنىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇ يەرگە باراتتىم، پەستە قازغۇچ-گۈرجەك بىلەن قۇدۇق كولاۋاتقان ئۇستا بىلەن ئۇ چىقارغان

توپىلارنى ئۇستىگە تارتىپ چىقىپ تۆكۈۋاتقان ئىككى شاگىرتنى تاماشا قىلاتتىم.
شاگىرتلار يېقىملىق غىچىرلايدىغان بىر ياغاچ چىغىرىقنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ تولغايتتى، پەستىن ئۇستىسى يوللىغان بىر چېلەك توپىنى ياندىكى قول هارۋىسىغا تۆكەتتى. ئاندىن، مەن بىلەن تەڭتۇش كېلىدىغان شاگىرت قول هارۋىسىدىكى توپىنى تۆككىلى ماڭغاندا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، ئېگىز بويلۇق يەنە بىر شاگىرت قۇدۇققا قاراپ «مانا كەلدى!» دەپ ۋارقىراپ، پەستىكى ئۇستىسىغا چېلەكنى ساڭگىلىتىپ چۈشۈرۈپ بېرەتتى.
كۈنبويى ئۇستا كەمدىن-كەم ئۇستىگە چىقاتتى. تۇنجى قېتىم ئۇنى بىر چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا تاماكا چېكىۋاتقان چېغىدا كۆردۈم. دادامغا ئوخشاش ئېگىز، كېلىشكەن، ياداڭغۇ ئىدى. لېكىن دادامغا ئوخشاش ئېغىر-بېسىق، كۆلەڭگۈز ئەمەس، ئاچچىقى يامان ئىدى. توختىماي شاگىرتلىرىغا دەككە بېرىپ تۇراتتى. شاگىرتلىرى دەككە يېگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشۇمنى خالىمايدۇ، دەپ ئۇستا ئۇستىدىكى چاغلاردا ئۇلارغا يېقىنلاشمايتتىم.
ئېيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر كۈنى قۇدۇق تەرەپتىن خۇشال ۋارقىراش_جارقىراش ۋە قىقاس ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يېقىن بېرىپ قارىدىم: قۇدۇقتىن سۇ چىققان ئىكەن، خەۋەرنى ئاڭلىغان رىزەلىك يەر ئىگىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي تاپانچىسىدىن هاۋاغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈۋاتقانىكەن. يېقىملىق بىر گۈڭگۈرت هىدى كەلدى. يەر ئىگىسى ئۇستا ۋە شاگىرتلىرىغا ئۆزۈم تارقىتىۋاتاتتى. قۇدۇقنى بۇ يەرگە سالدىغان قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. شەھەرنىڭ سۈيى تېخى گەبزەنىڭ ئارقا تەرەپلىرىگىچە كەلمىگەن ئىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇستانىڭ شاگىرتلىرىغا ئازار بەرگىنىنى ئاڭلىمىدىم. بىر ئات هارۋىسى خالتىلاردا سېمونت ۋە ئازراق تۆمۈر ئېلىپ كەلدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇستا قۇدۇققا بېتون قۇيدى، ئاندىن تۆمۈردىن قاپقاق ياسىدى. ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى ياخشى بولغاچقا ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتىم.
يەنە بىر چۈشتىن كېيىنلىكى قۇدۇق بېشىدا ھېچكىم يوقتۇ، دەپ ئۇ يەرگە باردىم. زەيتۇن ۋە گىلاس دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ماهمۇت ئۇستا چىقىپ كەلدى. قولىدا قۇدۇققا بېكىتىدىغان توكلۇق موتورنىڭ بىر زاپچىسى بار ئىدى.
_ هە نوچى، مۇنداق قارىسام بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغاندەك قىلىسەن!_ دېدى.
جۇلېس ۋېرنىنىڭ يەرشارىنىڭ بۇ بىر ئۇچىدىن كىرىپ يەنە بىر ئۇچىدىن چىقىدىغان پېرسوناژلىرىنى ئويلىدىم.
_ كۈچۈك چەكمەجەنىڭ كەينىدە بىر قۇدۇق قازماقچىمەن، ماۋۇ شاگىرتلار

كەتمەكچى، سىېنى ئاپىرايمۇ؟

بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ياخشى بىر قۇدۇقچى شاگىرتىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققىنىڭ بىر كۆكتاتلىق كۈزەتچىسىنىڭكىدىن تۆت ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇن كۈندە تۆگەيدىكەن ئىشىمىز؛ ئۆيگە بىردەمدىلا قايتىپ كېلەتتىم.

ئۆيدە «ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن!» دېدى ئانام. «سەن قۇدۇقچى بولمايسەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا شۇنداق ياخشى ئوقۇيسەن.»

لېكىن تېزراق پۇل تېپىش كاللامغا كىرىۋالغانىدى. ئانامغا، ئەنىشتەمنىڭ كۆكتاتلىقىدا ئىككى ئايدا تاپىدىغان پۇلنى ئىككى ھەپتىدىلا تاپالايدىغانلىقىمنى، شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشقا، دەرسكە ۋە كۆڭلۈم خالىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىمنى جاھىللىق بىلەن چۈشەندۈردۈم. ھەتتا بىچارە ئانامغا تەھدىت سالدىم:

_ رۇخسەت قىلمىساڭ، قېچىپ كېتىمەن!-دېدىم.

_ بالىنىڭ ئىشلەپ پۇل تاپقۇسى بولسا سوۋۇتما كۆڭلىنى،_ دېدى ئەنىشتەم، _ مەن بىر سوراپ بىلىپ باقاي كىمكىن بۇ قۇدۇقچى ئۇستا.

مەن يوق بىر چاغدا ئادۋوكات ئەنىشتەمنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىكى ئىشخانىسىدا، ئۇ، ئانام ۋە مەھمۇت ئۇستا جەم بولۇشتى. مەن ئەمەس، يەنە بىر شاگىرتنىڭ قۇدۇققا چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىشتى. ئەنىشتەم ماڭا كۈنلۈك ئىش ھەققىمنىڭ مىقدارىنى دەپ بەردى. ئۆيدە دادامنىڭ كىچىك چامادانىغا كۆينەكلىرىمنى، تەنھەرىكەت ئۈچۈن بىر جۈپ رېزىنكە كەشنى سالدىم.

بىزنى قۇدۇق قازىدىغان يەرگە ئاپىرىدىغان يۈك ماشىنىسى ئۇ يامغۇرلۇق كۈنى كېلىپ بولالمىدى، تورۇسدىن يامغۇر ئېقىپ تۇرغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىمىزدە ئانام نەچچە قېتىم يىغلىدى؛ ۋاز كېچىشىمنى، مېنى بەك سېغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، پۇلسىزلىق تۈپەيلى خاتا ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتتى.

_ قۇدۇققا ھەرگىز چۈشمەيمەن!_ دېدىم قولۇمدا چامادان، بېشىم تىك، مەھكىمىگە كېتىۋاتقان دادامغا ئوخشاش قەتئىي، لېكىن چاقچاق قىلغان تەرزدە ئۆيدىن چىقىۋېتىپ.

يۈك ماشىنىسى كونا چوڭ جامەنىڭ ئارقىسىدىكى بوش مەيداندا ساقلاۋاتاتتى. قولىدا تاماكا، يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ماھمۇت ئۇستا، كىيىم-كېچەكلىرىمنى، قەدەملىرىمنى، قولۇمدىكى چامادانني بىر مۆئەللىمگە ئوخشاش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كۆزىتىپ چىقتى.

_ كىرە ئىچىگە، ئولتۇرە، ماشىنىمىز ئەمدى،_ دېدى. قۇدۇق قازدۇرماقچى بولغان

سودىگەر ھايرى بەيىنىڭ شوپۇرى بىلەن ئۇستامنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردۇم. يولدا بىر سائەت پەقەت گەپلەشمىدۇق.

بوغۇز كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە، سول تەرەپ تۆۋەنگە، ئىستانبۇلغا، مەكتىپىم كاباتاش تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى تەرەپكە دىققەت بىلەن قاراپ، بەشىكتاشتىكى تونۇش بىنالارنى كۆرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتىم.

_ ئەنسىرىمە، تېزلا تۆگەيدۇ ئىشىمىز،_ دېدى ماھمۇت ئۇستا،_ دەرسىڭگە ئۈلگۈرىسەن.

ئانام ۋە ئەنىشتەمنىڭ مېنىڭ غەملىرىمدىن سۆز ئاچقانلىقى ماڭا ياراپ كەتتى؛ ئۇنىڭغا ئىشەندىم. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ قاتناش قىستاڭچىلىقىدا قاپسىلىپ قالدۇق ۋە پېتىۋاتقان قۇياش كۆيدۈرگۈچى نۇرلىرىنى دەل ئۇدۇلىمىزدىن كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە ئۇرۇشقا باشلىغان چاغدىلا شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقالىدۇق.

شەھەرنىڭ سىرتى دېسەم بوۋۇنكى كۈندىكى ئوقۇرمەنلەر يېڭىلىشمىسۇن. ئۇ چاغلاردا ئىستانبۇلنىڭ نوپۇسى، بۇ ھېكايىنى سىلەرگە ئاڭلىتىۋاتقان بۈگۈندىكىدەك ئون بەش مىليون ئەمەس، بەش مىليون ئىدى. شەھەرنىڭ بىر ئاز سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۆيلەر شالاڭشىيتتى، كىچىكلەيتتى، يوقسۇللىشاتتى، فابرىكىلار، ماي قاچىلاش ئورۇنلىرى ۋە ئاندا-ساندا مېھمانخانىلار كۆزگە چېلىقاتتى.

بىر ھازا پۈتۈن يولىنى بويلاپ ماڭغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشكەندە چوڭ يولدىن ئايرىلدۇق. بۇيۇك چەشمەجە كۆلىدىن ئۆتكەندۇق. بىر ئىككى قېتىم سەرۋى دەرەخلىرىنى كۆردۈم؛ مازارلىقلار؛ بىتون تاملار، قۇپقۇرۇق مەيدانلار...كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، شۇنچە دىققەت قىلسىپ قارىسامۇ نەدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. بەزىدە كەچلىك تاماققا ئولتۇرغان بىر ئائىلىنىڭ كاۋا چېچەكى رەڭلىك چىراغ نۇرىنى، بەزىدە بىر فابرىكىنىڭ نېئون لامپىلىرىنى كۆرۈپ قالاتتۇق. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقتۇق. بىر چاغدا يىراقلاردا چاقماق چاقتى، ئاسمان يورۇدى، لېكىن بىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەرلەر، ھېچكىم كۆرۈنمەيدىغان يەرلەر ھېچ يورۇمىدى. بەزىدە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر نۇردا چەكسىز شور تۇپراقلار، ئادىمىزاتسىز، دەل-دەرەخسىز يەرلەرنى كۆرەتتىم، كېيىن قاراڭغۇدا ئۇلارنى يوقىتىپ قوياتتىم.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، ئۇ ئادىمىزاتسىزلىقنىڭ بىر يېرىدە توختىدۇق. ئەتراپتا نە بىر يورۇقلۇق، نە بىر چىراغ، نە بىر ئۆي بولمىغانلىقى ئۈچۈن كونا يۇك ماشىنىسىدىن چاتاق چىققان چېغى دەپ قاپتىمەن.

_ ياردەم قىل، بۇلارنى چۈشۈرەيلى،_ دېدى ماھمۇت ئۇستا.

ياغاچلارنى، چىغرىقنىڭ پارچىلىرىنى، كورا، تانا بىلەن تېڭىلغان ئىككى كۆرپىنى، قېلىن يالتىراق خالتىلارنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى، قېزىش سايمانلىرىنى چۈشۈردۇق. شوپۇر «خەيرلىك بولسۇن، سىلەرگە ئاسانلىق بەرسۇن» دەپ يۈك ماشىنىسى بىلەن ئۇزاپ كېتىۋىدى، موربدەك قاراڭغۇلۇقتا ئىكەنلىكىمىزنى بايقاپ جىددىيلەشتىم. ئالدى تەرەپتە بىر يەرلەردە چاقماق چېقىۋاتاتتى لېكىن كەينىمىزدە ھاۋا ئوچۇق ئىدى ۋە يۇلتۇزلار جىنىسنىڭ بارىچە چاقناۋاتاتتى. تېخىمۇ يىراقلاردا ئىستانبۇلنىڭ بۇلۇتلارغا چۈشكەن يورۇقلىرىنى سىرىق بىر تۇماندەك كۆرەلەۋاتاتتىم.

يەر يامغۇردا نەملىشىپ كەتكەن بولۇپ ھەممە يەر ھۆل ئىدى. تۇپتۇز كەتكەن ئوچۇقچىلىقتا ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆزىمىزگە قۇرۇق بىر يەر تاپتۇق. نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى ئۇ يەرگە توشۇدۇق.

ئۇستام بىز يۈك ماشىنىسىدىن چۈشۈرگەن لىم ياغاچلارنى ئىشلىتىپ چېدىر قۇرۇشقا كىرىشتى. لېكىن بۇنى نېمىشقىكىن قاملاشتۇرالمىدى. تارتىلىدىغان تانىلار، قېقىلىدىغان كىچىك قوزۇقلار كېچىنىڭ ئىچىدە غايىب بولغان، قاراڭغۇلۇقتا ھەممە نەرسە روھىمىنىڭ ئىچىدە بىر كورتۇگۈن (يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن.ت) بولغانىدى. ماھمۇت ئۇستا «ئۇ يەردىن تۇت، بۇ يەردىن ئەمەس» دېگىنىچە ۋارقىراۋاتاتتى.

بىر ھۇقۇشنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىدۇق. چېدىر قۇرۇش شەرتمىدى، يامغۇر توختىدىغۇ، دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇستامنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلدىم. زەي پۇرايدىغان ئېغىر چېدىر رەختى، ئۇستىمىزگە كېچىدەك يېپىلىۋاتاتتى، جايىدا تۇرمايۋاتاتتى.

يېرىم كېچىدىن خېلى ئۆتكەندە چېدىر قۇرۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ كۆرپىلىرىمىزنى سېلىپ ياتتۇق. ياز يامغۇرىنىڭ بۇلۇتلىرى كېتىپ قېلىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇزلۇق بىر كېچە باشلانغان ئىدى. يېقىن ئەتراپتا بىر يەردىن تومۇزغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇم. ئورنۇمدا يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

# ئۈچىنچى باب

ئويغانغىنىمدا چىدىردا يالغۇز ئىدىم. بىر ھەرە غوڭۇلداۋاتاتتى. تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. قۇياش ھېلىتىن شۇنچىلىك تىكلەشكەن ئىدىكى، كۆزلىرىم كۈن نۇرىنىڭ كۈچىدە ئاغرىپ كەتتى.

بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە تۈپتۈز كەتكەن بىر يەردە ئىدىم. بۇ يەر سول تەرىپىمدە شەرقىي جەنۇبقا، ئىستانبۇلغا قاراپ بارغانسېرى تۆۋەنلىگىنىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. تېخىمۇ تۆۋەندە يىراقتىن ئوچۇق يېشىل ۋە سارغۇچ كۆرۈنىدىغان بىر ئىككى ئېتىز قوناقلىق، بۇغدايلىقلار، بوش ئېتىزلىقلار ۋە قىيالىقلار، شورلۇقلار بار ئىدى. تۈزلەڭلىكتە كىچىك بىر بازارنىڭ ئۆيلىرى ۋە جامەسى كۆرۈنەتتى، لېكىن ئارىلىقتىكى بىر تۆپىلىك كۆرۈش دائىرەمنى تارايتقانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر جاي ئىكەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايۋاتاتتى.

ماھمۇت ئۇستا نەدىدۇ؟ شامال ئېلىپ كەلگەن بۇرغا(كاناي) ئاۋازىدىن، بازارنىڭ كەينى تەرىپىدىكى قويۇق كۆل رەڭلىك بىنالارنىڭ ھەربىي گازارما ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بەك ئۇزاقلاردا سۈسۈن رەڭلىك تاغلار بار ئىدى. بىر چاغدا پۈتۈن دۇنيا گويا ئەسلىملەردىن چىققان بىر تېرەن جىمجىتلىققا چۆككەندەك بولدى. ئىستانبۇلدىن، ھەممەيلەندىن يىراقتىكى بۇ يەردە بولۇشتىن، ئۆز ھاياتىمنى ئۆزۈم قامداۋاتقانلىقىمدىن مەمنۇن ئىدىم.

بازار بىلەن گازارمىنىڭ ئارىسىدىكى تۈزلۈكتىن پويىزنىڭ گۈدۈكى ئاڭلاندى. ئۇ تەرەپكە زەن سېلىپ قاراپ، ياۋروپا تەرەپكە كېتىۋاتقان ۋاگونلارنى كۆردۈم. پويىز بىزنىڭ بوش تۈزلۈككە بىر ئاز يېقىنلاشتى، ئاندىن ئەپچىلگىنە قايرىلىپ ئىستانسىدا توختىدى.

بىرئازدىن كېيىن بازار تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەھمۇت ئۇستانى كۆردۈم. باشتا يولنى بويلاپ كېلىۋاتاتتى، كېيىن يولنىڭ ئەگىملىرى بار يەرلەردە يولنى قىسقارتاي دەپ تاشلاندۇق يەرلەردىن ۋە ئېتىزلاردىن ئۆتتى.

_ سۇ ئالدىم،_ دېدى،_ ماڭا بىر چاي دەملىگىنە قېنى كۆرەي.

مەن كىچىك گاز ئوچاقتا چاي دەملەۋاتسام، تۇنۇگۈنكى يۇك ماشىنىسى بىلەن يەر ئىگىسى ھايرى بەي كەلدى. كەينىدىكى كوزۇپتىن مەندىن بىرئاز چوڭ بىر ئاداش چۈشتى. ئەلى ئىسىملىك بۇ ياشنىڭ يەر ئىگىسىنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان بىرى

ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە كېلىشتىن ۋاز كەچكەن گەبزەلىك شاگىرتنىڭ ئورنىغا قۇدۇقتا چۆشىدىغانلىقىنى پاراشلىرىدىن بىلدىم.

ماھمۇت ئۇستا بىلەن خوجايىن ھايرى بەي ئۇيياقتىن بۇياققا ئۇزۇندىن ئۇزۇن مېڭىشتى. بەزى يەرلىرى تاقىر، بەزى يەرلىرى تاشلىق، يەنە بەزى يەرلىرىنى ئوت باسقان بۇ بىر پارچە يەر ئۇن مودىن جىقراق كېلەتتى. ئۇلار كېتىۋاتقان تەرەپتىن لەرزان شامال كېلىپ تۇراتتى ۋە ئەڭ يىراق چېتىگە بارغان چاغلىرىدىمۇ خوجايىن بىلەن قۇدۇقچىنىڭ تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھايرى بەي بۇ شورلۇقتا بىر رەخت يۇيۇش ۋە بوياش فابرىكىسى قۇرماقچى ئىكەن. چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىدىغان تەييار كىيىم سودىگەرلىرى بەك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بۇ ئىش ئۈچۈن يېتەرلىك سۇغا ئېھتىياجلىق ئىدى.

ھايرى بەي توكى، سۇيى يوق بۇ يەرنى بەك ئەرزانلا سېتىۋالغانىدى. بۇ يەردىن سۇ تاپالىساق، بىزگە جىق پۇل بەرمەكچى ئىدى. سۇ چىقسىلا سىياسىيون تونۇشلىرى بۇ يەرگە توك تارتقۇزۇپ بەرمەكچى ئىكەن. ئاندىن ھايرى بەي بىر قېتىم پىلانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە كۆرسىتىپ قويغان رەخت بوياش سېخلىرى، يۇيۇش ئۆيلىرى، ئىسكىلاتلار، چىرايلىق ئىشخانا بىناسى ۋە ھەتتا ئاشخانىسىمۇ بولغان مۇكەممەل بىر فابرىكا قۇرۇلاتتى بۇ يەرگە. ماھمۇت ئۇستامنىڭ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ھايرى بەينىڭ ئويلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئەسلىدە ھەر ئىككىمىز يەر ئېگىسىنىڭ سۇ چىقسا بىزگە بېرىدىغان سوۋغاتلىرى ۋە مۇكاپاتلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلەتتۇق.

_ ئاللاھ ئىشىڭلارنى ئوڭ قىلسۇن، بىلىكىڭلارغا قۇۋۋەت، كۆزۈڭلارغا دىققەت بەرسۇن،_ دېدى ھايرى بەي سەپەرگە ئاتلانغان ئوسمانلى قوشۇنىنى ئۇزۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك. يۈك ماشىنىسى كۆزدىن يۈتەي دېگەندە دېرىزىدىن قولىنى چىقىرىپ بىزگە پۇلاڭلاتتى.

كېچىدە ئۇستامنىڭ خورىكىدە ئۇخلىيالماي بېشىمنى چېدىردىن چىقاردىم. بازارنىڭ چىراغلىرى كۆرۈنمەيتتى؛ ئاسمان كۆكۈش ئىدى لېكىن يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى ئالەمنى كاۋا چېچىكى رەڭگىگە كىرگۈزگەندەك قىلاتتى. بىزمۇ گويا بۇ ئالەمدە يوغان بىر پورتاكالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇدا ئۇخلاشقا تىرىشىۋاتاتتۇق. ئاسمانغا چىقىپ يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرىنى قۇچۇشنىڭ ئورنىغا، ھازىر بىز ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان تۇپراقنىڭ ئىچىگە كىرىشنى ئويلىشىمىز توغرىمىدى؟

# تۆتىنچى باب

ئۇ چاغلاردا بۇرغىلاش ماشىنىلىرى تېخى ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇستا قۇدۇقچىلار بىر يەردە سۇنىڭ نەدىن چىقىدىغانلىقىنى، قەيەرگە قۇدۇق كولىسا بولىدىغانلىقىنى مىڭ يىللاردىن بۇيان سەزگۈلىرىگە تايىنىپ تېپىپ كېلىۋاتاتتى. ماھمۇت ئۇستا ئېغىزى بېسىقمايدىغان كونا ئۇستىلارنىڭ دەبدەبىلىك بالاغىتىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. لېكىن قولىغا ئارا ئېلىپ قۇدۇق كولىنىدىغان يەردە ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىپ، دۇرۇت ئوقۇپ سۇفكۇچلەيدىغان رىياكار كونا ئۇستىلارنىڭ قىلىقلىرىنى پىسەنتىگە ئالمايتتى. ئۆزىنىڭ مىڭ يىللىق بىر كەسپنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. شۇڭا كەسپىدە رىياكار ئەمەس، كەمتەر ئىدى. «تۇپراقنىڭ قويۇق، نەم، قارا بولغىنىغا قارايسەن» دەپ پاراڭلاشتى مەن بىلەن. «يەرنىڭ ئويي-چوڭقۇرىغا، تاشلىق، قىيالىق، ئويمان-دۆڭگە، سايە چۈشكەن-چۈشمىگەنلىكىگە قاراپ، يەرنىڭ ئاستىدىكى سۇنى ھېس قىلىسەن» دېدى يەنە بىر قېتىم مېنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئىستىكى بىلەن. «دەرەخ، يېشىللىكلەر بار يەردە تۇپراق قويۇق ۋە نەم بولىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ دىققەت قىلىسەن؛ لېكىن ھەرقانداق نەرسىگە ئالدىراپلا ئالدىنىپ قالساڭ بولمايدۇ.»

چۈنكى تۇپراق، يەتتە قات ئاسمانغا ئوخشاش قەۋەت -قەۋەت ئىدى.(بەزى كېچىلىرى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئاستىمىزدىكى قاراڭغۇ دۇنيانى ھېس قىلاتتىم) چاتاق يېرى، قويۇق، قارا تۇپراقنىڭ ئىككى مېتىر ئاستىدىن گىل ئارىلاش، سۇ ئۆتكۈزمەس، قۇيۇقۇرۇق، بەربات بىر تۇپراق ياكى قۇم چىقىپ قالاتتى. سۇ چىقىدىغان يەرنى تالالاۋاتقان كونا قۇدۇقچى ئۇستىلار تۇپراقنىڭ، ئوت-چۆپلەرنىڭ، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ ھەتتا قۇشلارنىڭمۇ تىلىنى بىلىشى، ئۇستىدە يۇرگەندە يەرنىڭ ئاستىدىكى قىيا ياكى گىل قاتلاملىرىنى سېزىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ھۈنەرلەر بەزى كونا قۇدۇقچىلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئورتا ئاسىيالىق شامانلارغا ئوخشاش تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ ۋە سېزىم بار دەپ قارىشىغا، يەر ئاستى تەڭرىلىرى ۋە جىنلىرى بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىدى. بالىلىقىمدا دادام كۇلۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ قۇرۇق گەپلەرگە، كۆپ چىقىم تارتمايلا سۇ چىقىرىشنى خالايدىغان خەلق ئىشىنەتتى. بەشكتاشتا، كەيە ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىدا قۇدۇق

قىزىلىدىغان يەرنىڭ ھېلىھەم مۇشۇ خىل ئېتىقاد بىلەن تاللىنىلىدىغانلىقى ئېسىمدە. توخۇلار كېزىپ يۈرگەن، يوگىمەچ باسقان بىر ئارقا ھويلىدا قۇدۇقنى نەگە كولىسا بولىدىغانلىقنى بىلىش ئۈچۈن يەرنى تىڭشاۋاتقان قۇدۇقچىغا، ئۆيدىكى ھاممىلارنىڭ ۋە تاغىلارنىڭ كېسەل بىر بوۋاقنىڭ مەيدىسىنى تىڭشاۋاتقان بىر دوختۇرغا قارىغاندەك ھۆرمەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم.

_ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى ھەپتىدە ئىشىمىز تۈگەيدۇ ۋە مەن ئون، ئون ئىككى مېتىر كولاپلا بۇ يەردىن سۇ چىقىرىمەن،_ دېدى ماھمۇت ئۇستا تۈنجى كۈنىلا.

مەن بىلەن ھەممە گەپنى ئوچۇقلا دېيىشەتتى، چۈنكى ئەلى يەر ئىگىسىنىڭ ئادىمى ئىدى. بۇ مېنى خۇشال قىلاتتى، ئۇستام بىلەن بۇ يەردىكى ئىشىنىڭ ئىگىسىدەك ھېس قىلاتتىم ئۆزۈمنى.

ماھمۇت ئۇستا قۇدۇق كولايدىغان يەرنى ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بېكىتتى. يەر ئىگىسىنىڭ فابرىكا پىلانىغا كۆرە قۇدۇق كولىنىدىغان يەر ئەمەستى بۇ. ئۇ تەلەپ قىلغان يەر بۇ يەرنىڭ دەل قارشى تەرىپىدە، تۈزلۈكنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا ئىدى.

دادام سىياسىي سىرلىرىنى يوشۇرۇپ كۆنۈپ قالغاچقا، قىلغان مۇھىم ئىشلىرىغا مېنى ئارىلاشتۇرمايتتى ۋە مەندىن پىكىر ئالمايتتى. ماھمۇت ئۇستام بولسا قۇدۇقنى قەيەرگە كولاشنى بېكىتىدىغان چاغدا ئاۋۋال ئويلىغانلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. بۇ يەرنىڭ قۇدۇق كولاش تەس بىر يەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتى، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم. كېيىن بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى ۋە مەندىن سوراپمۇ قويماستىن، ماڭا دەپمۇ قويماستىن قارار چىقاردى. ماڭا بولغان تەسىر كۈچىنى دەسلەپ مۇشۇنداق ھېس قىلدىم. دادامدىن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان بۇ شەپقەت ۋە يېقىنلىقتىن ھەم خۇش بولدۇم، ھەم بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى.

ماھمۇت ئۇستا يەرگە بىر قوزۇق قاققاندى. بۇ يەردە شۇنچە ئايلانغاندىن، ئويلانغاندىن كېيىن نېمىشقا بۇ يەرنى تاللىغان بولغىيتتى؟ بۇ يەرنىڭ باشقا يەردىن نېمە پەرقى بار ئىدى؟ بۇ قوزۇقنى توختىماي قاقساق، بىر يەرگە كەلگەندە چوقۇم سۇ چىقارمىيدى؟ بۇ سوئاللارنى ماھمۇت ئۇستامدىن سورىغۇم كېلەتتى، لېكىن سورىيالمايدىغانلىقىمنىمۇ ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مەن بىر بالا ئىدىم؛ ئۇ مېنىڭ ئادىشىم، ھەتتا داداممۇ ئەمەس، بەلكى ئۇستام ئىدى. ئۇنى دادامدەك كۆرۈۋالغان مەن ئىدىم.

قوزۇققا بىر يىپ چىگدى؛ يىپنىڭ ئۇچىغا ئۇچلۇق بىر مىق باغلىدى. يىپنىڭ بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يەردە تاش تام قوپارغىلى بولمايتتى؛ قۇدۇقنىڭ تېمىنى

بېتوندىن قۇيماقچى ئىدى. بېتون تامنىڭ قېلىنلىقى يىگىرمە، يىگىرمە بەش سانتا بولاتتى. يېپىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ، دىيامېتىرى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر چەمبەر سىزىشقا باشلىدى. ئەسلىدە چەمبەر سىزمايۋاتاتتى، مىق بىلەن يەرنىڭ ئۈستىگە بەلگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى. ئاندىن ئەلى بىلەن مەن ئۇلارنى دىققەت بىلەن تۇتاشتۇرۇپ چەمبەرنى مەيدانغا چىقىرىۋاتاتتۇق.

_ قۇدۇقنىڭ چەمبىرى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك، _ دېدى ماھمۇت ئۇستا،_ چەمبەرنىڭ بىرەر قۇسۇرى، ئەگرىسى، مايمىقى بولۇپ قالسا، تام تۇرمايدۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ۋەھىمىسىنى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئاڭلىدىم ۋە قازغۇچ، گۈرجەك بىلەن چەمبەرنىڭ ئىچىنى كولاشقا باشلىدۇق. تۇپىنى ئۇستام كولاۋاتاتتى، مەن بىردەم قازغۇچ ئۇراتتىم بىردەم چىققان تۇپىنى گۈرجەك بىلەن ئەلىنىڭ قول ھارۋىسىغا ئۇسۇۋاتاتتىم ۋە ئىككىمىز ئۇستامنىڭ سۆرۈنتىگە ئاران-ئاران يېتىشىۋاتاتتۇق. «ھارۋىنى بەك تولدۇرىۋەتمە، تېز تۆكۈپ تېز كېلەي، تېخىمۇ بەلەن بولىدۇ» دەيتتى ئەلى بەزىدە ھاسىراپ-ھۆمىدەپ تۇرۇپ. بىز ئىككى شاگىرت بىردەممۇ ھېرىپ، ئاستىلاپ قېلىشىمىزغىلا، ماھمۇت ئۇستامنىڭ توختىماي كۆتۈرۈلۈپ-چۈشۈۋاتقان قازغۇچى قومۇرغان تۇپراق پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ كېتىشكە باشلىدى. دۆۋە راۋرۇس ئىگىزلىگەندە، ئۇستام قازغۇچنى تاشلاپ يىراقتىكى زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدا يېتىپ تاماكا چەككەچ بىزنى ساقلايتتى. تۇنجى كۈننىڭ تۇنجى سائەتلىرىدىلا، بىز ئىككى شاگىرت ۋەزىپىمىزنىڭ ئۇستامنىڭ سۆرۈنتىگە يېتىشىش، ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىغا دىققەت قىلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرۈش، بۇيرۇقنى دەرھال بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدۇق.

پۈتۈن كۈن ئاپتاپتا قازغۇچ، گۈرجەك بىلەن ئىشلەش كالللامدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. كۈن پاتقاندىن كېيىن، مەرجىمەك شورپىسىدىن بىر قاچىمۇ ئىچمەستىنلا ئۆزۈمگە تۆشەككە ئاتتىم. قازغۇچ تۇتۇپ قوللىرىم قاپارغان، ئاپتاپتا گەجگەم كۆيگەن ئىدى.

_ كۆنۈپ قالىسەن بايۋەچچە، كۆنۈپ قالىسەن،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام كۆزلىرىنى ئۆزى ھەپىلىشىپ قويماقچى بولۇۋاتقان كىچىك تېلېۋىزوردىن ئۈزمەي.

قارا ئىش قىلمىغۇدەك نازۇك بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى تېرىكتۈرەتتى، لېكىن مەن «بايۋەچچە» دېگەن گېپىدىن خۇشال بولغان ئىدىم. ھەم ئۇستام بۇ گېپى بىلەن مېنىڭ شەھەرلىك، تەربىيە كۆرگەن بىر ئائىلىدىن ئىكەنلىكىمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن _ دېمەك مېنى بەك ئېغىر ئىشقا سالمايتتى، مېنى دادامدەك ئاسرايتتى _ ھەم ئۇستامنىڭ

ماڭا كۆيۈنگەنلىكىنى، ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن.

## بەشىنچى باب

بىز قۇدۇق كولاۋاتقان يەردىن ئون بەش مىنۇتلۇق مۇساپىدىكى جاي، كىرىش ئېغىزىدىكى كۆك لەۋھە تاختىغا يوغان ئاق ھەرپلەر بىلەن يېزىلغىنىدەك، 6200 نوپۇسلۇق ئۆڭگۈرەن بازىرى ئىدى. دەسلەپكى ئىككى كۈن توختىماي قۇدۇق كولاپ ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇققا بارغاندا، ماتېرىيالغا ھاجىتىمىز چۈشكەچكە ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆڭگۈرەنگە چۈشتۇق.

ئەلى ئاۋۋال بىزنى بازاردىكى ياغاچچىغا ئېلىپ باردى. ئىككى مېتىردىن ئاشقاندىن كېيىن توپىنى گۆرجەك بىلەن تاشلاپ بولغىلى بولمايدىغان بولغاچقا، بارلىق قۇدۇقلاردا بولغانغا ئوخشاش بىر چىغرىق قۇرمىساق بولمايتتى. لېكىن يەر ئىگىسىنىڭ يۈك ماشىنىسى بىلەن ماھمۇت ئۇستام ئېلىپ كەلگەن ياغاچلار يەتمەيتتى. ياغاچچى كىم ئىكەنلىكىمىزنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى سورىۋىدى، ماھمۇت ئۇستا قۇدۇقچى ئىكەنلىكىمىزنى دېدى. ئورنىمىزنى بىلىۋالغان ياغاچچى « ھە، يۇقىرىدىكى تۈزلۈكتە» دېدى.

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە «يۇقىرىدىكى تۈزلۈك»تىن بازارغا چۈشۈشلىرىمىزدە ماھمۇت ئۇستا ياغاچچىغا، خۇددى تاماكا ئالىدىغان دۇكانلارغا، كۆزەينەكلىك موخۇركىچىغا ۋە كېچىنىڭ بىر ۋاقىتلىرىغىچە ئوچۇق تۇرىدىغان تاقىچىغا ئوخشاش، پات-پات يولۇقۇپ ئۆتىدىغان بولدى. قۇدۇق كولىغان كۈنلەردە ئاخشاملىرى ئۇستام بىلەن بىللە ئۆڭگۈرەنگە چۈشۈشنى، ئۇنىڭ بىلەن كوچىلاردا ئايلىنىشنى، سەرۋى ۋە قارىغايلىق كىچىك باغچىنىڭ بىر ئورۇندۇقىدا، بىرەر قەھۋەخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا تىزىلغان ئۈستەللىرىدە، بىرەر دۇكانىنىڭ ئالدىدا ياكى پويىز ئىستانسىسىنىڭ سالقىن بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇشنى تولىمۇ ياقتۇراتتىم.

ئۆڭگۈرەننىڭ بىتەلەيلىكى ئۇنىڭ ئەسكەر نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانلارنىڭ بالقانلار، رۇسلارنىڭ بۇلغارىستان ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشىغا قارشى ئىستانبۇلنى قوغداش ئۈچۈن چوڭ بىر پىيادىلەر بىرىگادىسى بۇ يەرگە يەرلەشتۈرۈلگەن ئىدى ۋە گويا ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنىدى. قىرىق يىلدىن كېيىن غايەت زور ئەسكەر نوپۇسى بۇ بازارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ۋە دەردى بولۇپ قالغانىدى.

بازارنىڭ مەركىزىدىكى دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەپتە ئاخىرىدا «بازارلىق رۇخسەت» بىلەن چىققان ئەسكەرلەرگە ئاتكرىتكا، پايپاق، تېلېفون كارتىلىرى، پىۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتاتتى. يەنە شۇلار ئۈچۈن يانمۇ-يان ئېچىلىپ كەتكەن كاۋاپچىلار ۋە ئاشخانىلار جايلاشقان ۋە خەلق ئارىسىدا «ئاشخانا كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يەردە ژاندارمىلار دىجورنىلىق قىلاتتى. كۈندۈزلىرى ۋە بولۇپمۇ ھەپتە ئاخىرىدا ئەسكەرلەر بىلەن تىقما-تىقماڭ بولۇپ كېتىدىغان بۇ يەرلەر، كىچىك تورتخانىلار، قەھۋەخانىلار ئاخشاملىرى قۇرۇۋېلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز كېچىلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئۆزگىرەننى كۆرەتتۇق. ئاخشاملىرى ژاندارما، گارنىزوندىن كەلگەن تەرتىپسىز ئەسكەرلەرنى، ۋارقىراپ-جارقىرىغانلارنى، ھەتتا ھەددىدىن زىيادە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرگەن ھەرقانداق كىشىنى ۋە كۆڭلى ئېچىش ئورۇنلىرىنى جىمىقتۇراتتى، ئەسكەرلەر ئارىسىدا جېدەل چىقسا شۇئان بېسىقتۇراتتى.

ئوتتۇز يىل بۇرۇن گارنىزوننىڭ نوپۇسى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىلىرى ۋە يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن ئېچىلغان بىر قانچە مېھمانخانا، كېيىنچە ئىستانبۇلغا بېرىپ كېلىش تېخىمۇ قولايلاشقاندا بىكارلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېرىم-ياتا خۇپىيانە پاھىشىخانىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئۇ تۇنجى كۈنى بىزگە بازارنى تونۇشتۇرغان ئەلى دەپ بەرگەن ئىدى. بۇ مېھمانخانىلار پويىز ئىستانسىسىدىكى مەيداندا ئىدى. كىچىك بىر ئاتاتۈرك ھەيكىلى، ماروژنىسى ياخشى سېتىلىدىغان «يۈلتۇز» تورتخانىسى، PTT سى ۋە رۇمەلى قەھۋەخانىسى بولغان ۋە كاۋا چېچەكلىرى رەڭگىدە يورۇپ تۇرىدىغان بۇ مەيداننى تۇنجى كۆنلا ياقتۇرغان ئىدۇق.

ئەلىنىڭ دادىسى پويىز ئىستانسىسىغا تۇتىشىدىغان كوچىلارنىڭ بىرىدە ھايرى بەينىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى تۇرىدىغان بىر ئىسكىلاتتا كېچە كۆزەتچىسى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئاخشامغا يېقىن ئەلى بىزنى بىر تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى.

ماھمۇت ئۇستا يەر ئىگىسى ھايرى بەيدىن ئالغان پۇلغا يېڭى ياغاچ كەستۈردى، چىغرىقنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن چاتما مىق تاللىدى. ئۈچ خالتا سېمونت، ئەندۈۋا، مىق، تانا ئالدى. لېكىن بۇ تانا قۇدۇققا ساڭگىلىتىدىغان تانا ئەمەس ئىدى. قۇدۇققا ساڭگىلىتىدىغان تانا گەبزەدىن ئېلىپ كەلگەن چىغرىقنىڭ غالتىكىگە يۆگەگلىك ئىدى.

بارلىق ماتېرىياللارنى بىر تۆمۈرچى خەۋەر يوللاپ ئەكەلدۈرگەن ئات ھارۋىسىغا قويىدۇق. ئات ھارۋىسىنىڭ تۆمۈر چاقى تاش ياتقۇزۇلغان كوچىلاردا قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز چىقىرىۋاتقاندا، بۇ يەردىكى كۆنلىرىمنىڭ ئۆزۈنغا قالماي ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، يېقىندا

ئاۋۋال گەبزەگە ئانامنىڭ يېنىغا، ئاندىن ئىستانبۇلغا قايتىدىغانلىقىمنى خىيال قىلدىم. كېتىۋېتىپ بەزىدە يانمۇ-يان كېلىپ قالغان ئاتنىڭ نە قەدەر ھارغىن، قارا كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ نە قەدەر قېرى ئىكەنلىكىنى ئويلىغانلىقىممۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

پويىز ئىستانسىسىدىكى مەيداندا ئىدۇق. بىر ئىشىك ئېچىلدى. ئوتتۇرا ياشلىق، پادىچىلار شىمى كىيىۋالغان بىر ئايال كوچىغا چىقتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئازار بېرىدىغان بىر تەلەپپۇزدا «قېنى سىلەر؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئات بىلەن ئىككىمىز ھازىر ئالدىغا كەلگەن ئىشكتە ئاۋۋال مەندىن بەش،ئالتە ياش چوڭراق بىر ياش ئەر، ئاندىن ئۇنىڭ ئاچىسى بولۇشى مۇمكىن بولغان ئېگىز بويلۇق ۋە قىزىل چاچلىق بىر ئايال پەيدا بولدى. بۇ ئايالدا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، جەلپكار بىر خۇلق بار ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق، پادىچىلار شىمى كىيىۋالغان ئايال بەلكىم قىزىل چاچلىق ئاچا بىلەن قېرىنداشنىڭ ئانىسى ئىدى.

«مەن ھازىرلا تاپىمەن» دەپ توۋلىدى قىزىل چاچلىق گۈزەل ئايال ئانىسىغا ۋە يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

لېكىن ئۆيگە كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن قىزىل چاچلىق ئايال ماڭا ۋە قېرى ئاتقا بىر پەس قارىۋەتتى. مەندە ياكى ئاتتا غەلىتە بىر نەرسىنى بايقىغاندەك ئايالنىڭ چىرايلىق، يۇپيۇمىلاق لەۋلىرىدە ھەسرەتلىك بىر كۆلۈمسىرەشنى كۆردۈم. ئېگىز ئىدى. كۈلگەن چېغىدا چىرايىدا سۆيۈملۈك ۋە شەپقەتلىك بىر ئىپادە ئەكس ئەتكەن ئىدى.

«ھە، تېز بولە!...» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى ئانىسى شۇ چاغدا، بىز تۆتىمىز، يەنى ماھمۇت ئۇستا، ئىككى شاگىرت ۋە ئات يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا. ئانىنىڭ چىرايىدا قىزىل چاچلىق ئايالدىن نارازىدەك بىر خىل ئىپادە بار ئىدى، بىزگە پەرۋامۇ قىلماي قويمىدى.

يۇك بېسىلغان ئات ھارۋىسى ئۆڭكۈرەنىڭ سىرتىغا چىققاندا تاش ياتقۇزۇلغان يول ئاخىرلاشتى ۋە چاقنىڭ تاراقشىشلىرى توختىدى. دۆڭگە چىقىپ بىزنىڭ كەڭ كەتكەن تۈزلۈككە كەلگەن چېغىمىزدا پۈتۈنلەي باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم ئۆزۈمنى.

بۇلۇتلار تارقىلىپ، كۆك چىقىپ، بىزنىڭ گىياھسىز، چالا شورلۇق تۇپراقلىرىمىزمۇ رەڭ تۈزەپ قالغانىدى. ئارىسىدىن ئەگرى-بوگرى يول ئۆتىدىغان قوناقلىقتىن باشنى ئاغرىتىدىغان قارا قاغىلار سەكرەپ-سەكرەپ يوللارغا چىقىۋاتاتتى، بىزنى كۆرۈپلا قاناتلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشەتتى. قارا دېڭىز تەرەپتىكى سۆسۈن ئېگىزلىكلەرنىڭ غەلىتە بىر كۆكۈش رەڭگە پۈركەنگەنلىكىنى، كەينى تەرەپ تۈزلەڭلىكتىكى بوز ۋە سارغۇچ ئېتىزلىقلاردىكى شالاڭ دەرەخزارلىقنىڭ يېشىللىقىنى پەرق ئەتتىم. بىز قۇدۇق كولاۋاتقان

تۈزلۈك، پۈتۈن ئـالەم، يىراقلاردىكـى سـۇس رەڭلـىك ئـۆيلەر، تەۋرىنىـپ تۇرغـان تېـرەكلەر، تولغىشىپ ياتقان پىيىز يولى، ھەممە نەرسـە گـۈزەل ئىـدى ۋە بـۇ گـۈزەل تۇيغۇغـا ئۆيىنىـڭ ئالدىدا سەل ئاۋۋال كۆرگەن قىزىل چاچلىق ئايال تۈپەيلى چۆمگەنلىكىمنى روھىمنىـڭ بىـر يەرلىرىدە ھېس قىلىۋاتاتتىم.

ئەسلىدە چىراينى تولـۇق كـۆرمىگەن ئىـدىم. ئانىسـى بىـلەن نېمىـدەپ جېدەللىشىـپ قالغان بولغىيتتى؟ خۇلقى ماڭا تەسىر قىلغان ئىدى. قىزىـل چـاچلىرى ئاپتاپتـا غەلىـتە بىـر خىل پارقىرىغانىدى. بىر دەم ماڭا خۇددى كونـا تونۇشـىدەك، بـۇ يەردە نـېمە ئىشـىڭ بـار، دەپ سـوراۋاتقاندەك قارىغـان ئىـدى، دەل شـۇ چاغـدا كـۆزلىرىمىز ئۇچراشـقان ئىـدى. ھەر ئىككىمىز خۇددى بىر ئەسلىمىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ھەتتا ئۇنى سوراقلا تارتىۋاتقاندەك قاراپ كەتكەن ئىدۇق بىر-بىرىمىزگە.

ئۇخلاپ قـالاي دەۋاتقـان چېغىمـدا كـۆزۈمگە يۇلتـۇز كۆرۈنـۈپ كېتىۋاتـاتتى ۋە قىزىـل چاچلىق ئايالنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتىم.

# ئالتىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە، يەنى ئىش باشلاپ تۆتىنچى كۈنى، بىز ئېلىپ كەلگەن چىغرىقنى يېڭى ئالغان ياغاچ ۋە ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ ئورنىغا جايلاشتۇرىۋالدۇق. چىغرىقنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بىردىن، بىر ئۇچى تۇم، يەنە بىر ئۇچى ئىنچىكە تۇتقۇچى، تانا يۆگىلىدىغان غالتىكى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قايچىسىمان پۇتى، قۇدۇقتىن تارتىپ چىققان چېلەكنى ئاسانلا قويغىلى بولىدىغان تاختا تەگلىكىمۇ بار ئىدى. چىغرىقنى قانداق قۇراشتۇرۇشنى ئاسانراق بىلىۋالايلى دەپ، ماھمۇت ئۇستا بىر قەغەزنىڭ ئۇستىگە قېرىنداش بىلەن بىر چىغرىقنى تەپسىلىي، مىنى ھەيران قالدۇرغان بىر ماھارەت بىلەن سىزىپ چىققان ئىدى.

مەن ۋە ئەلى چىغرىقنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ، ئۇستىمىز پەستە توپا بىلەن تولدۇرغان چېلەكنى ئۇستىگە تارتىۋاتاتتۇق. چېلەك سۇ چېلىكىدىن چوڭراق ئىدى. ئاغزىغىچە لىق توپا ئۇسسۇلغاندا شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كېتەتتىكى، ئىككى شاگىرت چىغرىقنى ئاران ئايلاندۇرالايتتۇق. ئۇستىگە، بىز تۇرغان يەر يۈزىگە چىققان چېلەكنى بىر چېتىدىن تۇتۇپ تاختاينىڭ ئۇستىگە تارتىپ، تاننى بىر ئاز تارتىپ چېلەكنى ھالقىسى ۋە بېغىدىن چىقىرىۋەتمەي تۇرۇپ تاختاينىڭ ئۇستىگە چۈشۈرۈش ھەم راۋرۇس كۈچ، ھەم پەم تەلەپ قىلاتتى. لىق توپا قاچىلانغان چېلەكنى تاختاينىڭ ئۇستىگە قازاسىز، بالاسىز چۈشۈرىۋالغاندىن كېيىن ئەلى بىلەن «بولدى» دېگەندەك قارىشىۋالاتتۇق، يېنىك نەپەس ئالاتتۇق.

ئاندىن بىز ئىككى شاگىرت چېلەكتىكى توپىدىن قول ھارۋىسىغا گۈرجەك بىلەن ئازراق ئالاتتۇق، سەل يېنىكلىگەندە ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ ھارۋىنىڭ ئىچىگە تۆكەتتۇق. پەسكە دىققەت بىلەن ساڭگىلاتقان چېلەك ئۇستامىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇستامنىڭ تاپىلىغىنىدەك «كەلدى!» دەپ توۋلايتتىم. ماھمۇت ئۇستا قولىدىكى قازغۇچنى تاشلاپ، چېلەكنى باغلاقلىق تانىدىن چىقارمايلا قۇدۇقنىڭ ئاستىدىكى يەرگە قويۇاتتى ۋە كولاپ قومۇرۇپ قويغان توپىلارنى تېز سۈرئەتتە چېلەككە ئۇسسۇيتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە گۈرجەك بىلەن، قازغۇچ بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ، ھەتتا جان-جەھلى بىلەن ئىشلەۋاتقاندا، ھەر ئۇرۇشىدا «ھىھا!» دېيىشىنى ئۇستىدە تۇرۇپمۇ ئاڭلىيالايتتىم. ھەر كۈنى بىر مېتىردىن

يەرئاستىغا چوڭقۇرلىغانسېرى ئۇنىڭ «ھىھ» دېيىشلىرىنى ئاڭلاشمۇ قىيىنلاشتى.

ماھمۇت ئۇستا پەستە چېلەكنى توپا بىلەن تولدۇرۇپ بولغاندا، كۆپىنچە چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن «تارت!» دەپ توۋلايتتى. ئۇستىدە ئىككىمىز تەييار تۇرغان بولساق ئەلى بىلەن دەرھال چىغىرىقنىڭ قولىرىغا يېپىشاتتۇق، توپا قاچىلانغان ئېغىر چېلەكنى يۇقىرىغا تارتاتتۇق. بەزىدە قىرىشقاق ئەلى كىچىكەتتى، چىغىرىقنى ئۆزۈم يالغۇز ئايلاندۇرۇش تەس بولغاچقا ئۇنى ساقلايتتىم. بەزىدە ئۇستام ئاستىلاپ قالاتتى، ئەلى چىغىرىقنىڭ بېشىغا بالدۇر كېلەتتى، ماھمۇت ئۇستامنىڭ پەستە چېلەككە توپا ئۇسسۇشىنى نەپەسمۇ نەپەس تاماشا قىلاتتۇق.

بۇ كۆتۈش پەيتى، قاتتىق ئىشلەۋاتقاندا ئەلى بىلەن ئىككىمىزگە نېسىپ بولىدىغان بىردىنبىر ئارام ئېلىۋېلىش ۋاقتى ئىدى ۋە بىردەم پاراڭلىشىۋالاتتۇق.لېكىن ئۇنىڭغا بىز بازاردا كۆرگەن كىشلەرنى، سىرلىق ۋە ھەسرەتلىك باقىدىغان، لەۋلىرى چىرايلىق، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىيالمايدىغانلىقىمنى تۇنجى كۆنلا چۈشەنگەن ئىدىم. ئۇلارنى تونۇمايدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئۇ دەپ سالىدىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ كۆڭلۈمگە ئازار بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقىمۇ؟

قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ پات-پات ئېسىمگە كېلىدىغانلىقىنى ئەلنى دېمەي تۇرايلى، ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرغۇم كېلەتتى. كېچىلىرى بىر كۆزۈم كۆكتىكى يۇلتۇزلاردا، يەنە بىر كۆزۈم ئۇستامنىڭ كىچىك تېلېۋىزورىدىكى چاغلاردا، كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا بارای دېگەن چاغلاردا، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىشى كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىشى، چىرايىدىكى «سېنى تونۇيمەن» دېگەن مەنە ۋە ئېپادىسىدىكى شەپقەت بولمىغان بولسا بەلكىم ئۇنى بۇ قەدەر كۆپ ئويلىماس بولغىيتتىم.

ئۈچ كۈندە بىر چۈش ۋاقتىدا، يەر ئىگىسى ھايرى بەي يۈك ماشىنىسى بىلەن كېلىپ، ئىشلار جايىدىمۇ، دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن سوراپ تۇراتتى. چۈشلۈك تاماق يەۋاتقان بولساق، ماھمۇت ئۇستام «قېنى» دەپ ئۇنىمۇ شوخلا، نان، ئاق پىشلاق، زەيتۇن، ئۆزۈم ۋە كوكا كولا بىلەن ھازىرلانغان داستىخانىمىزغا تەكلىپ قىلاتتى. بەزىدە ئۇستام قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئۈچ، تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولاتتى، ھايرى بەي بىز ئىككى شاگىرت بىلەن بىرلىكتە قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنى ئۈن-تىنسىز ۋە ھۆرمەت بىلەن تاماشا قىلاتتى.

ئۇستام قۇدۇقتىن چىققاندا، ھايرى بەينى تۈزلۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە، ئەلى قۇدۇقتىن چىققان توپىلارنى تۆككەن يەرگە ئاپىرىپ، كىچىك چالمىلارنىڭ ئالقىنىدا ئېزىلگەن ئۇۋاقلىرىنىڭ قېنىق، سۇس رەڭلىرىنى كۆرسىتىپ، كولاش سۈرئىتىمىز سۇ چىقىشقا قانچىلىك قالغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلاتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە، تېشى ئاز

تۇپراقتا ئوتتۇرا ھال سۇرئەت بىلەن كولاۋاتاتتۇق، ئۈچ مېتىردىن ئاشقاندىن كېيىن، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرى قاتتىق بىر يەر قاتلىمىغا دۇچ كېلىپ ئاستىلاپ قالغاندۇق. ماھمۇت ئۇستام بۇ قاتتىق قاتلامنىڭ تومۇرىدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا ھۆل تۇپراقنى تاپالايدىغانلىقىمىزنى ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى، توقۇمىچىلىق سودىگىرى ھايرى بەي «قېنى كۆرەرمىز، ئىنشائاللاھ» دەيتتى. سۇ چىققان كۈنى پاقلان سويۇپ زىياپەت بېرىدىغانلىقىنى، ماھمۇت ئۇستام ۋە بىزگە ئۆرۈم تارقىتىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم دەپ ئۆتەتتى ۋە زىياپەت ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى قايسى تاتلىق-تۈرۈم دۇكىنىدىن باقلاۋا ئالىدىغانلىقىنىمۇ دەپ بېرەتتى.

يەر ئىگىسى كەتكەندىن ۋە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سۇرئىتىمىز ئاستىلايتتى. تۇزلۇكتە، يېنىغا بىر مىنۇتتىلا بارغىلى بولىدىغان بىر يوغان ياڭاق دەرىخى بار ئىدى. مەن بېرىپ ئۇنىڭ ئاستىدا يېتىپ كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىراتتىم. ئۇخلاپ قېلىشتىن بۇرۇن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ مەن ئۈنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنلا «سېنى تونۇيمەن، بىلىمەن!» دېگەن ئىپادىسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. بۇ مېنى سۆيۈندۈرەتتى. بەزىدە بۇ ئايال، چۈش ئاپتىپىدا ئايلىنىپ قالاي دېگەن چېغىمدا خىيالىمغا كېلەتتى. بۇ خىيالى سىمادا مېنى ھاياتقا باغلىغان، ماڭا ئۈمىدۋارلىق ئاتا قىلغان بىر نەرسە بار ئىدى.

بەك ئىسسىق بولغان چاغلاردا ئەلى بىلەن ئىككىمىز بېشىمىزدىن سۇ تۆكەتتۇق ۋە كۆپ سۇ ئىچەتتۇق. سۇنى يوغان يالتىراق تۇڭلاردا ھايرى بەينىڭ يۈك ماشىنىسى ئەكېلىپ بېرەتتى. ئىككى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېلىدىغان يۈك ماشىنىسىدىن بىز بازاردىن بۇيرۇغان يېمەك-ئىچمەكلەرمۇ چىقاتتى. شوخلا، كۆك لازا، سارماي، نان، زەيتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ماھمۇت ئۇستام شوپۇرغا بېرەتتى، لېكىن ھەر قېتىمدا يەر ئىگىسى ھايرى بەينىڭ ئايالى ئەۋەتكەن تاۋۇز، قوغۇن، بەزىدە شاكىلات، شېكەر، بەزىدە ئۆيدە ئالاھىدە تەييارلانغان بىر كورا لازا تولمىسى، شوخلا پولۇ، قازان كاۋاپ قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بولاتتى.

ماھمۇت ئۇستا كەچلىك تاماققا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەر چۈشتىن كېيىن، بېتون قۇيۇشقا تەييارلىق قىلىشتىن بۇرۇن، بەرەڭگە، پىدىگەن، مەرجىمەك، شوخلا، كۆك لازا، بىزدە نېمە بولسا شۇلارنى ماڭا يۇيغۇزاتتى، گەبزەدىن ئېلىپ كەلگەن كىچىك كورىنىڭ ئىچىگە كۆكتاتلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۇششاق توغراپ سالاتتى، ئازراق ياغمۇ سالاتتى ۋە گاز ئوچاقنى ئاز ئېچىپ كورىنى سۇس ئوتنىڭ ئۈستىگە قوياتتى. كۈن پاتقانغا قەدەر بۇ تاماقنىڭ كورىنىڭ تېگىگە تۇتۇپ قالماي، ئاستا-ئاستا پىشىشىغا مەن مەسئۇل ئىدىم.

ئـاخىرقى ئىككـى سـائەتتە مـاھمۇت ئۇسـتام، شـۇ كـۈنى كولىغـان ئىككـى مېتىرلـىق چوڭقۇرلۇقتا تاختا قېلىپلارنـى يەرلەشـتۈرۈپ بېتـون تـۆكەتتى. ئەلـى بـىلەن ئىككىمىـز قـۇم بــىلەن ســېمونتنى بىــر چەتــتە ئارىلاشــتۇرۇپ، ســۇ تۆكــۈپ لاي ئېتەتتــۇق، لايىنــى ھارۋىغـا ئۇسسۇپ، ماھمۇت ئۇسـتام ئـۆزى كەشـىپ قىلغـانلىقىنى پەخىرلىنىـپ تـۇرۇپ دەپ بەرگەن يېرىم كەمچەن شەكىللىك نوكەشنىڭ ياردىمى بىلەن چېلەككە قولىمىزنىمۇ تەگكۈزمەسـتىن پەسكە، قۇدۇقتا چۈشـۈرەتتۇق. مـاھمۇت ئۇسـتا يېـرىم كەمـچەن شـەكىللىك نوكەشـكە بىـر گۈرجەك بىلەن تاشلاۋاتقان سېمونت لايىنى دەل جايىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن پەستە تـۇرۇپ « يەنە بىر ئاز ئوڭغا، بىر ئاز ئۈستىگە» دەپ توۋلايتتى.

سـېمونت لايىنـى تېـز سـۈرئەتتە ئارىلاشـتۇرۇپ، ھارۋىغـا ئۇسسـۇپ، پەسـكە تۆكـۈش كىچىككىپ قالسىلا، لاي قېتىپ قېلىۋاتىدۇ، دەپ ئـاچچىقى كەلـگەن مـاھمۇت ئۇسـتا پەسـتە تۇرۇپ بىـزگە ۋارقىرايتتـى. شـۇ چاغـدا ماڭـا پەقەت ۋارقىـراپ باقمىغـان، ماڭـا پەقەت ئـازار بېرىــپ باقمىغــان دادامنــى ســېغىناتتىم. لــېكىن ئۇنىــڭ تۇپەيلىــدىن پۇلنىــڭ دەردىنــى تارتقانلىقىمىز ۋە بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئاچچىقىممۇ كېلەتتـى. مـاھمۇت ئۇسـتام دادام پەقەتلا قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتـاتتى، ھېكـايە سـۆزلەپ بېرەتتى، دەرس بېرەتتى ۋە ھە دېسـىلا ياخشـى تۇرۇۋاتامـدىم، قورسـىقىم ئـاچتىمۇ، ھېرىـپ كەتتىممۇ سوراپ تۇراتتى. ئۇستامنىڭ ئازارلىرى بـۇ سـەۋەبتىن ئـاچچىقىمنى كەلتۈرىۋاتقـان بولغىيمىـدى؟ دادام ماڭـا ئـازار بەرسـە، قارشـى تۇرمـايتتىم، خىجىـل بـولاتتىم، ئـۇ ئىشـنى ئۇنتـۇپ كېتەتـتىم. مـاھمۇت ئۇسـتام ئـازار بەرسـە نېمىشـقىكىن بەك تەسـىر قىلاتتـى، ھەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ دېگىنىنى قىلاتتىم ھەم ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلەتتى.

بىر كۈنىمىز ئاخىرلىشاي دېگەندە ماھمۇت ئۇستا پەسـتە تـۇرۇپ « ئۆلگۈرىـدۇ!» دەپ توۋلايتتى، يەردىكى چېلەككە بىر پۇتى بىلەن دەسسەيتتى، بىز چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنى لىفتـتەك ئاسـتا-ئاسـتا تارتىـپ ئۈسـتىگە، يورۇقلۇقتـا چىقىراتتـۇق. ئۈسـتىگە چىققانـدىن كېيىن، ماھمۇت ئۇستام سەل نېرىدىكى زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدا يېتىشـىغا ئەتراپىنـى شـۇ ھامــان بىــر جىمجىتلىــق باســاتتى، تەبىئەتنىــڭ، ھېچكىمســىزلىكنىڭ بەكــلا ئىچىــدە، ئىستانبۇلدىن، ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن يىراقتا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ ئانامنى، دادامنــى، بەشىكتاشتىكى ھاياتىمىزنى سېغىناتتىم.

مەنمـۇ ئۇسـتامغا ئوخشـاش دەم ئېلىشـتىن كېـيىن ئـۆزۈمنى بىـرەر سـايىغا تاشـلاپ، بازارغا پىيادە قايتىپ كېتىۋاتقان ئەلىنىڭ كەينىدىن قاراپ كېتەتتىم. ئەلـى ئەگـرى-بـۈگرى يولدىن ئەمەس، يولنى قىسقارتىپ بوش تۈزلۈكلەردىن، ئوت ۋە تىكەنـلەر قـاپلاپ كەتـكەن ئېتىــزلىقلاردىن ماڭــاتتى. بىــز پەقەتــلا كــۆرۈپ باقمىغــان ئــۆيى بازارنىــڭ قەيېرىــدىرەك

بولغىيتتى؟ بىز ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا كۆرگەن قىزىل چاچلىق، يېقىملىق ئايال، ئۇكىسى، قىتىغۇر ئانىسى ئەلىلەرگە يېقىن بىر يەردە ئولتۇرامدىغاندۇ؟

كاللام مۇشۇ خىياللار بىلەن تامامەن بەند بولۇپ كېتىۋاتقاندا بۇرۇنۇمغا ماھمۇت ئۇستام چېكىۋاتقان تاماكىنىڭ خۇشپۇراق ھىدى كېلەتتى، يىراقتىكى گازارمىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئاخشاملىق يىغىلىشتا «ساغ ئول! ساغ ئول!» دەپ ۋارقىراشلىرىغا ۋە بىر ھەرىنىڭ گۈڭۈلدىشىغا قۇلاق سالغاچ، بۇ دۇنياغا شاھىت بولۇشىنىڭ، ياشاشنىڭ نېمە دېگەن غەلىتە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

تۆتىنچى كۈنى كورىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن تۇرغىنىمدا، ماھمۇت ئۇستامنىڭ ياتقان يېرىدە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بالىلىقىمدا ئۇخلاپ قالغان دادامغا قىلغىنىمدەك، ئۇنىڭ بىر دېۋە، ئۆزۈمنى بولسا دېۋىلەر دۆلىتىدىكى گۈللىۋەرگە ئوخشاش كىچىك بىر ئادەم، دەپ خىيال قىلىپ، يەردە خۇددى بىر نەرسە-كېرەكتەك يېتىشىغا، ئۇزۇن قوللىرى ۋە پاچاقلىرىغا دىققەت بىلەن قارىغان ئىدىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ قوللىرى، بارماقلىرى دادامنىڭكىدەك نازۇك ئەمەس، قاتتىق ۋە قوپال ئىدى. قوللىرىدا تارتۇقلار، مەڭلەر، قارا تۈكلەر بار ئىدى ۋە تېنىنىڭ ئەسلىدىكى ئاق رەڭگىنى، قىسقا يەڭلىك كۆينىكىنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالىدىغان، ئاپتاپتا كۆيمىگەن يەرلىرىدىن ئۇققىلى بولاتتى. قاڭشارلىق بۇرۇنىنىڭ تۆشۈكلىرىنىڭ نەپەسلەنگەندە ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ يۇمۇلىشىغا _دادام ئۇخلاپ قالغاندا قىلغىنىمغا ئوخشاش_ ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدىم. ئۇيەر، بۇيەرلىرىگە ئاق سانجىلىشقا باشلىغان قويۇق چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا توپىنىڭ ئۇۋاقلىرى، بويىندا ئۈستى تەرەپكە قىزىقسىنىش ئىچىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ئالدىراڭغۇ چۆمۈلىلەر بار ئىدى.

# يەتتىنچى باب

_ سەن يۈيۈنامسەن؟_ دەپ سورايتتى ماھمۇت ئۇستام مەندىن ھەر ئاخشىمى كۆن پاتاي دېگەندە.

يۇك ماشىنىسى ئىككى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئەكىلىدىغان يالتىراق تۈڭنىڭ جۈمكىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇ يەردە پەقەت يۈز، قولىمىزنى يۇيالايتتۇق. بەدىنىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاۋۋال يالتىراق چېلەككە سۇ ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ماھمۇت ئۇستام يوغان چۆمۈچ بىلەن بېشىمدىن سۇ قۇيغان چاغدا ئەندىكىپ، تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. بۇ چېلەكتىكى سۇ ئاپتاپتا ياخشى ئىسسىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ مېنى يالىڭاچ كۆرگەنلىكىدىن ئىدى.

_ سەن تېخى كىچىككەنسەن،_ دېگەن ئىدى بىر قېتىم ماڭا. مۇسكۇللىرىمنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغانلىقىنى، كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز ئىكەنلىكىمنى دېمەكچى بولغىيمىدى؟ ياكى باشقا بىر نەرسىمۇ؟ ئۇنىڭ كۆكرىكى مۇسكۇللۇق، قاتتىق ۋە كۈچلۈك، مەيدىسى ۋە دۈمبىسى تۈكلۈك ئىدى.

مەن ئۆمرۈمگە كىيىپ يا دادامنى ياكى باشقا بىر ئەر كىشىنى يالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ ماغزاپلىق بېشىغا تۈنكە نوگاي بىلەن سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتىم. بىلەكلىرىدە، پاچاقلىرىدا، دۈمبىسىدە قۇدۇق كولاۋاتقاندا پەيدا بولغان كۆكلەرنى، يارا ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالاتتىم بەزىدە. لېكىن ئۇن چىقارمايتتىم. ھالبۇكى، ماھمۇت ئۇستا ماڭا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا، يوغان ۋە قاتتىق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى دۈمبەمگە، بىلەكلىرىمگە چېقىپ قالغان نەرسىلەرگە قىزىقىش ئارىلاش چاقچاق بىلەن تەگكۈزەتتى، مېنىڭ «ئا !» دەپ شۈركەنگىنىمنى كۆرۈپ، ھەم كۈلەتتى ھەم مېھرىبانلىق بىلەن «دىققەت قىل» دەيتتى.

بەزىدە مېھرىبانلىق بىلەن، بەزىدە تەھدىت سېلىۋاتقاندەك، لېكىن پات-پات «دىققەت قىل» دەپ تۇراتتى ماھمۇت ئۇستام. «قۇدۇقچى شاگىرتنىڭ ئەقلىسىزى پەستىكىنى مېيىپ قىلىدۇ، دىققەتسىزى ئۆلتۈرىدۇ.» «ئۈنتۈپ قالما، ئەقلىڭ، كۆزۈڭ، قۇلىقىڭ دائىم پەستە بولسۇن» دەيتتى ۋە تۇتقۇچى چىقىپ كەتكەن چېلەكنىڭ پەستىكى ئادەمنى قانداق ئېزىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ياكى پەستىكى ئۇستىسىنىڭ گازدىن

زەھەرلىنىپ ھوشىدىن كەتكىنىنى ئۇستىدىكى ھاڭۋاقتى شاگىرت ئۈچ مىنۇتقىچە پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۇچۇن، ئۇستىسىنىڭ بەش مىنۇتتىلا ئۆلۈكلەر دۇنياسىغا سەپەر قىلغانلىقىنى بەش جۈملە بىلەنلا ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

كۆزۈمنىڭ ئىچىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، ماڭا ئىبرەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىنى ياقتۇراتتىم. ئۇستام دىققەتسىز شاگىرتلارنىڭ نېمىلەرنى قىلغۇەتكىنىنى بېرىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەر ئاستى دۇنياسى بىلەن، ئۆلۈكلەر دۇنياسى ۋە يەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرى ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ شۇركۇنۈپ كېتەتتىم. يەرنى كولىغانسېرى، ئۇستامغا كۆرە گويا ئالاھىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ قېتىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتۇق. ھالبۇكى يېرىم كېچىدە چىققان سالقىن شامال، زەڭگەر كۆك قۇببىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلغان مىڭلىغان تىترىگەك يۇلتۇزلارنىڭ دەل ئەكسىچە يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى سەممىزگە سالاتتى.

كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى گۈزەل جىمجىتلىقتا ماھمۇت ئۇستا بىر تەرەپتىن تاماق ياخشى پىشتىمۇ، دەپ كورىنىڭ تۈۋىقىنى ئېچىپ-ياپسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشنى ئوڭشاش ئۈچۈن ھەپىلىشەتتى. تېلېۋىزورنى كونا بىر ماشىنىنىڭ توكدان(ئاككۇمۇلياتور)نى بىلەن بىللە گەبزەدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى، دەسلەپكى ئىككى كۈندە توكدان نېمىشقىكىن كارغا كەلمىۋىدى، ئۇستام يۈك ماشىنىسى بىلەن بازارغا ئەۋەتىپ ئوڭشىتىپ كەلگەن ئىدى. ھازىر توكداندىن توك چىقىۋاتاتتى، تېلېۋىزورمۇ قويۇلىۋاتاتتى، لېكىن ئېكراندا سۇزۇك رەك بىر كۆرۈنۈشنى كۆرەلەش ئۈچۈن ماھمۇت ئۇستامنىڭ خىلى ھەپىلىشىشىگە توغرا كېلەتتى. خۇيى تۇتۇپ قالغاندا مىنى تۇۋلايتتى، يالغاچ سىمغا ئوخشاش قالدىغان تۈنىكىدىن ياسالغان ئانتېننانى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ «ئوڭغا، سەل ئۇستىگە، سولغا» دەپ ئېكراندا سۇزۇك رەك بىر كۆرۈنۈش ئىزدەيتتى.

ئۇزۇن ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئېكراندا بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولاتتى، لېكىن بىز خەۋەر كۆرگەچ ئىسسىق كەچلىك تاماقىمىزنى يەۋاتقاندا، كۆرۈنۈشلەر كونا خاتىرىلەرگە ئوخشاش قايتىدىن غۇۋالىشىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى كېلىپ، كېتىشكە، دولقۇنلاشقا، چىملداشقا باشلايتتى. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىر ئىككى قېتىم ئوڭشاپ باققاندىن كېيىن كۆرۈنۈش پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ، ئىككىمىز ئورنىمىزدىن مىت قىلماي، خەۋەر رىياسەتچىسىنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن سۆزلىگەنلىرىگە ۋە ئېلانلارغا قۇلاق سالاتتۇق.

كۈن دەل شۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا پاتاتتى. كۈنبويى ئەتراپتا ھېچ

كـۆرۈنمىگەن غەلـىتە ۋە ئـاز ئۇچرايـدىغان قۇشـلارنىڭ ئـاۋازلىرى ئاڭلىنىشـقا باشـلايتتى. ئانـدىن ئەتـراپ تىپخـى راۋرۇس قاراڭغۇلىشىشـتىن بـۇرۇن كـۆكتە ھالرەڭسـىمان تولۇنئـاي پەيـدا بـولاتتى. چىـدىرنىڭ ئەتراپـىدىن جىزىلداشـلار، يىـراقلاردىن ئىتنىـڭ قاۋاشـلىرى ئاڭلىنـاتتى ۋە ئـۆچكەن ئوتنىـڭ پـۇرىقىنى، مەۋجـۇت بولمىغـان سـەرۋى دەرەخلىرىنىـڭ كۆلەڭگىسىنى ھېس قىلاتتىم.

شـۇ كـۈنكىچە دادام ماڭـا پەقەت ھېكـايە، چـۆچەك ئېيتىـپ بېرىـپ باقمىغانــدى. ماھمۇت ئۇستام بولسا ھەر كـېچە تېلېـۋىزوردىكى تۇتـۇق، ھەتتـا چاپـاق بـىر كۆرۈنۈشـتىن، كۈندۈزى بىز يولۇققان بىر غەمـدىن، بـىر ئەسـلىمىدىن يولغـا چىقىـپ تـۇرۇپ ماڭـا ھېكـايە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ قەيىرى توقۇلما، قەيىرى ھەقىقىي، بېشى نەدە، ئـاخىرى نەدە بىلگىلى بولمايتتى . لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىـگە كىرىـپ كېتىشـىنى، مـاھمۇت ئۇسـتامنىڭ چىقارغـــان خۇلاسىســـــىنى ئاڭلاشــــنى يـــاقتۇراتتىم. لـــېكىن ھېكـــايىلەرنى تولـــۇق «چۈشىنەلمەيتتىم». مەسىلەن، ماھمۇت ئۇستام بىر قېتىم ئۆزىنىـڭ دىۋىـدەك بـىر مەخلـۇق تەرىپىدىن يەرئاستى دۇنياسىغا ئېلىپ قېچىلغـانلىقىنى سـۆزلەپ بەرگەن ئىـدى: يەرئاسـتى قـاراڭغۇ ئەمەس ئىـدى، دەل ئەكسـىچە يـورۇق ئىـدى. ئـۇنى يوپيـورۇق بىـر سـارايغا ئېلىـپ بارغانىدى، ئۇنى ئۆستىگە ياڭاق شاكىلى ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ قېپى، بېلىقنىڭ باشـلىرى ۋە قىلتىرىقلىرى تىزىلغان بىر زىياپەت ئۈستىلىگە باشلىغان ئىدى. ئالـدىغا دۇنيـادىكى ئەڭ لەززەتلىـك يېمەكلىكلەرنـى قويغـان ئىـدى، لـېكىن مـاھمۇت ئۇسـتام كەيىنـى تەرەپـتىن ئايالLارنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئـاڭلاپ، بىـر لوقمىمـۇ يېيەلمىگەن ئىـدى. شـۇنداق دەپ كېلىـپ، يەرئاستىدىكى يىغلاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاۋازىنىـڭ تېلېـۋىزوردىكى رىياسـەتچى ئايـالنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

يەنە بىر قېتىم بىرى مانتار(سۇبىرىن.ل) دىـن، يەنە بىـرى مەرمەردىـن شـەكىللەنگەن ئىككى تاغنىڭ بىر-بىرىنى تونۇماستىن، چۈشەنمەستىن نەچچە مىـڭ يىلغىـچە بىـر-بىـرىگە قانــداق بېقىشــىپ تۇرغــانلىقىنى ســۆزلەپ بەرگەنــدىن كېــيىن، «قۇرئــان كەرىــم» دە «ئۆيۈكلارنى ئېگىز يەرلەرگە سېلىڭلار» دېگەن بىر ئايەتنىڭ بارلىقىنى دەپ بەرگەن ئىدى. بۇ، يەرتەۋرەشلەر ئېگىز يەرلەرگە تەسىر قىلالمايدۇ، دېـگەن مەنىـدە ئىـدى. قـۇدۇقىمىزنى ئېگىزرەك جايدا كولىشىمىزمۇ بىر تەلەي ئىدى. ئېگىز يەردىن سۇ ئاسان چىقاتتى.

مـاھمۇت ئۇسـتام بـۇلارنى سـۆزلەپ بېرىۋاتقانـدا، ھـاۋا راۋرۇس قارايغـانلىقى، قـاراپ ئولتۇرغـۇدەك باشـقا نەرسـە بولمىغـانلىقى ئۈچـۈن، ھەر ئىككىمىـز تېلېـۋىزوردىكى تۇتـۇق كۆرۈنۈشلەرگە خۇددى ئېكراندىكى سۇزۇك كۆرۈنۈشكە قاراپ ئولتۇرغاندەك دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتۇق.

بەزىدە «قارا، كۆرۈۋاتامسەن، ئاۋۇ يەردىمۇ بار!» دەيتتى ماھمۇت ئۇستام ئىكرانىدىكى بىر داغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «تاسادىپىيلىق ئەمەس بۇ.»

خىيالىسىمان كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە بىر-بىرىگە بېقىشىپ تۇرغان تاغلارنى مەنمۇ كۆرگەندەك بولاتتىم. لېكىن بۇنىڭ بىر خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمگە دەپ بولغۇچە ماھمۇت ئۇستام تېمىنى يۆتكىۋېتەتتى، «ئەتە ھارۋىنى ئاغزىغىچە تولدۇرماڭلار» دەپ ماڭا نەسىھەت قىلاتتى. بىتون قۇيۇۋاتقاندا؛ تېلېۋىزورنى توكدانغا چېتىۋاتقاندا؛ چىغرىقنىڭ لايىھەسىنى سىزىۋاتقاندا خۇددى بىر ئىنژىنېردەك ئويلىشىپ ئىش قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ، بۇ ئەپسانە، چۆچەكلەرنى ئۆزى خۇددى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك سۆزلەپ بېرەلىشى مېنى سېھىرلەپ قوياتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، مەن داستىخاننى يىغىشتۇرىۋاتقاندا «بازارغا كىرەيلى، مىق ئالايلى» دەيتتى ماھمۇت ئۇستام. ياكى بەزىدە «تاماكام تۈگەپتۇ» دەيتتى.

بىز سالقىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆڭگۈرەنگە كېتىۋاتقاندا، دەسلەپكى كۆلەرەدە ئاي نۇرى ئاسفالت ئۈستىدە چاقناپتى. يېقىنلا تۇرغان كۆك قۇۋىنى مۇشۇ كەمگىچە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر كۈچ بىلەن ئۈستۈمدە تۇرغاندەكلا سېزىپ، دادامنى، ئانامنى ئويلايتتىم. تومۇزغىلارنىڭ كىچىچە توختىماستىن جىرىلدىشىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئايسىز كېچىلەردە كۆكتە چاقناپ تۇرغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان يۇلتۇزلارغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشنى ياقتۇراتتىم.

بازاردا ئانامغا تېلېفون قىلدىم، ھەممە ئىشنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى دېدىم، لېكىن ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. ماھمۇت ئۇستامنىڭ پۇلۇمنى بەرگەنلىكىنى دېدىم.(راست ئىدى.) ئىككى ھەپتىگە قالماي ئۆيگە قايتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.(ئەسلىدە بۇنىڭغا بىر نىيمە دېيەلمەيتتىم.) كاللامنىڭ بىر يەرلىرىدە بۇ يەردە، ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېنىدا تۇرۇشتىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. ئۆز پۇلۇمنى ئۆزۈم تاپقانلىقىم، دادام كەتكەندىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئەركىشىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنمىدى بۇ؟

ئاخشاملىرى ئۆڭگۈرەنگە چۈشكەن چاغلىرىمىزدىكى خۇشاللىقلىرىمنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇراتتىم. مەن يوپيېز ئىستانسىسى مەيدانىدا كۆرگەن قىزنىل چاچلىق ئايالنى يەنە بىر ئۇچرىتىپ قالسامكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بازارغا ھەر قېتىم كىرگىنىمىزدە ماھمۇت ئۇستام بىلەن يولىمىزنى ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتىم. ئەگەر ئۇ مەيداندىن ئۆتەلمەي قالساق، بىر باھانە تېپىپ ئۇستامدىن ئايرىلىپ، بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئالدىرىماي ئايلىناتتىم.

ئۈچ قەۋەتلىك، قارا سۇۋاقلىق، نامرات چىراي بىر بىنا ئىدى. كەچلىك خەۋەرلەردىن

كېيىن، ئۇستىدىكى ئىككى قەۋەتتە چىراغلار ياناتتى. ئوتتۇرىدىكى قەۋەتنىڭ پەردىلىرى ھەمىشە چۈشۈرۈكلۈك تۇراتتى. ئۇستىدىكى قەۋەتنىڭ بولسا پەردىلىرى يېرىم ئوچۇق تۇراتتى، بەزىدە بىرەر دېرىزىسى ئوچۇق بولاتتى.

قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئانىسى ۋە ئۇكىسى بىلەن بەزىدە ئوتتۇرا قەۋەتتە، بەزىدە ئۈستۈنكى قەۋەتتە تۇرىدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتىم. ئۈستۈنكى قەۋەتتە تۇرىدىغان بولسا، بۇ ئۈلارنىڭ خېلى پۇلدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دادىسى نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ، ئەجەبا؟ ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بەلكىم ئۇمۇ مېنىڭ دادامدەك يوقاپ كەتكەندۇ.

كۈنبويى ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، مەسىلەن لىق تولدۇرۇلغان ئېغىر چېلەكنى ئۆزىمىز تەرەپكە چىغرىق بىلەن ئاستا-ئاستا تارتىۋاتقاندا، ياكى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا سوزۇلۇپ يېتىپ كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقاندا، خىيالىمدا قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرىدىغانلىقىمنى، ئۇنى ئويلايدىغانلىقىمنى بايقاپ قالاتتىم. ئۆزۈمدىن ئازراق خىجىل بولاتتىم: بەك دىققەت قىلمىسام بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلىۋېتىپ، پەقەتلا تونۇمايدىغان بىر ئايالنى خىيال قىلىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس ئىدى بۇ خىجىللىقىم: بۇ خىياللارنىڭ ساددىلىقى ۋە ئىپتىدائىيلىقى سەۋەبىدىن ئىدى: ھېلىتىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشكەنلىكىمىزنى، بىر ئۆيدە بەختلىك بولغانلىقىمىزنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا مەن كۆرگەن تېز ھەرىكەتلىرى، كىچىك قوللىرى، ئېگىز بويى، يۇمىلاق لەۋلىرى ۋە چىرايىدىكى مېھرىبان ۋە غەمكىن ئىپادە دائىم ئېسىمگە كېلەتتى. ھەممىدىن بەك كۈلگەن چېغىدا يۈزىدە پەيدا بولىدىغان مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئىپادە ماڭا بەك تەسىر قىلغان ئىدى. بۇ خىياللار ياۋا گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشاش كاللامدا ئارقا-ئارقىدىن پورەكلەپ ئېچىلىۋاتاتتى.

بەزىدە بىللە كىتاب ئوقۇپ، ئاندىن سۆيۈشۈپ ياتقىنىمىز كۆزۈمنىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ياش چېغىمدا بىر ئاززۇلىرى ئۈچۈن بىللە كىتاب ئوقۇغان بىر قىز بىلەن كېيىنچە توي قىلىش، دادامغا كۆرە ئەڭ كاتتا بەخت ئىدى. بىر قېتىم باشقا بىر ئادەمنىڭ بەختى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋېتىپ، دادام ئانامغا مۇشۇنداق دېگەن ئىدى.

# سەككىزىنچى باب

بازارغا چۈشكەن كېچىلىرى ماھمۇت ئۇستام بىلەن چېدىرىمىزغا قايتىۋاتقاندا، ئۆزىمىزنى خۇددى ئاسمانغا قاراپ ئۇدۇل كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بازاردىن بىزنىڭ ئېگىز تۈزلۈككە چىقىدىغان دۆڭدە پەقەت ئۆي بولمىغاچقا، ھەممە يەر كوردەك قاراڭغۇ ئىدى ۋە ھەر بىر قەدىمىمىز ئالدىمىزدىكى يۇلتۇزلارغا يېقىنلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. دۆڭنىڭ ئاخىرىدىكى كىچىك مازارلىقتىكى سەرۋى دەرەخلىرى يۇلتۇزلارنى توسۇۋالاتتى، كېچە تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. بىر قېتىم سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ئاسماننىڭ كىچىك بىر پارچىسىدىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشكەندى، ھەر ئىككىمىز بىرلا ۋاقىتتا بىر-بىرىمىزگە قاراپ «كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سالغان ئىدۇق.

چېدىرىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا، پات-پات ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ قالاتتۇق ۋە پاراڭلىشاتتۇق. ماھمۇت ئۇستامغا كۆرە، ھەر بىر يۇلتۇز بىر جاننىڭ ئىشارىتى ئىدى. جانابى ئاللاھ بىزنى، قانچىلىك كۆپ ئادەم ۋە جاننىڭ بارلىقىنى بىلىۋالسۇن دەپ، ياز كېچىلىرىنى يۇلتۇزلۇق قىلىپ ياراتقانىدى. شۇڭا ھەر قېتىم بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشكەندە، ماھمۇت ئۇستام راستتىنلا بىرىنىڭ ئۆلۈمىگە گۇۋاھ بولۇۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ، دۇئا قىلاتتى، مېنىڭ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگىنىمنى كۆرۈپ ئاچچىقى كېلەتتى، دەرھال يېڭى ھېكايە ئاڭلىتىشقا باشلايتتى. ماڭا ئاچچىقى كەلمىسۇن دەپلا سۆزلەپ بەرگەن ھەممە نەرسىگە ئىشىنىشىم كېرەكمىدى؟ يىللار ئۆتۈپ ماھمۇت ئۇستام سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنىڭ ھاياتىمغا مۇقەررەر بىر شەكىلدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى جەزم قىلغىنىمدا، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلغان ئىدىم.

ئۇستام ئاڭلاتقان ھېكايىلارنىڭ كۆپ قىسمى «قۇرئان»دىن ئېلىنغان ئىدى. مەسىلەن، شەيتاننىڭ ئىنسانلارنى رەسىم سىزىشقا كۈشكۈرتىشى، ئاندىن ئۇلگەنلەرنى ئەسلىسۇن، دەپ ئۇ رەسىملەرگە قاراشقا نەسىھەت قىلىشى ۋە ئاخىرىدا ئىنسانلارنى بۇتپەرەس قىلىپ يولدىن چىقىرىشى، دەل مۇشۇنداق بىر ھېكايە ئىدى. لېكىن ماھمۇت ئۇستام ئۇ يەر، بۇ يەرلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ ھېكايىلەرنى بىرەر دەرۋىشتىن، بىرەر قەھۋەخانىدا ئاڭلىغاندەك، ھەتتا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەندەك سۆزلەيتتى، ئاندىن كېلىپ بەك ھەققىي بىر ئەسلىمىگە ئۆتۈپ كېتەتتى.

بىر قېتىم، بىزانس دەۋرىدىن قالغان بەش يۈز يىللىق بىر قۇدۇققا قانداق چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ھەممە ئادەم جىن بار، ئوقۇپ تاشلىۋېتىلگەن، شۇملۇق چىقىپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە گاز يىغىلىپ قالغانلىقىنى ماھىر ئۇستام گېزىتنىڭ ئىككى بېتىنى كەپتەرنىڭ قانىتىدەك ئېچىپ، ئىككى ئۇچىغا ئوت يېقىپ پەسكە تاشلاپ كۆرسىتىپ قويغان ئىكەن. لاۋۇلداپ كۆيگەن پېتى پەسكە چۈشۈۋاتقان گېزىت، قۇدۇقنىڭ تېگىدە ھاۋا قالمىغاچقا ئۆچۈپ قالغان ئىكەن. مەن ھاۋا ئەمەس، ئوكسىگېن، دەپ ئۇستامنىڭ گېپىنى تۈزەتكەن ئىدىم. ئۇستام بالىلارچە ئاقساقاللىقىمنى كۆڭلىگە ئالمىغان ئىدى، ئەكسىچە، ئۇمۇ پاتمىچۇقلار، چايانلار قايناپ تۇرىدىغان، يېرىمى كېسەك، يېرىمى تاش بىزانس قۇدۇقلىرىنىڭ تاملىرىنىڭ خۇددى ئوسمانلى قۇدۇقلىرىنىڭكىدەك قوپۇرۇلغىنىنى ۋە خۇراسانچە سۇۋاق بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. جۇمھۇرىيەت ۋە ئاتاتۈركتىن ئىلگىرى ئىستانبۇلنىڭ كونا قۇدۇقچىلىرى ئەرمەنىيلەر ئىدى.

ياكى ئىشلىرى بەك ياخشى بولغان 1970- يىللاردا، سارىيەر، بۈيۈكدەرە ۋە تارابىيا قاتارلىق جايلاردىكى كەپىلىك مەھەللىلەردە بەك كۆپ قۇدۇق كولىغانلىقىنى، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكىنى، بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئۈچ قۇدۇق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەپ بېرەتتى. ئۇ يىللاردا ھەممە ئادەم ئانادولۇدىن ئىستانبۇلغا كېلىشكە، بوغۇزنىڭ ئۈستىدىكى دۆڭلۈككە سۇيى، توكى، ھېچنەرسىسى يوق كەپە ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۈچ تۆت قوشنا بىرلىشىپ، پۇل چىقىرىشىپ، قۇدۇق كولىتىش ئۈچۈن ماھىر ئۇستامنى ئىزدىشەتتى. ئۇ چاغلاردا ماھىر ئۇستامنىڭ ئۈستىدە گۈل ۋە مېۋە رەسىملىرى بولغان، كۆركەم بىر ئات ھارۋىسى بار ئىدى؛ سالغان مەبلىغىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان بىر كاتتا خوجايىنغا ئوخشاش، بەزىدە بىر كۈندە باشقا- باشقا ئۈچ يەردىكى قۇدۇققا بېرىپ تەكشۈرەتتى، ھەر بىرىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئىشلەپ، قۇدۇقنى شاگىرتىغا ئامانەت قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە، چېپىپ يەنە بىرىگە باراتتى.

_ شاگىرتىڭغا ئىشىنەلمىسەڭ قۇدۇقچى بولالمايسەن،_ دەيتتى ئاندىن،_ يۇقىرىدىكى بالىنىڭ ھەممە ئىشنى توغرا، تەرتىپلىك، ۋاقتى -قەرەلىدە ۋە دىققەت بىلەن قىلىدىغانلىقىغا ئۇستا جەزم قىلالىسا، ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىشىغا كىرىشەلەيدۇ. شاگىرتىغا ئوغلىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەلىگەن قۇدۇقچى پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ. مېنىڭ ئۇستام كىم، بىلەمسەن؟

_ كىم ئىدى؟_ دەپ سورىدىم جاۋابىنى بىلىپ تۇرۇپ.

ماھمۇت ئۇستامۇ ماڭا بۇنى بەك تولا سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ بىلىدىغانلىقىمنى بىلەتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ «مېنىڭ ئۇستام مېنىڭ دادام ئىدى» دەيتتى بىر مۇئەللىمنىڭ تەلەپپۇزىدا. «سەنمۇ ياخشى بىر شاگىرت بولۇپ، ئوغلۇمدەك بولىسەن».

ماھمۇت ئۇستامغا كۆرە، ئۇستا-شاگىرت مۇناسىۋىتىنىڭ سىرى، ئۇنىڭ دادا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدىغانلىقىدا ئىدى. ھەربىر ئۇستىنىڭ شاگىرتىنى بىر دادىدەك ياخشى كۆرۈش، قوغداش ۋە تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. چۈنكى ھۈنىرى كېيىن شاگىرتىغا مىراس قالاتتى. بۇنىڭغا جاۋابەن، شاگىرتنىڭ ۋەزىپىسى ئۇستىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش ئىدى. ئۇستا بىلەن شاگىرتىنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك، ئىناقسىزلىق پەيدا بولسا، خۇددى بىر دادا - بالىنىڭ بېشىغا كېلىدىغاندەك، ھەر ئىككىسى تۇگىشىپ، ئىشلار چالا قالاتتى. مەن ياخشى بىر ئائىلىدىن كەلگەن ياخشى بىر بالا بولغاچقا ئۇستام خاتىرجەم ئىدى؛ مېنىڭ ھۆرمەتسىزلىك ۋە بويۇنتاۋلىق قىلىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيتتى.

ماھمۇت ئۇستام سىۋاس بازىرىنىڭ سۇشەھەر دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇن ياش ۋاقتىدا ئانىسى ۋە دادىسى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن ئىكەن، بالىلىق چېغىنى بۈيۈكدەرەنىڭ كەينى تەرەپلىرىدىكى ئۆزلىرى سېلىۋالغان بىر كەپە ئۆيدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئائىلىسىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق ئىدى. دادىسى كېيىنكى چاغلاردا بۈيۈكدەرەدە باغۋەنلىك قىپتۇ، قۇدۇق كولاشنى بىشى بىر يەرگە بارغاندا بىر قۇدۇقچىغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋاپتۇ، بۇ ئىشتىن پۇل تاپقىلى بولىدىكەن دەپ، ئۇلاغلىرىنى سېتىۋېتىپ، ئوغلى ماھمۇتنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋاپتۇ. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە دادىسىغا شاگىرت بوپتۇ، ئەسكەرلىككە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆكتاتلىق ۋە كەپىلىك مەھەللىلەرنىڭ قۇدۇقلىرى ئەڭ كۆپ كولانغان 1970- يىللاردا، ئۆزىگە بىر ئات ھارۋىسى سېتىۋاپتۇ ۋە دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يىگىرمە يىلدا يۈز ئەللىكتىن كۆپرەك قۇدۇق كولاپتۇ. دادامغا ئوخشاش 43 ياشتا بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە توي قىلماپتۇ.

دادامنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ سەۋەبتىن پۇلسىز قالغانلىقىمىزنى بىلەر بولغىيمىدى؟ ماھمۇت ئۇستام يوقسۇللۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆتكۈزگەن بالىلىقىنى ھەر تىلغا ئالغاندا بۇنى ئۆزۈمدىن سورايتتىم. بەزىدە دورىخانا خوجايىنىنىڭ «بايۋەچچە»سى تۇرۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ قۇدۇقچىغا شاگىرت بولغانلىقىم، يەنى ئېسىلزادە بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا زەھرىنى تىنقۋاتىدۇ، دەپ خۇدۈكسىرەش ئىچىدە ئويلىنىپ كېتەتتىم.

قـۇدۇق كولاشـنى باشـلاپ بـىر ھەپتـىدىن كېـيىن بـىر ئاخشـىمى مـاھمۇت ئۇسـتام ، يۈسۈپ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. دادىسى ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك يۈسۈپنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە يۈسۈپنى ئالداپ- سىلاپ ئاپىرىپ قاراڭغۇ بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلىكىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېسىمدە ھەممىدىن بەكرەك قالغىنى، ماھمۇت ئۇستامنىڭ چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپ: «شۇنداق، يۈسۈپ چىرايلىق ۋە ئەقىللىك ئىدى، لېكىن دادا بولغان ئادەم بالىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئايرىمىچىلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دېگەن گېپى ئىدى. «دادا ئادىل بولۇشى كېرەك،» دەپ قوشۇپ قويغان ئىدى كېيىن، «ئادىل بولمىغان دادا ئەۋلادىنى كور قىلىدۇ».

گەپنى نېمىشقا كور بولۇشقا ئېلىپ كەلگەن بولغىيتتى؟ بۇ گەپ نەدىن چىققان بولغىيتتى؟ يۈسۈپنىڭ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈنمۇ؟ خېلى يىللارغىچە بۇنى ئۆزۈمدىن يېنىش-يېنىش سورىدىم. بۇ ھېكايە مېنى نېمىشقا بىئارام قىلغان بولغىيتتى؟ ئۇستامغا نېمىشقا ئاچچىقىم كەلگەن بولغىيتتى؟

# توققۇزىنچى باب

ئەتىسى ماھمۇت ئۇستام ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن تېخىمۇ قاتتىق بىر تاش قاتلىمىغا دۇچ كەلدى، كەيپىمىز تېخىمۇ بەك ئۇچتى. قازغۇچنىڭ ئۇچىنى تاشقا خاتا ئۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈۋاتاتتى، بۇ سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئاستىلىتىۋاتاتتى.

بىز يۇقىرىدا تۇرۇپ چىلەكنىڭ تولۇشىنى ساقلاۋاتقاندا، ئەلى بەزىدە ياندىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئالاتتى. لېكىن مەن كۆزلىرىمنى پەستە مىتىلداپ تۇرغان ئۇستامدىن نېرى قىلمايتتىم. دىمىق بولۇۋاتاتتى، ئاپتاپ گەجگەمنى كۆيدۈرىۋاتاتتى.

چۈشتە يەر ئىگىسى ھايرى بەي كەلدى، قۇدۇقتىن تاش چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچتى. ئىسسىقتا قۇدۇقنىڭ ئاستىغا قاراپ تۇرۇپ بىر تال تاماكا چەكتى ۋە ئىستانبۇلغا قايتىپ كەتتى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تاۋۇزنى پىچتۇق، ئاق ئىرىمچىك بىلەن تېخىچە ئىسسىق پېتى تۇرغان ناننى چۈشلۈك تاماق ئورنىدا يېدۇق.

ئۇ كۈنى جىق كولىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ماھمۇت ئۇستام كەچقۇرۇن بېتون تۆكمىدى. كۈن پاتقۇچە قېرىشىپ تۇرۇپ ئىشلىدى. ھارغۇن ۋە تاقەتسىز ئىدى؛ ئەلى قايتقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ تامىقىنى كەلتۈرگەندە پاراڭلاشمىدۇق.

ھايرى بەي« كاشكى مەن باشتا كۆرسەتكەن يەرگە كولىغان بولساقچۇ» دەپ ماھمۇت ئۇستامنىڭ ھۈنىرى ۋە سېزىمىغا تىل تەككۈزگەنىدى. ئۇستامنى شۇڭا مۇشۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىپ كەتتى، دەپ ئويلاۋاتاتتىم.

_ بازارغا بارمايلى،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام تاماق يېيىلىپ بولغاندا.

كەچ بولغان ئىدى، ھېرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم. لېكىن بىئارام بولدۇم. ھەر ئاخشام پويىز ئىستانسىسى مەيدانىغا بېرىپ قىزىل چاچلىق ئايالنى خىيال قىلغاچ ئايلىنىش، بەلكىم ھازىر ئىچىدە باردۇ، دەپ ئۇ بىنانىڭ دەرىزىلىرىگە قاراش، بىر ھەپتىدىن بېرى مېنىڭ ۋاز كېچەلمەس بىر ئېھتىياجىم بولۇپ قالغان ئىدى.

_ سەن بېرىپ كەل،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام، _ ماڭىمۇ بىر قاپ «مالتەپە» ئالغاچ كېلەرسەن. قاراڭغۇدا قورقمايسەنغۇ-ھە؟

بۇلۇتسىز، سۈپسۈزۈك بىر ئاسمان بار ئىدى ئۈستۈمدە. يۇلتۇزلارغا قارىغاچ كىچىك

ئۆتكۈرەن بازىرىنىڭ چىراقلىرىغا قاراپ ئىلدام، ئىلدام ماڭدىم. مازارلىققا كىلىشتىن بۇرۇن، ئىككى يۈلتۈز بىرلا ۋاقىتتا ئېقىپ كېتىۋىدى، قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

لېكىن مەيدانغا كەلگەندە بىنادىكى چىراقلارنىڭ ئۆچۈك تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كۆزەينەكلىك تاماكىچىدىن ئۇستامنىڭ تاماكىسىنى ئالدىم. سەل ئالدى تەرەپتىكى «قۇياش ئوچۇقھاۋا» كىنوخانىسىدىن قوغلاشماق كۆرۈنۈشىنىڭ ئاۋازلىرى كېلىۋاتاتتى. بىر تامنىڭ ئارىلىقىدىن كىنوخانىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئىزدىدىم، لېكىن يوق تۇرىشاتتى.

بازارنىڭ سىرتىدا، گازارمىغا كېتىدىغان يولنىڭ بېشىدا بىر چېدىر قۇرۇلغان ئىدى، ئەتراپىغا تىياتىر ۋېۋىسكىلىرى ئېسىلىپ، ئۈستىگە «ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر تىياتىرخانىسى» دەپ يېزىلغان ئىدى.

كېچىمكىمدە، ياز ئايلىرىدا، ئىھلامۇر قەسىرىنىڭ ئارقىسىدىكى بوش مەيدانغا قۇرۇلغان كۆڭۈل ئېچىش شەھىرىنىڭ يېنىغا بىر يىل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر چېدىر تىياتىرخانىسى قۇرۇلغان ئىدى، لېكىن ئاقماي تاقىلىپ قالغانىدى. بۇ تىياتىرخانىمۇ ئاشۇنداق بىر يەر بولسا كېرەك. كوچىلاردا بىردەم ھايال بولدۇم. كىنوخانىدىكىلەر تارقىلىشتى، تېلېۋىزورنىڭ ئاخىرقى پروگراممىلىرىمۇ تۈگىدى، كوچىلار قۇرۇقدالدى، لېكىن مەيدانغا قارايدىغان ئۆيىنىڭ دەرىزىلىرى تېخىچە قاراڭغۇ ئىدى.

ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلغان ھالدا يۈگۈرگەندەك مېڭىپ قايتتىم. مازارلىققا چىقىدىغان دۆڭگە يامىشىۋاتقاندا يۈرىكىم سىيلىپ كېتىۋاتاتتى. سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ھۇقۇشنىڭ مېنى ئۇن-تىنسىز كۈزىتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتىم.

قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ئائىلىسى بەلكىم ئۆتكۈرەندىن كەتكەندۇ. ياكى بازاردا بىر يەردە بار ئىدى، مەن بىكاردىن-بىكار ماھمۇت ئۇستامدىن قورقۇپ بالدۇر يېنىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنچە تەپ تارتىدىغان بولغىيتتىم؟

_ نەگە كەتتىڭ سەن، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ؟_ دېدى ماھمۇت ئۇستام.

بىردەم كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان ئىدى، خېلى روھلۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى. قولۇمدىكى تاماكىنى تارتىپلا ئېلىپ شۇ ھامان بىر تال تۇتاشتۇردى:_ بازاردا نېمە باركەن؟

_ ھېچنېمە يوقكەن،_ دېدىم،_ بىر چېدىر تىياتىرخانىسى كەپتۇ.

_ بىز كەلگەن چاغدىلا بار ئىدى ئۇ رەزىللەر،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ ئەسكەرلەرگە بىلىنى تولغاپ، ئەدەپسىزلىك قىلىشىدۇ. ئۇنداق تىياتىرخانىلارنىڭ پاھىشىخانىدىن پەرقى يوق. كارىڭ بولمىسۇن! ئاتايىن بازارغا چۈشتۈڭ، ئادەملەرنى

كۆردۈك، شۇڭا بۇ ئاخشام سەن سۆزلە بىرەر ھېكايە، بايۋەچچە!

بۇنداق بىر تەكلىپنى پەقەتلا كۈتمىگەن ئىدىم. مېنى نېمىشقا يەنە «بايۋەچچە» دېگەن بولغىيتتى؟ شۇ ھامان ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزغۇدەك بىر ھېكايە ئىزدىدىم. ماھمۇت ئۇستام ھېكايىلىرى بىلەن ماڭا قانداق تەربىيە قىلىۋاتقان بولسا، مەنمۇ ھېكايىلىرىم بىلەن ئۇنى شۇنداق بىئارام قىلىشىم كېرەك ئىدى! خىيالىمدا قارىغۇلۇق، تىياتىر دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا يۇنان پادىشاھى ئودىپۇسنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم. بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇمىغان ئىدىم. لېكىن ئۆتكەن يىلى يازدا «دېڭىز» كىتابخانىسىدا بىر قىسقارتىلما نۇسخىسىنى ئوقۇغان ئىدىم ۋە ئېسىمدە قالغان ئىدى.

مەن «چۈشلىرىڭىز ۋە ئەسلىمىلىرىڭىز» ناملىق بىر كىتابچىدە قىسقارتىلمىسىنى ئوقۇغان بۇ نەرسە، ئالاھىدىلىكىنىڭ چېرىقىدىكى جىنىدەك ئەقلىمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر يىل ساقلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ھازىر بۇ ھېكايىنى، قىسقارتىلمىسىنى ئوقۇغان يېرىم-يارتا بىر نەرسىدەك ئەمەس، بەلكى راست يۈز بەرگەن بىر ئىشتەك جانلىق بىر تەلەپپۇزدا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتىم:

ئودىپۇس ــ يۇنانىستاندىكى تېباي شەھىرىنىڭ پادىشاھى لايئوسنىڭ ئوغلى ۋە دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئانىسىنىڭ قارنىدىكى چاغدىن تارتىپلا مۇھىم بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇنەججىمدىن ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە سورىشىپتۇ ۋە ئېچىنىشلىق بىر پالاكەتنىڭ خەۋرى كەپتۇ... بۇ جۈملىدىن كېيىن ماھمۇت ئۇستامغا ئوخشاش بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ، تېلېۋىزوردىكى چاپاق كۆرۈنۈشكە بىر قارىۋەتكەن ئىدىم.

ئۇ قورقۇنچلۇق بىشارەتكە كۆرە، شاھزادا ئودىپۇس كەلگۈسىدە دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئانىسى بىلەن توي قىلىپ، دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن دادىسى لايئوس، بالىسى تۇغۇلار-تۇغۇلماس ئېلىپ قاچقۇزۇپ، ئۆلسۇن دەپ ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

ئورمانلىققا تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئودىپۇسنىڭ ھاياتىنى ئۇنى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن تېپىۋالغان، قوشنا پادىشاھلىقنىڭ ئوردا باش كېنىزىكى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ. ھەر يېرىدىن ئېسىل بىر نەسەبتىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئودىپۇس، قوشنا پادىشاھلىقتىمۇ شاھزادىدەك چوڭ قىلىنىدۇ ۋە چوڭ بولغاندا بۇ يىگى دۆلەتتە ئۆزىنى ياتتەك ھېس قىلىدۇ؛ سەۋەبىنى بىلگۈسى كېلىپ مۇنەججىمدىن كەلگۈسىنى سورايدۇ ۋە ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشىدۇ: تەڭرى، ئودىپۇسنىڭ پىشانىسىگە دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىسى بىلەن يېتىشنى پۈتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئودىپۇس بۇ قورقۇنچلۇق تەقدىردىن

قاچماقچى بولىدۇ ۋە دۆلىتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئودىپۇس تاسادىپىي ھالدا ئەسلى دۆلىتى تېبايغا بېرىپ قالىدۇ ۋە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېتىپ قېرى بىر ئادەم بىلەن يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈن تاكاللىشىپ قالىدۇ. بۇ كىشى ئەسلىدە ئۆز دادىسى پادىشاھ لايئوس ئىدى.(بۇ بۆلەكنى، دادا _ ئوغۇلنىڭ بىر-بىرىنى تونۇيالماسلىقنى ۋە جېدەللىشىپ كېتىشنى خۇددى يېشىلچام فىلىملىرىدىكى ئوخشاش بۆلەككە ئوخشاش ئۇزارتىپ سۆزلەپ بەردىم.)

پومىداقلىشىپ ئېلىششىپتۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئودىپۇس كۈچلۈك كېلىپ دادىسىنى غەزەپ بىلەن شىلتىغان بىر قىلىچ زەربىسىدە ئۆلتۈرۈپتۇ. «ئەلۋەتتە، ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى» دېدىم ماھمۇت ئۇستامنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

ئۇستامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى، چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك ئەمەس، شۇم خەۋەر ئاڭلاۋاتقاندەك مەيۈسلۈك ئىچىدە ماڭا قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

ئودىپۇسنىڭ ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئۇقمىغان ئىدى. تېبايغا بارغان چېغىدا، بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمىگەن ئىدى.(بۇلارنى ئاڭلاۋېتىپ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك ئېغىر بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە ئاندىن تۇتۇلۇپ قالماي قېچىپ كېتىش قانداق بىر ئىشتۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم) ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ئۈچۈن بالا-قازا بولغان، ئايال سۈرەتلىك، شىر تەنلىك، غايەت زور قاناتلىق مەخلۇقنىڭ ھېچكىم تاپالمىغان تېپىشمىقىنىڭ جاۋابىنى تېپىۋېتىشكە، ئودىپۇسنى قەھرىمان دەپ ئېلان قىلىپ، تېباينىڭ يېڭى پادىشاھى قىلىپ قويۇشقانىدى. شۇنداق قىلىپ ئودىپۇس، خانىش بىلەن، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئۆز ئانىسى بىلەن توي قىلغان ئىدى.

بۇ ئاخىرقى ئۆچۈرنى ئالدىراپ ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلىدىم؛ گويا ھېچكىم ئاڭلاپ قالمىسۇن، دېگەندەك. «ئودىپۇس ئانىسى بىلەن توي قىلدى» دېدىم يەنە بىر قېتىم. «تۆت بالىسى بولدى. مەن بۇ ھېكايىنى بىر كىتابتىن ئوقۇغان ئىدىم» دەپ قوشۇپ قويدۇم ماھمۇت ئۇستام بۇ دەھشەتنى مېنى توقۇپ چىقاردى، دەپ قالمىسۇن دەپ.

ئۇستامنىڭ تاماكىسىنىڭ قىپقىزىل چوغىغا قاراپ تۇرۇپ:« يىللار ئۆتۈپ، ئودىپۇس ئايالى، باللىرى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان بۇ شەھەرگە ۋابا تېگىپتۇ.» دەپ داۋام قىلدىم. «كىشىلەر ۋابادا قىرىلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. دەھشەتكە پاتقان شەھەر ئاھالىسى تەڭرىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن، تەڭرىلەرگە بىر ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. <ئەگەر ۋابادىن قۇتۇلغۇڭلار بولسا> دەپتۇ تەڭرىلەر، <ئالدىنقى پادىشاھىڭلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تېپىپ، بۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ۋابا شۇ

چاغدا تۇگەيدۇ.>»

كـۆۋرۈكتە تاكاللىشـىپ قىلـىپ ئۆلتۈرـۈەتكەن قىرىنىـڭ ھەم ئـۆز دادىسـى، ھەم بـۇ شەھەرنىڭ ئالدىنقى پادىشاھى ئىكەنلىكىدىن بـىخەۋەر ئودىپۇس دەرھـال قـاتىلنى تېپىـپ چىقىشــقا بــۇيرۇق چۈشــۈرۈپتۇ. بۇنىــڭ ئۈچــۈن ھەممىــدىن بەكــرەك ئــۆزى كۈچەپتــۇ. تەكشۈرگەنسېرى، دادىسـىنى ئۆلتـۈرگەن كىشـىنىڭ ئەسـلىدە ئـۆزى ئىكەنلىكـى قەدەممـۇ-قەدەم ئايدىڭلىشىپتۇ. ئىشـنىڭ تېخىمـۇ بەتـتەر بـولغىنى، ئايالىنىـڭ ئەسـلىدە ئـۆز ئانىسـى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ قاپتۇ.

بۇ يەرگە كېلىپ بىردەم تۇرۇۋالدىم. ماھمۇت ئۇسـتام كىچىلـرى دىنىـي ھىكـايىلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئەڭ ئىبرەتلىك يەرلىرىگە كەلگەندە بـىردەم تـۇرۇۋالاتتى. ئۇسـتامنىڭ بۇ پوزىتسيەسىدىن مەن «قارا، ئاخىرى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك بىـر تەھـدىتنى ھـېس قىلاتـتىم. ئـۇنى دوراۋاتـاتتىم، لـېكىن بـۇ يەردىكـى ئىبرەتنىـڭ نـېمە ئىكەنلىكىنىمـۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا ئودىپۇسنىڭ ھىكايىسىنىڭ ئـاخىرىنى بىـر خىـل ھېسداشـلىق ئىچىـدە ۋە ئودىپۇسقا كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا سۆزلەپ بەردىم.

«ئانىســى بىــلەن ياتقــانلىقىنى بىلــىپ، ئودىپــۇس ئــۆز قــولى بىــلەن ئــۆزىنى كــور قىلىۋېتىپتۇ» دېدىم، «ئاندىن شەھەرنى تاشلاپ باشقا بىر يەرگە كېتىپتۇ.»

_ دېـمەك، تەڭرىنىـڭ دېگىنـى ئـاخىرى بوپتـۇ،_ دېـدى مـاھمۇت ئۇسـتام،_ ھـېچكىم تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ بـۇ ھىكايىـدىن تەقـدىر ھەققىـدە بىـر ئىبـرەت چىقارغانلىقىـدىن ھەيران قالغانىدىم. تەقدىر تېمىسىنى ئۇنتۇپ كەتكۈم كەلدى.

_ شۇنداق، ئودىپۇس ئۆزىنى جازالىشىغا ۋابا تۈگەپتۇ ۋە شەھەرمۇ ۋابادىن قۇتۇلۇپتۇ.

_ سەن بۇ ھىكايىنى ماڭا نېمىشقا سۆزلەپ بەردىڭ؟

_ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن،_ دېدىم. ئىچىمدە بىر گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى.

_ ھىكايەڭنى ياقتۇرمىدىم بايۇەچچە،_ دېدى ماھمۇت ئۇسـتا،_ سـەن ئوقۇۋغـان نـېمە كىتاب ئىدى؟

_ چۈش ھەققىدە بىر كىتابتى.

ماھمۇت ئۇسـتامنىڭ ماڭا ئىككىـنچىلەپ «سـەن بىـر ھىكـايە سـۆزلەپ بـاق، قېنـى!» دېمەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

# ئونىنچى باب

ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئاخشاملىرى بازاردا قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ بىر تەرتىپى بار ئىدى: ئاۋۋال كۆزەينەكلىك تاماكىچىدىن ياكى تېلېۋىزورى ئوچۇق تۇرىدىغان دۇكانىدارىدىن ئۇستامنىڭ تاماكىسىنى ئالاتتۇق. ئاندىن تېخىچە ئوچۇق تۇرغان تاقىچىنىڭ دۇكىنىغا ياكى ياغاچچىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۆتەتتۇق. ماھمۇت ئۇستام سامسۇنلۇق ئۇ ياغاچچى بىلەن ئەل-ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى؛ بەزىدە ئۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر تال چېكىۋالاتتى. بۇ ئارىلىقتا مەن، ئۇستامغا چاندۇرمايلا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دەرىزىسىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن مەيدانغا بېرىپ كېلەتتىم. بەزىدە ياغاچچىنىڭ دۇكىنى تاقاقلىق بولاتتى، ئۇستام «يۈرە، ئاۋۇ يەردە مەن ساڭا بىر چاي بۇيرۇتاي» دەيتتى، مەيدانغا تۇتىشىدىغان كوچىدىكى رۇمەلى قەھۋەخانىسىنىڭ ئىككى قاناتلىق ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى بوش ئۈستەللەرنىڭ بىرىدە ئولتۇراتتۇق. بۇ يەردىن مەيدان كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن قىزىل چاچلىق ئايال تۇرىدىغان بىنا كۆرۈنمەيتتى. ئارىلىقتا بىر باھانە تېپىپ ئورنۇمدىن تۇراتتىم، بىنانىڭ دەرىزىسى كۆرۈنگىچە مېڭىپ، چىراقلارنىڭ يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ قايتىپ كېلەتتىم.

رۇمەلى قەھۋەخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەن ئۇ يېرىم سائەتتە، ماھمۇت ئۇستام شۇ كۈنى قۇدۇق كولاپ كەلگەن يېرىمىزنىڭ، ئىشىمىزنىڭ قىسقىچە بىر خۇلاسىسىنى چوقۇم چىقىراتتى. «تاش قاتلىمى بەك قاتتىق، لېكىن ئەنسىرىمە، مەن ئۇنى ھەل قىلىمەن» دېگەنىدى تۇنجى ئاخشىمى. «شاگىرت ئۇستىسىغا ئىشىنىشى كېرەك!» دېدى ئىككىنچى ئاخشام مېنىڭ تاقەتسىزلەنگەنلىكىمنى كۆرۈپ. «ھەربىي ئۆزگىرىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك دىنامىت(زايوم) بىلەن پارتلاتقىلى بولغان بولسىغۇ ئىشىمىز ئاسان ئىدى» دېدى ئۈچىنچى ئاخشىمى. «ھەربىيلەر چەكلىۋەتتى.»

بىر ئاخشىمى ئاقكۆڭۈل بىر دادىغا ئوخشاش مەن بىلەن «قۇياش» كىنوخانىسىغا بىللە كەلدى؛ باللار بىلەن بىللە تامنىڭ پاكار بىر بۇلۇڭىدا كىنو كۆردى. چېدىرىمىزغا قايتىپ كەلگەدە بولسا «بىر ھەپتە ئىچىدە سۇ چىقىرىمەن، ئەتە تېلېفوندا ئاناڭغا شۇنداق دېگىن، ئەنسىرىمىسۇن» دېدى.

لېكىن تاش يېرىلمايۋاتاتتى.

ماھمۇت ئۇستام بازارغا كىرمىگەن بىر ئاخشىمى چېدىر تىياتىرخانىسىغا غىپپىدە

كىرىۋالـدىم ۋە كـىـرىش ئېغىزىغـا تارتىلغـان لاتىغـا يېزىلغـانلارنى ئوقـۇدۇم: «شـائىرنىڭ ئىنتىقامى، رۇستەم بىلەن سۇھراب، تاغلارنى تەشكەن پەرھات. تېلېۋىزوردا كۆرستىلمىگەن سەرگۈزەشتىلەر» دەپ يېزىلغان ئىدى. ھەممىدىن بەك تېلېۋىزوردا كۆرستىلمىگەن دېگەن يېرىگە قىزىقىپ قالدىم.

كـىـرىش ھەققى مـاھمۇت ئۇسـتام ماڭـا بەرگەن كۆنلـۈك ئـىش ھەققىمنىـڭ بەشـتىن بىرىچىلىك كېلەتتى؛ بالىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېتىبار قىلىدىغان بىرەر ئىشارەتمۇ يوق ئىدى. ئەڭ چوڭ بىر لوزۇنكىغا « ئەسكەرلەرگە ئالاھىدە ئېتىبـار» دەپ يېزىلىـق تـۇراتتى. «شەنبە، يەكشەنبە سائەت: 13:30 ۋە 15:00 »

«ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر تىياتىرخانىسى» غـا مـاھمۇت ئۇسـتام ئـۇلار توغرۇلـۇق يامـان گەپلەرنـى قىلغـانلىقى ئۈچـۈن بـارغۇم كەلگەنلىكىنـى سـېزىپ تـۇراتتىم. بـىـز ئۆنگـۆرەنگە چۈشكەن ئاخشاملىرى، مـاھمۇت ئۇسـتام يېنىمـدا بولسـۇن، بولمىسـۇن، بـىـر باھـانە بىـلەن چېدىرلارغا يېقىنلىششىنى، ئۇ تاتلىق سىرىق رەڭگە پەقەت بولمىغاندا يىراقتىن بولسىمۇ بىر قارىۋېلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم.

بىر قېتىم ماھمۇت ئۇستام چاي ئۇستىلىدىكى چاغدا، مەيدانغا بېرىپ قىزىـل چـاچلىق ئايالنىـــڭ پەقەت يورۇمايـــدىغان دەرىزىلىـــرىگە يەنە بـــىر رەت قاراپـــدىم. ئانـــدىن بـــىردەم ئايلىنىش ئۈچۈن كىرگەن ئاشخانىلار كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، مەن قىزىـل چـاچلىق ئايالنىـڭ ئۆكسى دەپ قالغان ياش بالىغا ئۇچراپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم.

بـۇ يـاش بـالا مەنـدىن بەش، ئـالتە يـاش چـوڭ بولسـا كېـرەك. بىردەمـدىلا مەيـدانغا كىردى ۋە مەن دەرىزىلىرىگە قارايدىغان بىنانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ غايىپ بولـدى. يـۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. قايسى قەۋەتنىڭ چىراقلىرى يانار بولغىيتتى؟ قىزىـل چاچلىق ئايال ئاشـۇ يەردە بولغىيمىدى؟ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ چىراقلىرى يېنىۋېدى تېخىمۇ بەك ھاياجانلىنىـپ كەتتىم. لېكىن شۇ چاغدا قىزىـل چاچلىق ئايالنىڭ ئۆكسـى بىنـادىن چىقىـپ مەن تەرەپكە قـاراپ كېلىۋاتـاتتى. ھەم ئۇسـتىدە چىراقلارنـى يېقىـپ قويـۇپ، ھەم ئوخشـاش بـىـر ۋاقىتتـا ئىشىكتىن چىقالمايدىغانلىقى ئۈچۈن كاللام ئېلىشىپ كەتتى.

ئـۇدۇل ماڭـا قـاراپ كېلىۋاتـاتتى. بەلكـىم ئۇنىـڭ ئىزىغـا چۈشـكەنلىكىمنى، ئاچىسـىغا باشقىچە نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىـپ قالغـان بولۇشـى مۇمكىـن ئـىدى. جىددىيلىشىـپ پويىز ئىستانسىسى بىناسىغا كىردىم ۋە بىر چەتتىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا ئولتـۇردۇم. بىنانىـڭ ئىچى سۆرۈن ۋە جىمجىت ئىدى.

لـېكىن قىزىـل چـاچلىق ئايالنىـڭ ئۆكسـى پـويىز ئىستانسىسـىغا ئەمەس، رۇمەلـى قەھۋەخانىسىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ھـازىرلا ئۇنىڭغـا ئەگىشىـپ ماڭسـام، چىيىنـى

ئىچىپ بولغان ماھمۇت ئۇستام مىنى كۆرۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، پاراللېل كوچىدىن يۈگۈرگەندەك يۇقىرىغا چىقىپ، يەنە بىر كوچىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ كەينىدە ساقلىدىم. ئالدىمدىن خىيال سۈرگەن پېتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كەينىگە چۈشتۈم.

ياغاچچىنىڭ كوچىسىدىن، قۇياش كىنوخانىسىنىڭ ئارقىسىدىن، تۆمۈرچىنىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، كىلىپ -كېتىپ، كوچىلاردا مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرۈپ، ئۆڭكۆرەننىڭ بارلىق كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىمنى تېخىچە ئوچۇق تۇرغان دۇكانلارنى، ساتىراشخانىلارنىڭ ئەينەكلىك دەرىزىلىرىنى، ئانامغا تېلېفون قىلغان پوچتىخانىنى كۆرۈپ چۈشىنىپ يەتتىم.

قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇكىسىنىڭ بازارنىڭ سىرتىدىكى پارقىراق سېرىق رەڭلىك تىياتىر چېدىرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۇستامنىڭ يېنىغا قايتتىم.

_ نەگە باردىڭ؟

_ئانامغا تېلېفون قىلدىم،_ دېدىم.

_ ئاناڭنى سېغىنىپ كەتتىڭمۇ؟

_ ھەئە، سېغىندىم.

_ ئاناڭ نېمە دەيدۇ؟ تاشنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپلا سۇ چىقىرىدىغانلىقىمىزنى، كۆپ بولسا بىر ھەپتىدە ئۆيگە قايتىدىغانلىقىڭنى دېدىڭمۇ؟

_ دېدىم.

ئانامغا، ئاخشاملىرى توققۇزغىچە ئوچۇق تۇرىدىغان پوچتىخانىدىن تېلېفون قىلاتتىم. مۇلازىم قىز ئاۋۋال تېلېفوندا ئانامنىڭ ئىسمىنى سورايتتى، «ئاسۇمان خانىم، ئۆڭكۆرەندىن جەم چەلىك سىز بىلەن پاراڭلاشماقچى، قوبۇل قىلامسىز؟» دەپ داۋام قىلاتتى.

_ قوبۇل قىلىمەن،_ دەيتتى ئانام ھاياجانلىنىپ.

مۇلازىم قىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇشى، بۇ خىل ئالدىن خەۋەر يەتكۈزىلىدىغان تېلېفوننىڭ قىممەتلىكى ئىككىلىمىزنى تەبىئىيلىكتىن ئۇزاقلاشتۇراتتى، بىر-بىرىمىزگە ئوخشاش گەپلەرنى تەكرار دېيىشەتتۇق، كېيىن جىم بولۇپ قالاتتۇق.

ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ياتلىشىش ۋە جىمغۇرلۇق ئۇ كېچە قايتىش يولىمىزدا ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئىككىمىزنىڭمۇ ئارىمىزغا كىردى. يۇلتۇزلارغا قارىغاچ بىزنىڭ دۆڭدىن چىقىۋاتقاندا پەقەتلا پاراڭلاشمىدۇق. گويا بىر جىنايەت سادىر قىلغان ئىدۇق ۋە سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە تومۇزغىلار جىنايىتىمىزگە شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئالدىمىزغا قاراپ ئۈندىمەيۋاتاتتۇق. مازارلىقنىڭ ھۇۇقۇشى سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بىزگە سالام قىلدى.

چېدىرغا كىرىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ماھمۇت ئۇستام ئاخىرقى بىر تال تاماكىسىنى تۈتاشتۇردى. «تۈنۈگۈن سەن سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى شاھزادىنىڭ ھېكايىسى بارغۇ؟» دەپ گەپ باشلىدى. «مەن بۈگۈن ئويلىدىم ئۇنى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايەم بار.»

دەسلەپتە، ئودىپۇس ئەپسانىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقى ئەقلىمگە كەلمىگەن ئىدى. لېكىن شۇ ھامانلا: «ئاڭلاي ئۇستام» دېگەنىدىم.

_ بەك قەدىمكى بىر زاماندا، سېنىڭكىگە ئوخشاش بىر شاھزادە بولغانىكەن،_ دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ماھمۇت ئۇستام.

شاھزادە، پادىشاھ دادىسىنىڭ ئەڭ ئامراق چوڭ ئوغلى ئىكەن. دادىسى بالىسىغا بەكلا يول قويىدىكەن، ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە ماقۇل دەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆچۈن زىياپەتلەرنى، مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن. بىر قېتىم، بىر مۇراسىمدا شاھزادە، دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان قارا ساقاللىق، يۈزى قارا بىر ئادەمنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شاھزادە بىلەن ئەزرائىلنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە بىر-بىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارىشىپتۇ. جىددىيلىشىپ كەتكەن شاھزادە، مۇراسىمدىن كېيىن دادىسىغا مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى، غەلىتە قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ دادىسى ساراسىمغا چۈشۈپ «سەن ھېچكىمگە ئېيتماي ئۇدۇل ئىرانغا، تەبرىز سارىيىغا كەتكىن، ئۇ يەرگە مۆكۈۋال» دەپتۇ ئوغلىغا. «تەبرىز پادىشاھى ھازىر بىزنىڭ دوستىمىز، سېنى ھېچكىمگە بەرمەيدۇ.» ۋە ئوغلىنى دەرھال ئىرانغا يولغا سالغان ئايىمغا قويۇپتۇ. ‌كېيىن يەنە بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ھېچنىمە دېمەستىن قارا يۈزلۈك ئەزرائىلنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ.

_ پادىشاھىم، شاھزادە ئوغۇللىرى بۇ ئاخشام يوققۇ؟_ دەپتۇ ئەندىشە قىلغاندەك بىر ئىپادە ئىچىدە.

_ مېنىڭ ئوغلۇم تېخى بەك ياش،_ دەپتۇ پادىشاھ،_ ئىنشائاللاھ تېخى بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. سەن ئۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

_ ئۈچ كۈن بۇرۇن جانابىي ئاللاھ ماڭا ئىرانغا بېرىپ، تەبرىز شاھىنىڭ سارىيىدا ئوغۇللىرىنىڭ، يەنى سىلىنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىشىمغا ئەمىر قىلغان ئىدى،_ دەپتۇ ئەزرائىل،_ شۇڭا تۈنۈگۈن ئوغۇللىرىنى ئىستانبۇلدا، بۇ يەردە كۆرۈپ سۆيۈنگەن ئىدىم. ئوغۇللىرىمۇ مېنىڭ ئۆزىگە غەلىتە قارىغانلىقىمنى كۆرگەنىدى.

ئەزرائىل بۇلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن سارايدىن دەرھال ئايرىلىپتۇ.

## ئون بىرىنچى باب

ئەتىسى چۈشتە، تومۇز ئاپتىپى گەجگىمىزنى كۆيدۈرۈۋاتقاندا، ماھمۇت ئۇستام ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان تاش يېرىلىپ چېقىلدى. باشتا سۆيۈندۇق، لېكىن دەرھاللا تېزلىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى كۆردۇق. چۈنكى ئۇستىمىز پارچىلىغان تاش پارچىلىرىنى بىز ئىككى شاگىرتنىڭ ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىشىغا جىق ۋاقىت كېتىۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن، ماھمۇت ئۇستام ئۆزىنى ئۈستىگە تارتقۇزدى. «مەن ئۇستىدە بىرىنچىلار بىلەن چىغرىقنى تارتىشىپ بەرسەم، ئاستىنى بالدۇراق بىكارلاپ بولىمىز» دېدى. «ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار پەسكە چۈشۈڭلار، مەن بۇ يەردە تۇراي، قايسىڭلار چۈشىسىلەر؟» ئەلى بىلەن ئىككىمىز ئۇن چىقارماي تۇرۇۋالدۇق.

_ئەلى چۈشسۇن پەسكە،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ مېنى قوغدىغانلىقىدىن خوش بولدۇم. ئەلى بىر پۈتى بىلەن چېلەككە دەسسىدى، چىغرىقنى ئالدىرىماي ئايلاندۇرۇپ ئۇنى پەسكە چۈشۈردۇق. ئەمدى ئۇستام بىلەن ئىككىمىز يۇقىرىدا ئىدۇق. مېنى پەسكە چۈشۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن مىننەتدار ئىدىم ۋە بۇنى قاراشلىرىم ۋە گەپ-سۆزلىرىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەرمەنمۇ، دەپ غەم قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ھەر دېگىنىنى ئاشۇرۇپ دېگۈدەك بىجا كەلتۈرۈش _ ئەسلىدە مەن ياقتۇرىدىغان بىر تۇيغۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئاشۇنداق قىلسام، قۇدۇق كولاش جەريانىدا ئىشىمنىڭ ئاسانلىشىدىغانلىقىغا ۋە سۇنى بالدۇراق چىقىرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم. چىغرىقنى ئايلاندۇرۇۋېتىپ ياكى ئەلنى ساقلاۋېتىپ ئۆز-ئارا پاراڭلىشاتتۇق ياكى ئەتراپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلارنى تىڭشايتتۇق.

تومۇزغىلارنىڭ پەقەتلا ئۈزۈلۈپ قالمىغان ۋە بىر ئاۋازدەكلا ئاڭلىنىدىغان جىزىلدىشى كېلىپ تۇراتتى. بۇ زىل ئاۋازنىڭ ئاستىدىكى تېرەن ۋە قالايمىقان شاۋقۇن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىستانبۇلنىڭ خورۇلدىشى ئىدى. بۇ شاۋقۇننى تۈنجى كەلگىنىمىزدە ئاڭلىمىغان ئىدىم. بۇ ئاۋازغا قوشۇلۇپ باشقا ئاۋازلارمۇ كېلەتتى: قاغىلارنىڭ، قارلىغاچلارنىڭ ۋە مەن بىلمەيدىغان سان-ساناقسىز قۇشلارنىڭ بەزىدە ۋارقىرىغاندەك،

بەزىدە يالۋۇرغاندەك، بەزىدە قاخشاۋاتقاندەك چىقىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتۇق؛ كېيىن ئىستانبۇلدىن ياۋرۇپاغا كېتىۋاتقان ئۇزۇن بىر يۈك پويىزىنىڭ «تاراق-تاراق»لىرىنى ۋە ئىسسىقتا قۇراللىرىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ «ياياقلار، ياياقلار» دەپ ئوقۇۋاتقان ناخشىلىرىنى تىڭشايتتۇق.

بەزىدە كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالاتتى. ماھمۇت ئۇستام مەن توغرۇلۇق زادى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ مېنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرسەكەن ۋە قوغدىسىكەن، دەيتتىم. لېكىن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسىلا باشقا تەرەپكە قارىۋالاتتىم.

بەزىدە ماھمۇت ئۇستام «قارا، يەنە ئايروپىلان كەلدى» دەيتتى. ھەر ئىككىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئايروپىلانغا قارايتتۇق. يەشىلكۆيدىكى ئايرودرومدىن كۆتۈرۈلگەن ئايروپىلانلار ئىككى مىنۇت يۇكسەلگەندىن كېيىن بىزنىڭ ئۇستىمىزدە يۆنىلىشلىرىنى ئۆزگەرتەتتى. ئۇ ئارىلىقتا ئەلى پەستىن «تارتىڭلار» دەپ تۇۋلايتتى، تۆمۈر، نىكېل(نىكېلنىڭ قايسى ئېلېمېنت ئىكەنلىكىنى ماھمۇت ئۇستام ماڭا كۆرسىتىپ قويغانىدى) ئارىلاش تاش پارچىلىرىنى غىچىرلاپ تۇرىدىغان چىغرىقنى ئاستا-ئاستا تارتىپ يۇقىرىغا چىقىرىپ، ھارۋىغا تۆكەتتۇق.

ماھمۇت ئۇستام چېلەك ھەر قېتىم ئۇستىگە چىققاندا، پەستىكى ئەلىگە قاراپ تۇۋلايتتى، بۇنچىلىك تولدۇرماسلىقنى، چوڭ پارچىلارغا چېقىلماسلىقنى، چېلەكنىڭ ئىلمەككە ياخشى ئىلىنغان-ئىلىنمىغانلىقىغا ئوبدان قارىشنى جېكىلەيتتى.

قول ھارۋىسىنى تۆكۈپ كېلىشكە مەن باراتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈر، نىكېل ۋە غەلىتە تاش پارچىلىرىدىن بىر دۆۋە شەكىللەندى. بۇ تاشلارنىڭ رەڭگى، قاتتىقلىقى، زىچلىقى بىز دەسلەپكى يەتتە، سەككىز كۈندە كولاپ چىققان تۇپىدىن شۇنچىلىك پەرقلىق ئىدىكى، ئادەم بۇلارنىڭ باشقا بىر ئالەمدىن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ قالاتتى.

يەر ئىگىسى ھايرى بەي ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە، ماھمۇت ئۇستام سۈرئىتىمىزنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىنى، بۇ قاتتىق تاشلىقنىڭ ئاسان تۈگىمەيدىغانلىقىنى، لېكىن باشقا يەردە يېڭى بىر قۇدۇق كولاش نىيىتىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. سۇنى مۇشۇ يەردىن چىقارماقچى ئىدى.

توقۇمىچىلىق سودىگىرى ھايرى بەي، ماھمۇت ئۇستامغا قۇدۇقنىڭ مېتىر سانىغا ئاساسەن ھەق بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا سۇ چىققاندىن كېيىن بېرىدىغان كاتتا ئىش ھەققى ۋە بىرگىمۇ بېرىدىغان مۇكاپاتلار، ئۆرۈملەرمۇ بار ئىدى. بۇ خىل ھەق تۆلەش قائىدىلىرى قۇدۇقچى ئۇستىلار بىلەن قۇدۇق كولاتقۇچىلار ئارىسىدا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئەنئەنە ۋە ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. قۇدۇقچى سۇ تېپىلمايدىغان، تەس بىر يەردە

قۇدۇق كولىسا، ئاخىرىدا بىرىلىدىغان مۇكاپاتتىن قۇرۇق قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا، يەر تالالىغاندا بەك دىققەت قىلاتتى. ياكى يەر ئىگىسى «مۇشۇ يەرگە كولا» دەپ بەك چىڭ تۇرۇۋالسا، قۇدۇقچى مېتىر سانىغا قاراپ ھەققىنى ئېلىۋېرەتتى. بەزى قۇدۇقچى ئۇستىلار «ئۇ يەرگە كولا دېسەڭ، ھەر بىر مېتىر ئۈچۈن مۇنچىلىك ئارتۇق ھەق ئالىمەن» دەپ، سۇ چىقماي قېلىش ئېھتىمالىغا قارشى ئۆزىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. بەزىلىرى ئون مېتىردىن كېيىن مېتىر بېشىغا ئالىدىغان ھەققنى كۆپەيتەتتى.

ھەم قۇدۇقچى ئۇستىنىڭ، ھەم يەر ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتى چىقىدىغان سۇدا بولغاچقا، بىر يەردىن سۇ چىقمايدىغانلىقىغا بىللە قارار چىقىرىش  تولىمۇ تەبىئىي ئىدى. بەزىدە، يەر ئىگىلىرى ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىپ، سۇ تېپىش تەس بىر نۇقتىدا(تاشلىق، قۇملۇق، قۇرغاق، توپىسى ئوچۇق رەڭلىك) چىڭ تۇرۇۋالاتتى، قۇدۇقچى مېتىر بېشىغا ھەق ئالغانلىقى ئۈچۈن ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرەتتى. ياكى تاش چىقىپ قالسا، كولاش ئاستىلاپ كەتسە، قۇدۇقچى مېتىر بېشىغا قاراپ ئەمەس، كۈن بېشىغا قاراپ ھەق تەلەپ قىلىسا بولاتتى. بەزىدە يەر ئىگىسى بىر يەردىن سۇ چىقىدىغان-چىقمايدىغانلىقىغا قارار چىقارسا بولاتتى. ئۇنداق چاغلاردا بەزى قۇدۇقچىلار، سۇ چىقىشقا ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كولاشتا چىڭ تۇرۇۋالاتتى، يەنە بىر قانچە كۈن تەلەپ قىلاتتى. ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم.

ئەتىسى ئاخشىمى ماھمۇت ئۇستام بىلەن بازارغا كىرگەندە، تۆت كۈن بۇرۇن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇكىسىنى كۆرگەن ۋاقتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن، يەنى ئاخشام سائەت 8:15 تە ئاشخانىلار كوچىسىغا كىردىم ۋە ئۇكىسى چىققان ئازاتلىق ئاشخانىسىنىڭ دەرىزىسىدىن ئىچىگە نەزەر سالدىم. دەرىزىنىڭ پەردىسى يېرىم چۈشۈرۈكلۈك ئىدى. تونۇش-بىلىش ھېچكىم كۆزۈمگە چېلىقمىغاچقا، جەزىم قىلىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ يېرىمى بوش ئاشخانىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردۈم، لېكىن ھاراق پۇراقلىرىنىڭ ئىچىدە نە بىر تونۇش چىراي، نە قىزىل چاچلىق بىرەرسىنى كۆرمىدىم.

ئەتىسى تاشنىڭ ئاستىدىن يۇمشاق توپا چىقتى. لېكىن ماھمۇت ئۇستام ئانچە بەك تېزلىششقا ئۇلگۈرمەستىنلا، ئاخشامغا يېقىن بىر چاغدا يەنە بىر تاشلىققا دۈچ كەلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى رۇمەلى قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرغان چېغىمىزدا سالپىيىپ، دىمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھېچبىر ئىزاھات بەرمەستىنلا ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئاۋۋال مەيدانغا بېرىپ ئۇدۇل تەرەپتىكى بىنانىڭ دەرىزىسىگە قارىدىم. قارشى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىغا قاتار تىكىلگەن بادام دەرەخلىرىنىڭ سەۋەبىدىن دەرىزىنى تۈزۈك كۆرەلمىگەچكە، ئاشخانىلار كوچىسىغا كىردىم. ئازاتلىق ئاشخانىسىنىڭ يېرىم چۈشۈك

پەردىسىدىن ئىچىگە قارىدىم ۋە قىزىل چاچلىق ئايال، ئۇكىسى، ئانىسى ۋە باشقا تۆت-بەش كىشىنىڭ دەرىزە تەرەپتىكى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

هاياجاندىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا ئىچىگە كىرىپ سالدىم. ئۇ ئۇستەلدىكىلەر بىر-بىرى بىلەن چاخچاقلىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى، ماڭا دىققەت قىلىشمىغان ئىدى. ئالدىدا راكى ۋە پىۋا شىشىلىرى تۇراتتى. قىزىل چاچلىق ئايالمۇ ئۇ يەردە بولۇۋاتقان بىر گەپنى تىڭشاۋاتاتتى، تاماكا چېكىۋاتاتتى.

مۇلازىملاردىن بىرى «بىرسىنى ئىزدەمتىڭ؟» دېدى ماڭا.

ئۇستەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇئان ئۆرۈلۈپ ماڭا قاراشتى. يان تەرەپتە كەڭرى بىر ئەينەك بار ئىدى، ھەممىسىنى ئۇ يەردىنمۇ كۆرەلەيتتىم. بىردەم قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. چىرايىدا يەنە شۇ ئوخشاش مېھرىبانلىق ۋە بۇ قېتىم خۇشاللىق ئىپادىسى بار ئىدى. ماڭا دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. بەلكىم مەسخىرە قىلىشۋاتاتتى. كىچىك قوللىرى ئۇستەلنىڭ ئۈستىدە توختىماي ھەرىكەت قىلىشۋاتاتتى.

مۇلازىمغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدىم. «ئاخشام سائەت ئالتىدىن كېيىن بۇ يەرگە ئەسكەرلەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن.» دېدى.

_ مەن ئەسكەر ئەمەس،_ دېدىم.

_ ئون سەككىزدىن كىچىكلەرمۇ چەكلەنگەن. بىرەر تونۇشۇڭ بولسا بولىدۇ، بولمىسا بىزدىن خاپا بولما.

_ئۇ بىزنىڭ تونۇشىمىز، قويۇپ بەر ئولتۇرسۇن،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال مۇلازىمغا . ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ماڭا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تونۇيدىغان بىرىگە قارىغاندەك قاراۋاتاتتى. قارىشى ئۇ قەدەر تاتلىق ۋە دوستانە ئىدىكى، ئىچىم شادلىققا تولدى. ۋە مەنمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىدىم. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ مەندىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

مۇلازىمغا ھېچنېمە دېمەستىنلا شۇ ھامان تېشىغا چىقتىم ۋە رۇمەلى قەھۋەخانىسىغا قاراپ ماڭدىم.

_نەگە كەتتىڭ؟_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ ھەر كۈنى ئاخشىمى مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

_ئۇستام، بۇ يېقى چىققان تاش بەك ئىچىمنى سىقىۋەتتى،_ دېدىم، تاش تۆگمەي قالسا قانداق قىلىمىز؟

_ ئۇستاڭغا ئىشەن، سەن مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سەل ۋە خاتىرجەم بول، مەن ئۇ

يەردىن سۇ چىقىرىمەن.

دادامنىڭ چاخچاقلىرى، گەپلىرى مېنى خوشال قىلاتتى، ئويلاندۇراتتى، شۇ باھانە بىلەن ئۆز ئەقلىمنى تاپاتتىم. لېكىن دائىم ئۇنىڭغا ئالدانمايتتىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ سۆزلىرى بولسا تەسەللى ۋە ئىشەنچ بېرەتتى. سۇ چىقىرالايدىغانلىقىمىزغا مەنمۇ بىر مەزگىل ئىشەندىم.

# ئون ئىككىنچى باب

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە ھەم يېڭى چىقىپ قالغان تاشنى تۆگىتەلمىدۇق، ھەم قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرەلمىدىم. ئازاتلىق ئاشخانىسىدا مېنى قوغلىماقچى بولغان مۇلازىمىدىن مېنى قوغدىشى، مېھرىبانلارچە قاراشلىرى ۋە مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرىگەن چېغىدا يۇمۇلاق لەۋلىرى كىرگەن چىرايلىق شەكىل كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى. بويى ئېگىز، قاملاشقان ۋە ئىنتايىن جەلپكار ئىدى. ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئەلى كۈنبويى نۆۋەتلىشىپ قۇدۇققا چۈشۈپ، پەستە قازغۇچ بىلەن تاشنى ئاستا-ئاستا پارچىلاۋاتاتتى. ئىش ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتاتتى ۋە ئىسسىق بىزنى تۆگەشتۈرىۋاتاتتى. لېكىن تاش پارچىلىرىنى چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ تارتىپ چىقىرىش، ئاندىن ئۇلارنى ھارۋا بىلەن ئاپىرىپ تۆكۈش ماڭا ئۇنچە ئېغىر كەلمەس بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ مېنى تونۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغان سۆيگۈ ۋە مېھرىبانلىققا تولغان بېقىشلىرىنى ئەسلەش ماڭا كۇپايە ئىدى، يېقىندا سۇ چىقىرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتىم.

ماھمۇت ئۇستام ئۆڭگۆرەڭگە چۈشمىگەن بىر ئاخشىمى تىياتىر چېدىرىنىڭ تۈۋىگىچە باردىم، ئۆچرەتتە تۇرۇپ بىلەت ئالماقچى بولدۇم. لېكىن بىلەت سېتىش ئورنى سۈپىتىدە قويۇلغان ئۈستەلدە ئولتۇرغان ناتونۇش بىر ئادەم «ساڭا ماس كەلمەيدۇ» دەپلا مېنى رەت قىلدى.

دەسلەپتە مېنىڭ يېشىمنى كۆزدە تۇتقان چېغى دەپ قاپتىمەن. لېكىن كىچىك بازارلاردا، ھېچكىم دىققەت قىلمىغاچقا ئەڭ رەسۋا جايلارغىمۇ باللار كىرىۋالاتتى، ھېچكىممۇ بىر نەرسە دېمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاللىقاچان 17 ياشقا كىرگەن ئىدىم ۋە ھەممە ئادەمنىڭ دېگىنىدەك يېشىمدىن چوڭراق كۆرۈنەتتىم. بەلكىم ئىشىكتىكى ئادەم «ساڭا ماس كەلمەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق، تىياتىردىكى ئەدەپسىزلىكلەر ۋە چاكىنىلىقلارنىڭ مەندەك شەھەرلىك، تەربىيە كۆرگەن بىر بايۋەچچىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى دېمەكچىدۇ. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئەسكەرلەر ئۈچۈن قىلىنىدىغان بۇ ئەدەپسىزلىك ۋە قىلىقسىز چاخچاقلار بىلەن ئالاقىسى بار بولغىيمىدى؟

بازاردىن قايتقۇچە يۇلتۇزلارنىڭ سان-ساناقسىز ئىكەنلىكىگە قاراپ، يازغۇچى

بولىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم خىيال قىلدىم. ماھمۇت ئۇستام تىلپۇزور كۆرگەچ مېنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئاخشام تىياتىرغا بارغان-بارمىغانلىقىمنى يەنە سورىدى، مەن بارمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ۋە كۆزلىرىدىن ئۇستامنىڭ ماڭا ئىشەنمىگەنلىكىنى چۈشەندىم. لەۋلىرىنىڭ بىر بۇرجىكىدە مەسخىرە قىلغۇچى بىر ئىپادە بار ئىدى.

كۆنبويى چىغرىقنى بىللە ئايلاندۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ يەنە شۇ ئوخشاش مەسخىرىۋاز ئىپادە بەزىدە ماھمۇت ئۇستامنىڭ يۈزىدە پەيدا بولاتتى؛ ئۇنداق چاغلاردا بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىمنى، ئۆزۈممۇ بىلمەستىن ئۇستامنى ئۇمىتسىزلەندۈرۈپ قويغانلىقىمنى گۇناھكارلارچە ئويلاپ كېتەتتىم. نىمىنى خاتا قىلغان بولغىيتتىم؟ چىغرىقنى كۈچەپ ئايلاندۇرماسلىق، چىلەكنىڭ ئىلمىكىگە دىققەت قىلماسلىق ياكى ھەرقانداق بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قۇدۇقتىن سۇ چىقمىغانسىرى ماھمۇت ئۇستامنىڭ چىرايىغا ئەيىپلەش، مەسخىرە قىلىش، ھەتتا گۇمان قىلىش ئىپادىلىرى چىققىلى تۇرغاندى، مېنىڭمۇ بۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

دادام ماڭا ماھمۇت ئۇستامدەك ئۇنداق كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. ماھمۇت ئۇستامغا ئوخشاش، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزەلمەيتتىم. لېكىن دادام ھېچبىر زامان ماڭا مېنى ياراتمىغاندەك قارىمايتتى. ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلسام، دادام تۇرمىدە ئازاپ چېكىۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتىم. ماھمۇت ئۇستام قانداقسىگە مەندە بۇ خىل تۇيغۇنى قوزغىيالىغان بولغىيتتى؟ نىمىشقا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇم، داۋاملىق ئۇنى خوش قىلغۇم كەلگەن بولغىيتتى؟ بەزىدە چىغرىقنى بىللە ئايلاندۇرىۋېتىپ بۇ سوئاللارنى جاسارەت بىلەن ئۆزۈمدىن سورىماقچى بولاتتىم لېكىن بۇنىمۇ قىلالمايتتىم، كۆزلىرىمنى ئۇستامدىن ئېلىپ قاچاتتىم، ئىچ-ئىچىمدىن ئۇنىڭغا ئاچچىقىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالسام ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەلەيتتىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى تېلىۋىزوردىكى چاپاق كۆرۈنۈشلەرگە قارىغاچ دېگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭچە تۇپراق، يەر ئاستىدا قەۋەت-قەۋەت ئىدى. بەزى قەۋەتلەر شۇنچىلىك قېلىن ۋە چوڭ بولاتتىكى، ئۇنداق يەرگە قۇدۇق كولاپ قالغان بېكىياچى قۇدۇقچى ئۇ قاتتىق قەۋەتنىڭ تېگى يوق دەپ قالاتتى. ھالبۇكى، قېرىشىپ تۇرۇپ كولىسا، باشقا بىر تومۇرغا ئۇچراپ قالاتتى. بۇ قەۋەتلەرنى ئەسلىدە ئىنسان بەدىنىدىكى تومۇرلارغا ئوخشىتىشقا بولاتتى. خۇددى تومۇرلار ئىنسانلارغا قان يەتكۈزۈپ بەرگەندەك، يەر ئاستىدىكى بۇ يوغان تومۇرلار دۇنياغا تۆمۈر، سېنىك، گەج ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دەريالار، ئېقىنلار ۋە چوڭ، كىچىك يەر ئاستى كۆللىرىمۇ بولاتتى.

ماھمۇت ئۇستام ئەك ئويلىمغان يەردە، ۋە ۋاقتتا بىردىنلا قۇدۇقتىن سۇ چىقىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مەسىلەن، بەش يىل بۇرۇن سارىيەرنىڭ كەينىدە، قارا دېڭىزغا يېقىن بىر يەرگە ئۇنى تەكلىپ قىلغان سۇۋاسلىق بىر قۇدۇق كولاتقۇچى، قۇدۇقتىن كۆتلەپ سۇ ئورنىغا قۇم چىققانسېرى قورقۇپتۇ، سۇدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ ۋە قۇدۇق كولاشنى توختاتماقچى بوپتۇ. لېكىن ماھمۇت ئۇستام قۇمغا قاراپلا يېڭىلىشماسلىقنى، يەر ئاستىدىكى قەۋەتلەرنىڭ ئىنسانلىنىڭ تېنىدە بولغانغا ئوخشاش بەزىدە بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ چىقىرىپتۇ.

ماھمۇت ئۇستام ئىستانبۇلنىڭ قەدىمىي مەسچىتلىرىنىڭ قۇدۇقلىرىنى رېمونت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشكە بەك ئامراق ئىدى. «ئىستانبۇلدا قۇدۇقى يوق ھېچبىر قەدىمىي مەسچىت يوقتۇر» دېدى بىر قېتىم پەخىرلەنگەن ھالدا. يەھيا ئەپەندى جامەسىنىڭ قۇدۇقىنىڭ مەسچىتنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئىكەنلىكى ۋە ماھمۇت پاشانىڭ بولسا دۆڭگە چىققاندىن كېيىنكى ھويلىدا ۋە چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئوتتۇز بەش مېتىر كېلىدىغانلىقى دېگەندەك ئۇچۇرلار بىلەن گېپىنى باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ماھمۇت ئۇستام كونا قۇدۇقلارغا چۈشۈشتىن بۇرۇن چىلەكنىڭ ئىچىگە شام قاداپ، ئوت ياققاندىن كېيىن قۇدۇقنىڭ ئاستىغا چۈشۈرىدىكەن. شام قۇدۇقنىڭ ئاستىدىمۇ يېنىۋاتقان بولسا، ئىچىدە زەھەرلىك گازنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئاندىن ئۇ مۇبارەك جايغا چۈشىدىكەن.

ماھمۇت ئۇستام ئىستانبۇللۇقلارنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى قۇدۇققا تاشلىغان نەرسىلىرىنى ساناپ بېرىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى: قىلىچلار، قوشۇقلار، شىشىلەر، قاپلار، لامپىلار، مىلتىقلار، تاپانچىلار، قونچاقلار، باش سۆڭەكلىرى، تاغاقلار، تاقلار ۋە ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ھەر خىل نەرسىلەرنى تاپقاندى كونا قۇدۇقلاردىن. كۆمۈش پۇللارمۇ ئۇچرىغان ئىدى. ئېنىقكى بۇلارنىڭ بەزىلىرى سۇسىز، كور قۇدۇقلارغا يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن تاشلانغان ئىدى، كېيىن يىللاپ، ئەسىرلەپ ئۇنتۇلغان ئىدى. بۇ غەلىتە ئەمەسمىدى؟ ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگەن بىر نەرسىسىنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ ئاندىن ئۇنتۇپ كېتىشى ئەجىبا نېمىنىڭ ئىشارىتى ئىدى؟

# ئون ئۈچىنچى باب

بىز دىمىقتا بوغۇلۇپ كەتكەن ئۇ تومۇز كۈنلىرىدە، بىر چۈشلىكى يوك ماشىنىسى بىلەن كەلگەن يەر ئىگىسى ئەھۋالنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىر گەپ قىلدى: ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر نەتىجە چىقمىسا، بۇ قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، كولاشنى توختىتىپ قوياتتى. ماھمۇت ئۇستام ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۆزى يالغۇز داۋام قىلسا بولاتتى. لېكىن ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇ چىقمىسا، ھايرى بەي ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئەلگە كۈنلۈك ئىش ھەققى بەرمەيتتى. كۈنلۈك ھەققىنى ئالماي ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ماھمۇت ئۇستام سۇ چىقارسا، ھايرى بەي ئەلۋەتتە ئۇنى مۇكاپاتلاپ، بۇ يەردە قۇرۇلىدىغان فابرىكىنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۇستامغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەنگە جاكارلايتتى. لېكىن ماھمۇت ئۇستامدەك ماھارەتلىك، تىرىشچان ۋە دۇرۇست بىر قۇدۇقچىنىڭ، بۇ نانكور يەرنىڭ بۇ نۇقتىسىدا كۈچىنى، تالانتىنى ئىسراپ قىلىشىغا رازى ئەمەس ئىدى.

_ توغرا دەيسىز، بىز بۇ سۇنى ئۈچ ئەمەس، ئىككى كۈندە چىقىرىمىز،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام تەمكىن ھالدا،_ قەتئىي ئەنسىرىمەڭ خوجايىن.

ھايرى بەينىڭ يوك ماشىنىسى تومۇزغىلارنىڭ جىرىلداشلىرى ئىچىدە يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە لام-جىم دېيىشمىدۇق. ئاندىن سائەت 12:30 دا ئۆتىدىغان ئىستانبۇلغا ماڭىدىغان يولۇچىلار پويىزىنىڭ «تاراق-تاراق، تاراق-تاراق» لىرىغا قۇلاق سالدۇق. ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا ياتتىم، لېكىن ئۇخلىيالمىدىم. قىزىل چاچلىق ئايال ۋە تىياترىنى خىيال قىلىشمۇ ماڭا تەسەللىي بولالمايۋاتاتتى.

ياڭاق دەرىخىدىن بەش يۈز مېتىر نېرىدا، خوجايىنىنىڭ يېرىنىڭ تېشىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن قالغان بېتون ئىستىھكام بار ئىدى. بىر قېتىم مەن بىلەن بىللە كېلىپ قاراپ باققان ماھمۇت ئۇستامغا كۆرە، بۇ يەردە تانكا ۋە پىيادە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پىلىمۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇداپىيە ئىستىھكامى قۇرۇلغان ئىدى. يانتاق ۋە ئىت ئۈزۈملىرى بېسىپ كەتكەن ئىشىكىدىن ئىچىگە كىچىك بالىدەك قىزىقسىنىپ كىرگۈم كەلدى لېكىن قاملاشتۇرالمىدىم ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىپ خىيال سۈردۈم. ئۈچ كۈن ئىچىدە سۇ چىقماي قالسا، سوۋغات ئالالمايدىغان ئىش چىقاتتى. لېكىن بۇ يەردە يىغقان پۇللىرىمنىڭ ماڭا ھازىرچە يېتىدىغانلىقىنى ھېساپلاپ بولغانىدىم.

ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇ چىقماي قالسا، خوجايىن بەرمەكچى بولغان ئۆرۈم-پۆرۈملەردىن ۋاز كېچىپ، ئۆيگە قايتىپ كەتكەن تۇرۇپ ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆنگۆرەندە مەيىن شامالدا رۇمەلى قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرغان چېغىمىزدا «بىز كولىغىلى تۇرغىلى قانچە كۈن بولدى؟» دەپ سورىدى ماھمۇت ئۇستام. جاۋابىنى بىلىدىغان بۇ سوئالنى ئىككى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مەندىن سوراپ تۇرۇشقا ئامراق ئىدى.

ـ يىگىرمە تۆت كۈن بولدى،ـ دېدىم دىققەت بىلەن.

ـ بۇگۈننىمۇ قوشتۇڭمۇ؟

ـ ھەئە، بۈگۈن ئىشلىدۇق، بۈگۈننىمۇ ساناندىم.

ـباری يوقى ئاران ئون ئۈچ، ئون تۆت مېتىردەك تام قوپۇرۇپتۇق،ـ دېدى ماھمۇت ئۇستام كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئۇنى ئۈمىتسىزلەندۈرگەن خۇددى مەندەك قاراپ تۇرۇپ.

بىللە چىغىرىق چۆرۈۋاتقاندا ماڭا بۇ خىل نەزەردە جىق قارايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇنداق قارىغانسېرى ھەم ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلاتتىم، ھەم قارشى چىقىپ ئۇ يەردىن قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى، لېكىن كاللامغا كەلگەن ئويلاردىن قورقاتتىم.

تۇيۇقسىزلا يۇرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى. بىردەم قېتىپ قالغاندەك مىدىر-سىدىر قىلالماي قالدىم: قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ئائىلىسىدىكىلەر مەيداندىن ئۆتۈۋاتاتتى.

ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭسام ماھمۇت ئۇستام نىيىتىمنى بىلىپ قالاتتى. ئەقلىم بىر قارار چىقىرىپ بولغۇچە پۇتلىرىم ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بولدى. ماھمۇت ئۇستامغا ھېچنىمە دېمەستىنلا ئۇستەلدىن تۇردۇم. ئاۋۋال، ئۇلارنى كۆزۈمدىن قاچۇرمىغان ھالدا يەنە بىر كوچىغا قاراپ ماڭدىم، بۇنداق بولغاندا ماھمۇت ئۇستام مېنى ئانىسىغا تېلېفون قىلغىلى ماڭدى، دەپ قالاتتى.

قىزىل چاچلىق ئايال ئېسىمدە قالغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېگىز ئىدى. نېمىشقا ئەگەشكەن بولغىيتتىم ئۇلارغا؟ مەن ھەتتا ئۇلارنى تونۇمايتتىم. لېكىن ئارقىلىرىدىن ئەگىشىپ ماڭسام ئۆزۈمنى شۇنداق ياخشى ھېس قىلىۋاتاتتىم. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ماڭا يەنە «سېنى تونۇيمەن» دېگەن نەزەردە مېھرىبانلىق بىلەن قارىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم. گويا ئۇ ئايالنىڭ مېھرىبان ۋە چاچچاق ئارىلاش بېقىشلىرى، سۆيگۈسى ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نە قەدەر گۈزەل بىر يەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق ئويلاۋاتاتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن كاللامدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇق خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتاتتىم.

ئـۇ چـاغلاردا «مەن، مىنـى ھـىچكىم كـۆرمىگەن چاغـدا ھەممىـدىن بەك ئـۆزۈم بولىدىكەنمەن» دەپ ئويلايتتىم. بۇ چۈشەنچىگە تېخى ئەمدىلەتىن كېلىۋاتـاتتىم. سـىلەرنى ھـىچكىم كۆزىتـىپ تۇرمىسـا، ئىچىڭلاردىكـى مەخپىـي ئىككىنچـى كىشـى سـىرتقا چىقىـپ خالىغان ئىشلىرىنى قىلالايتتى، ئەتراپىڭلاردا داداڭلار بولسا ۋە سىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقـان بولسا، ئىچىڭلاردىكى كىشى ئىچىڭلارغا مۆكۈۋالاتتى.

قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىدا مەن دادىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قالغان بىر كىشـى بار ئىدى. ئۇلار ئالدىدا ئىدى. ئانىسـى بىـلەن ئۇكىسـى كەينىـدە ئىـدى. كەينىـدىكىلەرنىڭ گەپلىرىنـى ئاڭلىيـالىغۇدەك دەرىجىـدە ئۇلارغـا يېقىنلاشـتىم، لـېكىن ھېچنىمىنـى چۈشىنەلمىدىم.

قۇيـاش كىنوخانىسـىغا كەلگەنـدە، ھەمـمە ئـادەم ئۆتـۈپ كېتىۋېتىـپ ھەقسىز كىنـو كۆرۈۋالـىدىغان جايـدا تۇرۇشـتى. ئـۇلاردىن بەش، ئـالتە مېتـىر نېرىـدىكى پەردىـگە تېخـمۇ يېقىن ئارىلىقتا ھېچكىم يوق ئىدى، مەن شۇ يەرگە بېرىـپ تـۇردۇم. ئـۇلار بـىلەن پەردىنىـڭ ئارىسىدا ئىدىم، لېكىن پەردىدە نېمە قويۇلىۋاتىدۇ، پەرۋايىم پەلەك ئىدى. كـۆزلىرىم ئـۇلاردا ئىدى.

بـۇ يېقىنلىقتـا قىزىـل چـاچلىق ئايالنـىڭ چىرايىنـىڭ مىنـىڭ ئېسـىمدە قالغانـدەك ئۈنچىۋالا چىرايلىق ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. بەلكـىم ئۇنـىڭ تېنـىگە پەردىـدىن كۆكـۈش بىـر نۇر چۈشۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق كۆرۈنگەندۇ. لېكىن يۇمۇلاق، چىرايلىـق لەۋلىرىـدە، بېقىشلىرىدا يەنە شۇ ئوخشاش مېھرىبان، چاخچاقچى، تاتلىق ئىپادە بار ئىـدى. قۇدۇقچىغا ئۈچ ھەپتىدىن كۆپرەك شاگىرت بولۇشقا بۇ قاراشىنىڭ سـېھرى كـۈچى تۈپەيلىـدىن چىداپ كەلگەنىدىم.

پەردىـدىكى نەرسـىلەر قىزىقـارلىق، سـۆيۈملۈك بولغاچقـا كۈلۈمسـىرەپ قاراۋاتقـان بولغىيمىدى؟ ياكى باشقا بىر ئىش بارمىـدى؟ تـۇرۇپلا كەيـنىمگە ئۆرۈلـۈپ قىزىـل چـاچلىق ئايالنىڭ پەردىگە ئەمەس، ماڭا قـاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئەنە، يەنە شـۇ خىل نەزەردە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

تەرلەپ كەتتىم. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ پاراڭلاشقۇم كەلدى. مەندىن ئـاز دېگەنـدە ئـون ياش چوڭدەك قىلاتتى.

_ بولـدى ماڭـايلى، كەچ بولـۇپ كەتتـى،_ دېـدى مەن دادىسـى دەپ ئـويلاپ قالغـان ئادەم.

شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلغانلىقىم ئېسىمدە يوق، لېكىن بەلكىم تۇرغـان يېرىمـدىن ئايرىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغان بولسام كېرەك.

_ نېمە ئىش بۇ، ئۇ بىزگە ئەگىشىپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇكىسى.

_ تۇرگاي، كىم بۇ؟_ دەپ سورىدى ئانىسى ئۇكىسىدىن.

_ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟_ دەپ سورىدى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇكىسى تۇرگاي.

_ ئەسكەرمۇ بۇ؟- دەپ سورىدى دادىسى.

_ ئەسكەر ئەمەس بۇ...بايېۋەچچە..._دېدى ئانىسى.

ئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى، كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆردۈم. ھېلىقى گۈزەل، تاتلىق ئىپادە تېخىچە چىرايىدىن كەتمىگەن ئىدى.

_ ئەسلىدە ئىستانبۇلدا تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتاتتىم،_ دېدىم،_ لېكىن ھازىر ئۇستام بىلەن يۇقىرىدا قۇدۇق كولاۋاتىمىز.

قىزىل چاچلىق ئايال كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە مەقسەتلىك، قەستەن ۋە دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى. «ئۇستاڭ بىلەن بىللە بىر ئاخشام كېلىڭلار بىزنىڭ تىياتىرغا...» دېدى ۋە يېنىدىكىلەر بىلەن بىللە كېتىپ قالدى.

چېدىر تىياتىرخانىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئارقىسىدىن ماڭمىدىم. لېكىن قايرىلىدىغان دوقمۇشقىچە كەينىلىرىدىن قاراپ تۇردۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەس، بىر تىياتىردا ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خىياللارغا غەرق بولدۇم.

ئۇستامنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، ئۈچ ھەپتە بۇرۇن قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان كۈنى يېنىمىزدىكى ئات ھارۋىسىنى ھەيدىگەن ياشانغان كىشىنى ۋە ھارغۇن ئاتنى كۆردۈم. بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان ئات يېنىدىكى ئوت-چۆپلەرنى يەۋاتاتتى ۋە كۆزلىرى تېخىمۇ مۇڭلۇق ئىدى.

ئون تۆتىنچى باب

ئەتىسى چۈشكە يېقىن پەستە ئىشلەۋاتقان ئەلى خۇشاللىقىدىن تووۋلاپ كەتتى. تاشلىقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، يۇمشاق تۇپىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ماھمۇت ئۇستام ئۇنى يۇقىرىغا ئالدى، ئۆزى ئالدىراپ پەسكە چۈشتى. بىرئازدىن كېيىن يۇقىرىغا چىقتى، تاشلىقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئاستىدىن قويۇق رەڭلىك تۇپراقنىڭ ۋە سۇنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تاماكا چەككەچ تاتلىق خىياللارغا چۆكىشى، قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشى بىزنىمۇ خۇشال قىلدى.

ئۇ كۈنى خېلى كەچ بولغۇچە ئىشلىدۇق ۋە ھارغۇنلۇق سەۋەبىدىن بازارغا چۈشمىدۇق. تاڭ يورۇشىغىلا يەنە ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. لېكىن قۇدۇقتىن قۇپقۇرۇق ۋە قوغۇشۇن سېرىقى رەڭگىدىكى تۇپا چىقىۋاتاتتى. شۇنچىلىك يۇمشاق ئىدىكى، قازغۇچ ئىشلىتىشكە كېرەك يوق ئىدى. ماھمۇت ئۇستام گۈرجەك بىلەنلا چېلەككە ئۇسسۇۋاتاتتى، يېنىك چېلەكنى ئەلى بىلەن ئىككىمىز تېز سۈرئەتتە تارتىپ تۆكۈۋاتاتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمىتسىزلىككە چۆمدۇم.

سائەت ئون بىر بولماي تۇرۇپلا ماھمۇت ئۇستام ئۇستىگە يېنىپ چىقتى، پەسكە ئەلىنى چۈشۈردۇق.

_ تۇپا توزۇتماي ئاستا ئىشلە،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ بەك تېز ئۇسسۇساڭ چاڭ-توزاڭدا بوغۇلۇپ قالىسەن، ئۇستىدىكى كۈننىڭ سىرىقىنىمۇ كۆرەلمەيسەن.

چىقىۋاتقان تۇپىدىن يېقىن ئەتراپتا سۇ يوقلۇقىنى ھەر ئىككىمىز بىلىپ تۇراتتۇق، لېكىن بۇ تېمىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇۋاتاتتۇق. ئەتىگەندە ئەلى بۇ قۇمسىمان تۇپىنىڭ تاشلىقنىڭ ئاستىدىن چىققان تۇپىدىن راۋۇرۇس پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر يانغا تۆككەن ئىدى. پەستىن چىققان چېلەكنىڭ ئىچىدىكى قۇمنى مەنمۇ ئۇ تۆككەن بۇ يېڭى جايغا تۆكۈۋاتاتتىم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆڭگۆرەنگە چۈشتۇق. رۇمەلى قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرغاندا، ئىككى كۈندىن بېرى ئويلاۋاتقان نەرسەمنى، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇنىمۇ تىياتىرغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئۇستامغا دېيەلمەيدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم چۈشىنىپ يەتتىم: مېنىڭ قىزىل چاچلىق ئايالنى تىياتىرخانىدا ئۆزۈم يالغۇز كۆرگۈم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نىيىتىمنى بىلىپ قالسا ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىدىغانلىقىنى ۋە

ئۈنىڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدىغانلىقىمىزنى قورقۇنچ ئىچىدە ھېس قىلىۋاتاتتىم. دادامدىن، ماھمۇت ئۇستامدىن ھازىر قورققانچىلىك بىرەر قېتىممۇ قورقۇپ باقمىغان ئىدىم. بۇ قورقۇنچ يۈرىكىمگە قانداقلارچە كىرىۋالدى، بىلمەيتتىم، لېكىن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ بۇ تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم.

چېيىمنى ئىچىپ بولماي تۇرۇپلا «ئانامغا تېلېفون قىلىپ كېلەي» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. دوقمۇشتىن قايرىلىپلا تىياتىرنىڭ سېرىق چېدىرىغا قاراپ خۇددى بىر چۈشنىڭ ئىچىدە يۈگۈرىۋاتقاندەك يېقىنلاشتىم.

چېدىرنىڭ پارقىراق سېرىق رەڭگىنى كۆرۈپ، كىچىك چېغىمدا ياۋرۇپادىن دولمابا ھچەگە كەلگەن سىرىك ئۆمەكلىرىنىڭ چېدىرىنى كۆرگەندەك ھاياجانلاندىم. ۋېۋىسكىلاردىكى خەتلەرنى يېڭىباشتىن لېكىن ھېچنىمنى ئەسلىمەي تۇرۇپ ئوقۇدۇم. شۇ ئارىدا بىر چەتكە ھۆججەت قەغىزىگە چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان نەرسە مېنى چۆچۈتتى:

ئاخىرقى كۈن

كوچىلاردا چۈشەكەپ مېڭىۋاتقاندەك ئايلاندىم. كوچىدا نە ئىشىكتە بىلەت ساتىدىغان ئادەمنى، نە تۇرگاينى(ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى دەپ ئويلاۋاتاتتىم)، نە قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ئانىسىنى كۆرمىدىم. تىياتىر باشلىنىدىغانغا تېخى خېلى بار ئىدى؛ ئاشخانىلار كوچىسىدىكى دەرىزىدىن قاراپ، تۇرگاينىڭ بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىگە كىردىم.

قىزىل چاچلىق ئايال ئۈستەلدە يوق ئىدى. تۇرگاي مېنى كۆرۈپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى، تۇرگاينىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

_ بىر كېچە ئويۇنغا كىرىشىمگە ياردەم قىل،_ دېدىم،_ قانچە پۇل بولسا بېرىمەن.

_ گەپ پۇلدا ئەمەس. قاچان كىرگۈڭ بولسا ئويۇندىن ئاۋۋال كېلىپ مېنى مۇشۇ يەردىن ئىزدىسەڭ بولىدۇ.

_ ھەركۈن ئاخشام كەلمەيدىكەنسىلەر بۇ يەرگە.

_ سەن بىزنى پايلاپ يۈرۈۋاتامسەن؟_ دېدى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىلىنەر-بىلىنمەس مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ. بوش بىر ئىستاكانغا قىسقۇچ بىلەن ئىككى پارچە مۇز سېلىپ ئۈستىگە كۈلۈپ راكىسى قۇيدى. «ئالە قېنى!» دەپ نېپىز، ئۇزۇن ئىستاكاننى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

_ ھەممىسىنى بىر تىنىقتىلا گۇپپىدە ئىچىۋەت، سىنى چىدىرغا ئارقا ئىشىكتىن كىرگۈزۈپ قويىمەن.

_ بۇگۈن ئاخشام بولمايدۇ_ دېدىم لېكىن ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان بىرىگە ئوخشاش، راكىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتىم. كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزىۋەتمەستىن ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېنىغا قايتتىم.

ئۇستەلدە ئولتۇرىۋاتقان چېغىمدا ماھمۇت ئۇستامنىڭ گېپىنى ئۇنىداق ئاسان يىرالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. سۇ چىقىرىش مەسئۇلىيىتى، قىلىنغان ئۇنچىۋالا ئەجىر-مېھنەت مېنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويغانىدى. لېكىن پۇلۇمنى ئېلىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتىشنى قارار قىلغاندىلا ئۇنىڭغا قارشى چىقالايتتىم. بۇ، قورقۇپ سۇ چىقىرىشتىن ۋاز كەچكەنلىك بولاتتى. قىيىنچىلىقتا ئۇچراپلا بىر دەۋادىن ۋاز كەچكەن توخۇ يۈرەكلەرگە ئوخشاش.

راكى تەسىر قىلىۋاتاتتى. قايتىش يولىدا مازارلىقتىكى دۆڭدىن چىقىۋېتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللامدىكى بىر چۈشەنچە، بىر پەيت، بىر ئۇچۇر، بىر ئەسلىمىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئادەم ھەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا خىيال قىلالمىسىمۇ، لېكىن كۆرەلەيتتى. ئەقلىمدىكى سۆزلەرنىڭ، ئەقلىمدىكى تەسەۋۋۇرلارغا يېتىشىپ بولالمىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى بۇ. سۆزلەر تۇيغۇلىرىمغا يېتىشەلمەيۋاتاتتى، ئاجىز كېلىۋاتاتتى.

دېمەك تۇيغۇلار، ئاۋۇ ئالدىمدا چاقناپ تۇرغان ئاسمانغا ئوخشاش ئايرىم-ئايرىم رەسىملەر ئىدى. پۈتۈن ئالەمنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم-يۇ لېكىن بۇنى خىيال قىلىشىم تېخىمۇ تەس ئىدى. شۇڭا يازغۇچى بولغۇم بار ئىدى. يېزىۋاتقاندا ئويلىناتتىم، ئۆزۈمگە ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن رەسىملەرنى ۋە تۇيغۇلارنى يېزىقتا ئايلاندۇراتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنى كىتابخانىغا كېلىدىغان دېگىز ئاكامنىڭ دوستلىرىغا قارىغاندا جىق ياخشى قىلالايتتىم.

ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئۇستام تۇرۇپ-تۇرۇپ «نەدە قالدىڭ؟» دەپ قارائغۇلۇق ئىچىدە ئارقىسىغا قاراپ ۋارقىراپ قوياتتى.

يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈۋاتقاندا، بەزىدە پۈتۈمغا بىر نەرسىلەر پۇتلىشاتتى ۋە چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىپ ئاسماننىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ كېتەتتىم. ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا ھېلىتىن كىچىنىڭ سۆرۈنلۈكى چۈشكەن ئىدى.

_ئۇستام_ دەپ توۋلىدىم قاراڭغۇلۇققا قاراپ_ بىزنىڭ قۇدۇقتىكى نىكېل، تۆمۈردىن شەكىللەنگەن قورام تاشلارنىڭ ھەر بىرى بۇ يەرگە ئاسماندىن چۈشكەن قۇيرۇقلۇق

يۇلتۇزلار بولسا كېرەك.

## ئون بەشىنچى باب

يەر ئىگىسى ھايرى بەي ئۈچ ئەمەس، دەل بەش كۈندىن كېيىن يۇك ماشىنىسى بىلەن كەلدى. سۈنى تېخىچە چىقىرالمىغانلىقىمىزنى بىلەتتى، لېكىن ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئايالى ۋە مەندىن بىر قانچە ياش كىچىك ئوغلىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا قۇدۇقتىن سۇ چىققاندىن كېيىن بۇ يەردە قەد كۆتۈرىدىغان بوياش ۋە يۇيۇش سېخلىرىنىڭ ئورنىنى ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئىسكىلاتنىڭ، مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ۋە ئىشچىلار ئاشخانىسىنىڭ قەيەرگە سېلىنىدىغانلىقىنى قولىدىكى پىلانغا قاراپ، قەدەملىرى بىلەن ئۆلچەپ تۇرۇپ بىر-بىرلەپ بەلگە سالدى. ھايرى بەينىڭ يېڭى توپ ئالىقى كىيىۋالغان ئوغلى، يۇك ماشىنىسىدىن ئېلىپ چۈشكەن بىر يالتىراق پۇتبول توپىنى قۇچاقلىغان پېتى دادىسىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن، دادا-بالا مەيداننىڭ بىر چېتىدە توپ ئوينىدى، تاشلاردىن ۋاراتا ياساپ، بىر-بىرىگە نۇقتا توپ تېپىشتى. ئانىسى بولسا مېنىڭ ياتاق دەرىخىمنىڭ ئاستىغا بىر داستىخان سېلىپ، ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى تىزىشقا باشلىدى. ئۇ ئايال ئەلى ئارقىلىق ھەممىمىزنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرغاندا ماھمۇت ئۇستام بىئارام بولدى. چۈنكى بۇ ياسالما ۋە ئارتۇقچە دالا تامىقىنىڭ ھايرى بەينىڭ كاللىسىدا ئاللىبۇرۇن تەييار قىلىنغان سۇ چىققانلىقنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. ئېنىقكى ھايرى بەي سۇ چىقىدىغان كۈننىڭ خىياللىرىنى كۆپ سۈرۈپ كەتكەنىدى. ماھمۇت ئۇستام بويىنىدىن باغلاپ ئەكەلگەندەك يامان تەستە بىز بىلەن بىللە داستىخاننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى ۋە سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇمدىن، پىياز، پەمىدۇردىن قىلىنغان سالاتتىن ۋە پۆرىلەردىن بىرەر چىشلەمدىن ئاغزىغا سالدى.

تاماقتىن كېيىن ھايرى بەينىڭ ئوغلى ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۇخلىدى. سېمىز، كۈچلۈك ۋە كۆلگۈنچەك ئانا تاماكا چەككەچ «خەيرلىك سەھەر» گېزىتىنى ئوقۇۋاتاتتى ۋە مەيىن شامال گېزىتنىڭ گىرۋەكلىرىنى شىرىلدىتىۋاتاتتى.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ ھايرى بەينى توپىلارنى تۆككەن يېرىمىزگە باشلاپ ماڭغىنىنى

كۆرۈپ ئۇلارغا يېقىنلاشتىم. يەر ئىگىسىنىڭ قۇدۇقتىن سۇ چىقمىغانلىقىنى، پات ئارىدىمۇ چىقمايدىغانلىقىنى، ھەتتا، بەلكىم بۇ يەردىن ئەسلا سۇ چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاۋاتقا - نلىقىنى غەمكىن چىرايىدىن كۆردۈم.

_ كەڭچىلىك قىلىپ بىزگە يەنە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭ..._ دەۋاتاتتى ماھمۇت ئۇستام.

تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن بوش ئاۋازدا دېگەن ئىدى بۇنى. ئۇستامنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا شاھىت بولغانلىقىمدىن نومۇس قىلدىم. ھايرى بەيگە ئاچچىقىم كەلدى. ھايرى بەي ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىغا قايتتى، بىردەم ئايالى ۋە بالىسى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

_ ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدە ئۈچ كۈن تەلەپ قىلغان ئىدىڭ ماھمۇت ئۇستا،_ دېدى،_ ئۈچ كۈندىن ئوشۇق ۋاقىت بەردىم ساڭا. لېكىن سۇ چىقماپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپىسىمۇ بەربات تۇرىدۇ. بۇ يەردە قۇدۇق كولايدىغان ئىشتا ئەمدى مەن يوق. خاتا يەردە قۇدۇق كولىغان تۇنجى كىشىمۇ بىز بولۇپ قالمايمىز. بۇ يەرنىڭ_ سەن تېخىمۇ ياخشىراق بىلىسەن_ باشقا بىر يېرىدە يېڭىدىن بىر قۇدۇق كولا.

_ئويلاپمۇ باقمىغان يەردە يەرنىڭ تومۇرى ئۆزگىرىپ قالىدۇ،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ مەن مۇشۇ يەردە داۋام قىلىشىرىمەن.

_ سۇ چىقىپ قالسا ماڭا خەۋەر قىلارسىلەر. ماشىنا بىلەن دىككىدە كېلىمەن. سوۋغاتلىرىڭلارنىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن. لېكىن مەن بىر سودىگەر. سۇ يوق يەرگە بېتون تۆكە-تۆكە قىيامەتكىچە كېتەلمەيمەن. ھازىردىن تارتىپ كۆڭلۈك ھەق، ماتېرىيال، پۇل-پۈچەك بېرەلمەيمەن. ئەلىنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن. باشقا يەردە يېڭىدىن بىر قۇدۇق قازساڭ يەنە ئەۋەتىمەن ئەلىنى ساڭا.

_ سۇنى مەن مۇشۇ يەردىن چىقىرىمەن،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام.

ئۇ ۋە ھايرى بەي بىر چەتكە ئۆتتى، ئاخىرقى قېتىم بىر ھېساب-كىتاب قىلىشتى. يەر ئىگىسىنىڭ ئۇستامغا پۇلنى بەرگەنلىكىنى، ئوتتۇرىدا بىر چۈشىنىشمەسلىك چىقمىغانلىقىنى، ھېساباتنىڭ تۈگىگەنلىكىنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ تۇردۇم.

ھايرى بەينىڭ ئايالى دالا تامىقىدىن ئېشىپ قالغان تۇخۇم، پۆرە، شوخلىلارنى، بىزگە ئەكەلگەن تاۋۇزلارنى ئەلىدىن ئەۋەتتى. ئېرىنىڭ ئىشىغا كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، بىز ئۈچۈنمۇ كۆڭلى يېرىم بولغاندى.

_سېنى ئۆيۈڭگە ئالغاچ كېتەي،_ دېگەن پېتى ئەلىنى يۈك ماشىنىسىغا چىقىرىشىغا، بىز ئۇستام بىلەن بىردەمدىلا يالغۇز قېپقالدۇق. يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىدىن بىزگە قاراپ

قول پۇلاڭلىتىۋاتقان ئەلنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈنغىچە قاراپ قالدۇق. دۇنيانىڭ نە قەدەر جىمجىت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشىنىپ يەتتىم. پەقەت تومۇزغىلارنىڭ جىرىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئىستانبۇلنىڭ خورۇلدىشى بولسا ئاڭلانمايۋاتاتتى.

چۈشتىن كېيىن ئىشلىمىدۇق. مەن ياڭاق ياغىچىنىڭ ئاستىدا يېتىپ، ھورۇننىڭ چۈشلىرىگە غەرق بولدۇم. خىيالىمدىن قىزىل چاچلىق ئايال، تىياتىر يازغۇچىسى بولۇش، ئۆيگە قايتىش ۋاقتى، بەشىكتاشتىكى دوستلىرىم دېگەندەك نەرسىلەر كېچىۋاتاتتى. كەچقۇرۇن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىرىش ئېغىزى ئىت ئۈزۈملىرى بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بېتون ئىستىھكامنىڭ ئېغىزىدىكى چۆمۈلە ئۇۋىسىغا قاراپ تۇراتتىم، ئۇستام يېنىمغا كەلدى.

_ئوغلۇم، بۇ ئىشنى يەنە بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرايلى،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ ساڭا قەرزىم يىغىلىپ قالدى...ھەممىسىنى، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر چارشەنبە بېرىپ تۈگىتىمەن. ئۇ كۈنى كاتتا سوۋغاتلارنىمۇ ئالىمىز.

_ ئۇستام، ناچار توپا تۈگىمەي قېلىپ، سۇ چىقماي قالسىچۇ؟

_ ئۇستاڭغا ئىشەن، گېپىمنى ئاڭلا، قالغىنىنى ماڭا تاپشۇر،_ دېدى ئۇستام كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ. چاچلىرىمنى ئوۋشىدى، مۈرەمدىن تۇتۇپ مېنى قۇچاقلىدى،_ سەن بىر كۈنى كاتتا بىر ئادەم بولىسەن، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭغا ياق دېگۈدەك كۈچنى ئۆزۈمدىن ئەمدى تاپالمايتتىم. بۇنىڭغا ئىچ-ئىچىمدىن ئاچچىقىم كېلەتتى ۋە پەرىشان بولاتتىم. ئەڭ ئاخىرىدا «بىر ھەپتە قالدى» دەپ ئويلىغانلىقىم ئېسىمدە. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرۈش، ئويۇنىنى تاماشا قىلىشمۇ بار ئىدى ئەقلىمدە.

# ئون ئالتىنچى باب

ناچار توپا ئۈنىگدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندىمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتمىدى. چىغرىقنى ئۆزۈم يالغۇز تارتىۋاتقاچقا، ماھمۇت ئۇستام چىلەككە توپىنى لىق ئۇسسۇمايۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن سۇرئىتىمىز تېخىمۇ ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. توپا يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن، بارغانسىرى تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئۇستامنىڭ جىق ئىشىمۇ قالمىغان ئىدى. مەن ساڭگىلىتىپ بەرگەن چىلەكنى بىردەمدىلا، تۆت، بەش گۈرجەك توپا بىلەنلا تولدۇرۇپ «تارتە!» دەپ شۇ ھامان ماڭا توۋلايتتى.

يېرىم تولدۇرۇلغان چىلەكنى چىغرىقنىڭ بىر قولىغا يېپىشىپ تارتىشىم، ھارۋىغا دۈمكۆمتۈرۈپ ئاندىن ئۇنى تۆكۈشىمگە ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇستام پەستە تۇرۇپ تاقەتسىزلىنەتتى، بەزىدە كوتۇلداپ ۋارقىراپمۇ قوياتتى. بەزىدە ھارۋىنى ئىتتىرىپ يۈگۈرۈۋاتقاندا، چاڭ-توزاڭلىق توپىنى تۆكۈۋاتقاندا كۈچۈم قالماي يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋالاتتىم. قايتىپ كەلگىنىمدە قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن ئۇستامنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. بەزىدە بەك ئاستىلاپ كەتسەم، ئۇستام ئۇنى ئۆستەڭگە تارتىشمىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۆستەڭگە چىقىپ دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرەتتى، نىمىشقا ئاستىلاپ كەتكەنلىكىمنى سورايتتى. چىغرىقنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنى تارتىپ چىقىرىش ئەڭ تەس ئىش بولغاچقا، ھالىمدىن كەتكىنىمنى كۆرۈپ «ئوغلۇم، ھېرىپ كەتتىڭ» دەيتتى، زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەتتى، لام-جىم دېمەي مېنى ساقلايتتى. مېنى «ئوغلۇم» دېيىشى ماڭا بەك تەسىر قىلاتتى، كاللام قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى. ئۇنداق چاغلاردا مەنمۇ ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپ ياتاتتىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇستامنىڭ ئەركىلىتىش ئارىلاش قىلغان بۇيرۇقنى ئاڭلايتتىم ۋە كولاشنى داۋاملاشتۇراتتۇق.

ھەر ئاخشىمى ئۆڭگۈرەنگە بىللە چۈشۈۋاتاتتۇق. ھەر قېتىمدا رومەلى قەھۋەخا - نىسىنىڭ ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىغا قويۇلغان ئۇستەلدىن بىر باھەنە كۆرسەتمەستىنلا تۇرۇپ، ئۆڭگۈرەن كوچىلىرىدا قىزىل چاچلىق ئايالنى ئۇچرىتىپ قېلىش، تىياتىر چېدىرىغا غىپپىدە كىرىۋېلىش ئۈمىدى بىلەن لاغايلاپ يۈرەتتىم. سېرىق رەڭلىك چېدىر ھېلىھەم جايىدا ئىدى، لېكىن تۇنجى ئاخشىمى ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدىم.

ئۈچىنچى ئاخشىمى ياغاچچىنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتسام، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇكىسى تۇرگاي كەينىمدىن يېتىشىپ كەلدى.

_قۇدۇقچىنىڭ شاگىرتى، ھاڭۋېقىپ يۈرۈپسەنغۇ؟
_مېنى تىياتىرغا كىرگۈز،_ دېدىم،_ بىلەت ئېلىپ كىرەي.
_ ئاشخانىغا بارايلى.
بىللە مېڭىپ دەرىزىسىگە يېپەك پەردە تارتىلغان ئازاتلىق ئاشخانىسىغا كىردۇق، تىياتىرچىلارنىڭ ئۈستىلىدە ئولتۇردۇق. «تىياتىرغا كىرىشتىن بۇرۇن راكىنى قائىدىسى بويىچە ئىچىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك.» دېدى تۇرگاي.
ئەسلىدە مەندىن بەش ئالتە ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. چاخچاق قىلىپ ئالدىمغا قويغان مۇز سىپىلىنغان راكىنى مەن يەنە تېزلا ئىچىۋاتقاندا تۇرگاي يېنىدىكىلەر بىلەن بىردەم كۇسۇلداشتى. كەچ قېلىۋاتقان بولغىيمىدىم؟ ماھمۇت ئۇستام مېنى ساقلاۋاتقانمىدۇ؟ بۇ ئاخشام مېنى كىرگۈزسە، ماھمۇت ئۇستامغا پەرۋا قىلماي تىياتىرغا كىرەتتىم.
_ئۆگۈنلۈككە مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ يەرگە كەل،_ دېدى تۇرگاي،_ ئۇستاڭنىمۇ ئېلىپ كەل.
_ماھمۇت ئۇستامنىڭ مەيخانا ۋە تىياتىرخانىلار بىلەن خوشى يوق.
_ ئۇنى بىز تېپىپ ئەكىلىمىز. سەن يەكشەنبە كەچقۇرۇن مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ يەرگە كەل. دادام چېدىرغا سېنى كىرگۈزىدۇ. بىلەتنىڭ، پۇلنىڭ ھاجىتى يوق.
جىق ئولتۇرماي ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېنىغا قايتتىم. چېدىرىمىزغا قايتقۇچە، ماھمۇت ئۇستام ئەينى يىللاردا قۇدۇقتىن سۇ چىققان چاغلاردىكى خۇشاللىققا تولغان ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بىر قېتىم بىر يەر ئىگىسى، قۇدۇقنىڭ سەللا نېرىسىدا يۈز كىشىلىك بىر زىياپەت بېرىپ، تۆت پاقلاننىڭ گۆشىدە كاۋاپ قىلغان ئىكەن. سۇ يەر ئاستىدىن ئويلاپمۇ باقمىغان چاغدا، بىردىنلا چىقاتتى ۋە سەن ھەيران قالاتتىڭ. ئاللاھ سۇنى ئىمانلىق قۇدۇقچىنىڭ يۈزىگىلا يۈركۈتۈپ چىقىراتتى. باشتا سۇ خۇددى بوۋاقنىڭ سۈيدۈكىدەك كۈچلۈك ئېتىلىپ چىقاتتى. قۇدۇقچى سۇغا خۇددى بوۋىقىغا قارىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. بىر قېتىم پەستىكى قۇدۇقچى سۇنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇكى، ئۈستىدىكىلەر جىددىيلەشكىنىدىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر تاش چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇنى يارىلاندۇرغان ئىكەن. ئاندىن سۇ چىققاندا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان، ھەر كۈنى قۇدۇقنى كۆرگىلى كېلىپ، سۇ چىققان پەيتىنىڭ ھېكايىسىنى ئىككى شاگىرتقا قايتا-قايتا سۆزلەپ بېرىدىغان كونا پەددىكى بىر بەگ بار ئىكەن. ھەر كېلىشىدە، سۇ چىققانلىق ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئۇ شاگىرتلارغا كونا چوڭ قەغەز پۇلدىن ئىككىدىن ئىككىدىن بېرەتتىكەن. ھازىر نە ئۇنداق بەگلەر، نە ئۇنداق بايلار قالمىغان ئىدى: بۇرۇنقى چاغلاردا بىر يەر ئىگىسى ئۆزىنى كەسپىگە ئاتىۋەتكەن بىر

قۇدۇقچىغا « مەن بۇ ئىشتا يوق، خالىساڭ ئۆز ئادىمىڭ بىلەن، پۈلۈڭ بىلەن كولىساڭ بولىدۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى ئەسلا قىلمايتتى، يېرىدە قۇدۇق كولاۋاتقان قۇدۇقچىنىڭ يەيدىغىنىنى، چىقىملىرىنى، سوۋغاتلىرىنى، سۇ چىقسۇن، چىقمىسۇن ئۆرۈملەرنى ئەركەكتەك كۆتۈرمىسە ئۆزىنى نومۇسسىزدەك ھېس قىلاتتى. لېكىن خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىم كېرەك ئىدى، ھايرى بەي ناھايىتى ئېسىل بىر ئادەم ئىدى؛ قۇدۇقتىن سۇ چىقسىلا چوقۇم كونا بەگلەرگە ئوخشاش بىزنى سوۋغاتلارغا كۆمۈۋېتەتتى، ھەققىمىزنى بېرەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

ئەتىسى قـۇدۇقتىن تېخىمـۇ سـېرىق ۋە يۇمشـاق توپـا چىقىشـقا باشـلىدى. قـۇرۇق ۋە چۈرۈك تومۇرلار ئارىلاش بۇ تۇپراق مېنى كۆپ ئويغا سالدى. قـۇدۇقتىن چىققان تۇپراق ئارىسىدا قۇمۇلۇق تۆتىچـ...

قۇمىنىڭ ئىچىدە ئۇچرىغـان، قەغەزدەك تېرىلەر، بـالىلىق چېغىمـدىكى قەلەيـدىن ياسـالغان ئەسكەرلەردەك چۈرۈك ۋە سـەدەپ رەڭلىـك پوسـتەكلەر، تېـنىم بىـلەن ئوخشـاش رەڭلىـك مىلىيون يىللىق تاشلار، سۈپسۈزۈك قۇلۇلە قاپلىرى، تۆگەقۇشـى تۇخۇمىـدەك چوڭلـۇقتىكى غەلىتە تاش پارچىلىرى، تاش قەغىزىگە ئوخشاش سۇغا تاشلىسا لەيلىگـۈدەك يېنىـك تـاش پـارچىلىرى بـار ئـىدى. مـاھمۇت ئۇسـتام قازغانسـېرى سـۇغا يېقىنلىشـىش تۈگـۈل يـىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ تۇراتتى، لېكىن بۇنى پەقەتلا تىلغا ئالمايتتۇق.

ئەتە كەچقۇرۇن ئاخىرى تىياتىرغا كىرىدىغانلىقىمنى بىلىش مېنى شـۇنچىلىك خۇشـال قىلدىكى، ئۇ كۈنى ھېچبىر ئىشقا ئۆزۈمنى ئۇرۇپراتمـىدىم. ئۇسـتامنىڭ دېگەنلىرىنـى ئاشـۇرۇپ بەجـا كەلتـۈردۈم. ئاخشـىمى ھـارغۇنلۇقتىن ئـاران ئـۆرە تـۇراتتىم. كەچـتە ئۆتكـۈرەنگە بېرىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يـوقتى. تاماقتىن كېـيىن چېـدىرنىڭ بىـر چېتىـدە بىـردەم يـاتتىم، يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنـدە شـۈركۈنۈپ ئويغىنىـپ كەتـتىم. مـاھمۇت ئۇسـتام چېـدىردا يـوق تـۇراتتى. چېـدىردىن چىقىـپ قاراڭغۇلۇقنـىڭ ئىچىـدە قورقۇمسـىراپ ماڭـدىم. پۈتـۈن جاھان گويا قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك، دۇنيادا مەندىن باشقا ھېچبىـر جـانلىق قالمىغانـدەك قىلاتتـى. بـۇ خىيـال، بىلىـنەر-بىلىـنمەس چىقىـپ قويغـان شـامالدەك ئادەمنىـڭ تېنىنـى جۇغۇلدىتاتتى. لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ سىرلىق بىر گۈزەللىكىمـۇ بـار ئـىدى. ئۇسـتۇمدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە ئالدىمدا ئىنتايىن بەختلىـك بىـر ھاياتنىـڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنى ئەتە ئاخشام تىياتىرغا كىرگۈزۈشنى تۇرگايغا قىزىـل چـاچلىق ئايال دېگەن بولغىيمىدى؟ ماھمۇت ئۇستام ھازىر نەدىدۇ؟

شامال كۆچىيىۋىدى چېدىرغا كىرىپ كەتتىم. ئەتىگەنـدە ئويغانسـام مـاھمۇت ئۇسـتام قايتىپ كەلگەنىدى. بىـر چەتـتە يېگـى بىـر قـاپ تاماكـا تـۇراتتى. ئـۇ كـۈنى كەچ كىرگـۈچە قاتتىق ئىشلىدۇق لېكىن ئىشىمىزدا ئانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى. قۇدۇقنىڭ تېگـى راۋۇرۇس چوڭقۇرلىغان ئـىدى ۋە توپـا –چـاڭ ئـۆرلەپلا تـۇراتتى. ئىشـتىن چۈشـۈپ مـاھمۇت ئۇسـتام بىلەن بىر-بىرىمىزگە سۆز قويۇپ بېرىپ يۇيۇندۇق. ئەمدى ئۇنـىڭ يالىڭـاچ بەدىـنىگە ئـۇنچە

بەك تارتىنىپ كەتمەي قارىيالايدىغان بولغان ئىدىم. بەدىنىدىكى يارا ۋە كۆكلەرنىڭ كۆپلىكىنى، گەۋدىلىك كۆرۈنگەن بىلەن ئەسلىدە ئۇنىڭ قانچىلىك ئورۇق، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان ئىكەنلىكىنى، تېنىنىڭ ئۆڭگەن ۋە پۈرلىشاڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرگەنسېرى سۇ چىقىرالمايدىغانلىقىمىزنى خىيال قىلىۋاتاتتىم.

ئۇ ئاخشىمى ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئۆڭگۆرەڭگە چۈشمەسلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن تىياتىر چېدىرىغا خاتىرجەم ھالدا كىرىشىمنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە «تاماكا ئالايلى» دەپ ئاۋۋال ئۇ يولغا چىقتى. رۇمەلى قەھۋەخانىسىدا دائىم ئولتۇرىدىغان يېرىمىزدە ئولتۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا پەرىشان ئىدىم. سائەت 8:30 بولغاندا لام-جىم دېمەيلا ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئاشخانىلار كوچىسىغا باردىم. ئۆيۈندىن بۇرۇن مەيخانىدا قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن پاراڭلىشىۋالسام بەلەن بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىدىم، لېكىن ئەتراپتا نە ئۇ، نە ئۇكىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار دائىم ئولتۇرىدىغان ئۈستەلدىن بىرى ماڭا قول پۇلاڭشىتتى.

_توققۇزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە چېدىرنىڭ ئارقا ئىشىكىگە كەل،_ دېدى،_ ئۇلار بۇ ئاخشام يوق.

بۇ گەپنى باشتا «ئۇلار تىياتىردىمۇ بۇ ئاخشام يوق» دەپ ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم. خۇددى بۇ مېنىڭ ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقان ئۈستەلدەك ئالدىمدا تۇرغان قۇرۇق ئىستاكانغا مۇز سالدىم، لىق تولدۇرۇپ راكى قۇيۇپ ئوغرىدەك گۈپپىدە كۆتۈرىۋەتتىم.

ئاشخانىدىن چىقىپ ماھمۇت ئۇستامغا كۆرۈنمەستىن ئارقا كوچا بىلەن چېدىر تەرەپكە ماڭدىم. سائەت توققۇزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، سېرىق چېدىرنىڭ ئارقىسىدا ساقلاپ تۇرسام ئىچىدىن بىرەيلەن چىقىپ مېنى ئىچىگە ئەكىرىپ قويدى.

ئويۇن باشلانغان ئىدى، چېدىردا يىگىرمە بەش، ئوتتۇز كىشى بار ئىدى. بەلكىم بۇنىڭدىن جىقراق. قاراڭغۇ تەرەپتىكىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرىدىكى كۆتۈرۈلمە سەھنە يالىڭاچ لامپۇچكىلار بىلەن ھەددىدىن زىيادە يورۇتۇلغانىدى ۋە بۇ ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر تىياترخانىسىنى سىھىرلىك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. چېدىرنىڭ ئىچى كىچىدەك كۆكۈش ئىدى ۋە تورۇسقا چوڭ، سېرىق يۇلتۇزلارنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. بەزى يۇلتۇزلارنىڭ ئارقىسىدا قۇيرۇقلىرى بار ئىدى، بەزىلىرى بولسا بەك كىچىك ۋە ئۇزاقتا ئىدى. خېلى يىللارغىچە بىزنىڭ چېدىرنىڭ ئۈستىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر چېدىرىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنى خاتىرەمدە بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى.

راكى كۈچىنى كۆرسەتكەن ئىدى، مەس بولۇپ قالغانىدىم. مەن ئۇ كېچە چېدىردا ئۆتكۈزگەن بىر سائەتتە كۆرگەن بەزى نەرسىلەرنىڭ، خۇددى مۇنداقلا ئوقۇپ ئېسىمدە قالغان ئودىپۇسنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشاش ھاياتىمغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئەقلى-خىيالىم سەھنىدە ئاڭلىتىلىۋاتقان نەرسىنى ئاڭلاشتا ئەمەس، پەقەت قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرۈشتىلا ئىدى. شۇڭا ئۇ كېچە جايىدا ئەمەس كاللام بىلەن كۆرگەنلىرىمنى ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىم بىلەن، ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن ئۆگەنگەنلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر تىياتىرى 1970- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىلەن 1980 – يىلىدىكى ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئارىسىدا، ئانادولۇدا «ئىنقىلاپچى خەلق تىياتىرى» ئېلىپ بارغان سەييارە تىياتىر پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. لېكىن ئويۇن تىزىملىكىدە كاپىتالىزىمغا قارشى ئويۇنلاردىن بەكرەك كونا ئاشىق-مەشۇق ھېكايىلىرى، ئەنئەنىۋى چۆچەك ۋە داستانلاردىن، ئىسلامىي ۋە تەسەۋۋۇپچە مەسەللىرىدىن ئېلىنغان نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم. مەن ئېچىگە كىرىۋاتقاندا تېلېۋىزوردىكى بەزى بەك ئالقىشقا ئېرىشكەن ئېلانلارنى ھەجۋىي شەكىلدە دورايدىغان، قىسقا ئىككى نومۇر ئورۇنلىنىۋاتاتتى. بىرىنچىسىدە كالتە ئىشتانلىق، بۇرۇتلۇق بىر كىچىك بالا پۇل ساندۇقنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقتى، يىغقان پۇللىرىنى قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى مۆكچىيىپ قالغان قالغان مومىسىدىن سورىدى. مومىسى(قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئانىسىغۇ دەيمەن) ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ ۋە بانكا ئېلانلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، قىلىقسىز بىر چاخچاق قىلدى.

ئىككىنچى سەھنىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىدىم، چۈنكى سەھنىگە قىزىل چاچلىق ئايال چىققانىدى: قىسقا يوپكا كىيگەنىدى؛ پاچاقلىرى ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئىدى؛ بوينى ۋە بىلەكلىرى ئوچۇق ئىدى: سەھنىدە ئىنتايىن سېھىرلىك ۋە جەزبىدار ئىدى. كۆزلىرىگە قېنىق سۈرمە تارتىپ، گۈزەل، يۇمۇلاق لەۋلىرىگە قىزىل سۇرۇخ سۈرگەنىدى. لەۋلىرىدىكى سۇرۇخ چىراق نۇرىدا پارقىرايتتى. شۇنىڭ بىلەن قولىغا بىرقۇتا سوپۇن ئالدى ۋە تېلېۋىزور ئېلانلىرىنى مازاق قىلىدىغان بىر نەرسىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. سەھنىدە تۇرغان يېشىل ۋە سېرىق رەڭلىق شاتۇتى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. شاتۇتى بىر قونچاق ئىدى، ئارقا تەرەپتە بىرى ئۇنىڭغا ئاۋاز بېرىۋاتاتتى. سەھنىدىكى جاي بىر دۇكاندەك قىلاتتى ۋە شاتۇتى كەلگەن خېرىدارلارغا چاخچاق قىلىۋاتاتتى، ھايات، سۆيگۈ، پۇل ھەققىدە ھەممە ئادەمنى كۈلدۈرگىدەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا قىزىل چاچلىق ئايال ماشا

قارىغاندەك قىلدى ۋە يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. كۆلۈمسىرىشى بەك تاتلىق ئىدى؛ كىچىك قوللىرى تېز-تېز ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدىم ۋە راكىنىڭ تەسىرىدە سەھنىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم.

سەھنىدىكى نومۇرلار بىر نەچچە مىنۇتتىلا تۈگەيتتى ۋە كەينىدىن يېڭىلىرى باشلىناتتى. يىللار ئۆتۈپ بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەنبەسىنى كىتابلاردىن، فىلىملەردىن ئىزدەپ تاپتىم. بىر نومۇردا مەن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دادىسى دەپ قالغان ئادەم سەۋزىدەك ئۇزۇن بىر بۇرۇننى تاقاپ سەھنىگە چىقتى. دەسلەپ ئۇنى پىنوككىنو دەپ قاپتىمەن، لېكىن ئۇ ئادەم مەن خېلى يىللاردىن كېيىن ئەسلىدە Cyrano de Bergerac دېگەن درامىدىن ئارىيە ئېكەنلىكىنى بىلگەن ئۇزۇن بىر دىيالوگنى ئوقۇدى. بۇ نومۇر «سىرتقى قىياپەت ئەمەس، روھى گۈزەللىك مۇھىم» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

ھامىلىتىن ئېلىنغان، باش سۆڭىكى بىلەن كىتابنىڭ «بولىدۇ ياكى بولمايدۇ» ھەققىدىكى بىر نومۇردىن كېيىن، تىياتىرچىلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ بىرلىكتە بىر ناخشا ئوقۇدى. ناخشا سۆيگۈنىڭ ئالدامچى، پۇلنىڭ ئەھمىيەتچىل ئېكەنلىكى توغرىسىدا ئىدى. بۇ ئارىلىقتا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئىنىق بىر شەكىلدە كۆزلىرىمىزنى ئۇچراشتۇرۇشقا تىرىشىپ ماڭا قاراشلىرى ئەقلى-ھۇشۇمنى يوقىتىۋاتاتتى. مۇھەببەت بىلەن ھاراق بېشىمنى قايدۇرۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، دېيىلىۋاتقان گەپلەرنى، دىيالوگلارنى، تەمسىللىك ھېكايىلەرنى ۋە كۆرۈنۈشلەرنى تولۇق چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم، لېكىن مەن كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر خۇددى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ بېقىشلىرىغا ئوخشاش ئۇنتۇلغۇسىز شەكىلدە خاتىرەمگە ئورناپ كېتىۋاتاتتى.

مەن كۆرگەن نومۇرلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ھېكايىسىنى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا چۈشىنەلىگەن ئىدىم، چۈنكى قۇربان ھېيتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئۇ ھېكايىنى ھەم مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىم ھەم دادام بىر قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ رولىغا مېنى چېدىرنىڭ ئىشكىدىن كىرگۈزمىگەن ئادەم چىققانىدى. ئىبراھىم ئۆزىگە ئاللاھتىن بىر ئوغۇل تىلەپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا يالۋۇردى. ئاخىرى بىر ئوغلى بولدى؛(سەھنىدە بىر قونچاق بوۋاق ئىشلىتىلگەنىدى) شۇنىڭ بىلەن ئوغلى چوڭ بولدى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم كىچىك بىر بالا ئارتىسنى_ئوغلىنى_ يەرگە ياتقۇزدى، پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە تەگكۈزدى. بۇ ئارىلىقتا دادا، ئوغۇل، ئىنائەت ھەققىدە مەزمۇنى چوڭقۇر گەپلەرنى قىلدى. بۇ گەپ ھەممەيلەنگە تەسىر قىلىۋاتاتتى.

جىمجىتلىق قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىدا بىر قونچاق قوي ۋە يېڭى قىياپەت بىلەن

سەھنىگە چىقىشى بىلەن بۇزۇلدى. ئۇ بىر پەرىشتىنىڭ رولىغا چىققان ئىدى؛ كارتون قەغەزدىن ياسالغان قانىتى ۋە يېڭى گىرىمى ئۇنىڭغا بەك ياراشقانىدى. مەنمۇ ھەممەيلەنگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭراتتىم.

ئەڭ ئاخىرقى نومۇر ئەڭ تەسىرلىك ئىدى، بىر كۆرۈنۈش سۇپىتىدە ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىزى ئىدى. كۆرۈۋاتقان چېغىمدىلا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولساممۇ، ھېكايىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى يەنە چۈشىنەلمىگەن ئىدىم.

سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستىدە ساۋۇت، يۈزىدە تۆمۈردىن نىقاپ، قىلىچ-قالقان كۆتۈرگەن ئىككى كونا چەۋەنداز چىقتى. يالتىراقتىن ياسالغان قىلىچلىرىنى چىقىرىشىپ ئېلىشىۋاتقاندا كانايدىن قىلىچ-قالقانلارنىڭ ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى. كېيىن بىردەم پاراڭلىشىشتى ئاندىن يەنە ئېلىشىشتى. دۇبۇلغا-ساۋۇتلارنىڭ ئىچىدىكى ئارتىسلار تۇرگاي بىلەن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دادىسى بولسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ بوغۇشۇپ، ئىتتىرىشىپ، يەردە دومىلاشتى ۋە بىر-بىرىدىن ئاجرىدى.

تاماشىبىنلار بىلەن بىللە مەنمۇ ھاياجانلانغان ئىدىم. ئاندىن تۇيۇقسىز ياشانغان چەۋەنداز بىر ئۇرۇپلا ياش چەۋەندازنى يىقىتتى، ئۈستىگە چىقتى ۋە بىر كۈچەپلا قىلىچىنى ياشنىڭ يۈرىكىگە تىقىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ھەممە ئىش بەك تېزلا يۈز بەرگەنىدى. قىلىچلارنىڭ يالتىراقتىن، بۇنىڭ بىر تىياتىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ھەممىمىز بىردەم قورقۇپ كەتتۇق.

ياش چەۋەنداز ئىڭراپ سالدى لېكىن شۇ ھامانلا جان ئۈزمىگەن ئىدى. بىر نەرسە دېگۈسى باردەك قىلاتتى. ياشانغان چەۋەنداز ئۆلۈۋاتقان ياشقا يېقىنلاشتى. رەقىبىنى يەڭگەن چەۋەندازلارغا خاس ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنىڭ نىقابىنى چىقاردى(مەن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دادىسى دەپ قالغان ئادەم ئىدى)، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ياشنىڭ بىلىكىدىكى بىلەكلىكنى كۆرۈپ جىددىيلەشتى ھەتتا دەھشەتكە پاتتى. ئاندىن ياشنىڭ يۈزىدىكى نىقابنى ئېلىۋەتتى(تۇرگاي ئەمەس، باشقا بىر ئارتىس ئىدى) ۋە ئازاپ ئىچىدە تىترەپ كەتتى. بىر خاتالىق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇبالىغىلىك ھەرىكەتلەرنى قىلدى. تارتىۋاتقىنى ئىنتايىن بۈيۈك بىر ئازاپ ئىدى. بىر ئاز بۇرۇن تېلېۋىزوردىكى ئېلانلارنىڭ تەقلىدىگە كۈلگەن بىز تاماشىبىنلارمۇ ئەمدى ھۆرمەت بىلەن جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدۇق. چۈنكى قىزىل چاچلىق ئايالمۇ ئۇلارغا يىغلاۋاتاتتى.

ياشانغان چەۋەنداز يەردە ئولتۇردى، جان تالىشىۋاتقان ياش چەۋەندازنى قۇچاقلىدى، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىچىدىن چىقىرىپ يىغلىغانلىقى ئۈچۈن، تىياتىردا ئولتۇرغان بىزلەرنىڭمۇ ئىختىيارسىز كۆڭلىمىز يېرىم بولدى. ياشانغان

چەۋەنداز پۇشايمان ئىچىدە يىغلاۋاتاتتى.

پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ماڭىمۇ يۇقتى. بۇ تۇيغۇنىڭ كىنولاردا، رەسىملىك رومانلاردا بۇنچىۋالا ئېنىق بىر شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. شۇ كۈنگە قەدەر، پۇشايمانلىق دېگەن مەن ئۈچۈن پەقەت سۆزلەر بىلەنلا ئىپادە قىلىنىدىغان بىر نەرسە ئىدى. ھالبۇكى ھازىر كۆرگەچ سەھنىدىكى پۇشايمانلىق ئازابىغا قوشۇلۇپ كېتىپ باراتتىم. بۇ پەردە كۆرگىنىم گويا بېشىمدىن ئۆتۈپ مەن ئۇنتۇپ كەتكەن بىر خاتىرىدەك قىلاتتى.

قىزىل چاچلىق ئايال ئارقا تەرەپتىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چەۋەنداز ئۈچۈن چوڭقۇر ئازاب چېكىۋاتاتتى. ئۇمۇ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان ئىككى ئەركىشىدەكلا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. تېخىمۇ كۈچلۈك يىغلاشقا باشلىدى. بەلكىم ئۇ ئەرلەرمۇ، قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاش بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدى. چېدىرنىڭ ئىچىدە باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يىغىسى بىر مەرسىيەگە، بىر شېئىرغا ئۆزگەردى. ھېكايىدەك ئۇزۇن، لەرزىگە سالغۇچى بىر شېئىر ئىدى بۇ. ئاخىرىدىكى ئۇزۇن مونولوگىدا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئەرلەرنى، ئۇلار بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى، ھاياتنى غەزەپ بىلەن تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتىم، لېكىن ئۇنىڭ قاراڭغۇدا مېنى پەرق ئېتىشى تەس ئىدى. گويا ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچراشمىغاچقا ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم ۋە ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتىم. مەندە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ھېچكىم توختىتالمايدىغاندەك كۈچلۈك بىر ئىستەك پەيدا بولدى. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئۇزۇن، شېئىرىي سۆزلىرى ئاخىرلىشىپ ئويۇنمۇ تۈگىدى ۋە ئازغىنە بىر توپ تاماشىبىنمۇ بىردەمدىلا تارقىلىپ كېتىشتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

چېدىردىن چىققاندىن كېيىن پۇتلىرىمنى زورلاپ كېتىپ باراتتىم. شۇ ئارىدا بىلەت سېتىش ئورنى سۇپىسىدە قويۇلغان ئۇستەلدە قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆردۇم.

سەھنىدە كېيگەن كىيىملەرنى سېلىۋەتكەن بولۇپ، تالاغا چىققاندا كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن ئىدى. ئۇستىدە ئاسمان كۆكى رەڭلىك ئۇزۇن يوپكا بار ئىدى.

تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ، سەھنىدە كۆرگەنلىرىمنىڭ ۋە ئىچكەن راكىمنىڭ تەسىرىدە شۇنداق مەست بولۇپ كەتكەن ئىدىمكى، مەن ئۆزۈمنى ھازىردا ئەمەس، بەلكى يا ئۆتمۈشتە ياكى بولمىسا كاللامدىكى بىر خىيالنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممە نەرسە خاتىرىلەرگە ئوخشاش پارچە-پۇرات ئىدى.

_ئويۇنىمىزنى ياقتۇردۇڭمۇ؟_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،_ ئالقىشلىرىڭ ئۇچۇن رەھمەت.

_ بەك ياقتۇردۇم،_ دېدىم تاتلىق كۈلۈشىدىن جاسارەتلىنىپ.

ھازىر، شۇنچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوقۇرمەنلەردىن قىزغىنىپ دەپ بەرگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن ھېكايەمنىڭ ھەممىسىنى دۇرۇستلۇق بىلەن ئاڭلىتىشىم كېرەك. چۈنكى بىز فىلىملەردىكى ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش ئىسىملىرىمىزنى دەپ بەرگەچ ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق:

_جەم.

_گۈلجىھان.

_بەك ياخشى ئوينىدىڭ،_ دېدىم،_ كۆرۈۋاتقاندا ساڭا دىققەت قىلىپ قارىدىم.

ئۇنىڭغا «سەن» دەپ گەپ قىلىش ئۇچۇن ئۆزۈمنى زورلاۋاتاتتىم. چۈنكى يىراقتىن كۆرگىنىمدىن ۋە پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ چوڭ ئىدى.

_قۇدۇقنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟

_بەزىدە پەقەت سۇ چىقمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ،_ دېدىم،_ ئەسلى ئۆڭگۆرەندە سىنى كۆرۈش ئۇچۇنلا تۇرۇۋاتىمەن! دېگۈم بار ئىدى، لېكىن چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

_تۇنۇگۈن ئۇستاڭمۇ بىزنىڭ چېدىردا ئىدى،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال.

_كىم؟

_ماھمۇت ئۇستا. ئۇ سۇنىڭ چىقىشىدىن خاتىرجەم ئىكەن. تىياتىرنى، ئويۇنىمىزنى ئۇمۇ بەك ياقتۇردى. ئۇنىڭغا بىلەت كەستۇق، پۇلىنى بەردى.

_ ئەسلىدە ماھمۇت ئۇستام ئۆمرىدە تىياتىر كۆرۈپ باقمىغانىكەن،_ دېدىم قىزغىنىپ،_ مەن بىر قېتىم ئودىپۇس ۋە سوفوكلېس ھەققىدە گەپ ئېچىپ ئازراق سۆزلەپ بەرسەم ماڭا ئاچچىقلانغانىدى. ئۇنى قانداق قايىل قىلدىڭلار؟

_ ئاچچىقلانغىنى خاتا ئەمەس، يۇنان ئويۇنلىرى تۈركىيەدە ياقتۇرۇلمايدۇ.

قىزىل چاچلىق ئايال مېنى ماھمۇت ئۇستامنى قىزغانسۇن دېگەن بولغىيمىدى؟

_ لېكىن ئۇ ئۇ ئويۇندا ئوغلى ئانىسى بىلەن ياتىدىكەن، دەپ ئاچچىقلىدى.

_ تۈنۈگۈن ئويۇننىڭ ئاخىرىدا دادىسىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرىشىگە پەقەتلا ئاچچىقلىمىدى ...،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال،_ كونا ھېكايىلەرنى، ئەپسانىلەرنى بەك ياخشى كۆردى...

ئويۇننىڭ ئاخىرىدا ماھمۇت ئۇستام بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىششقان بولغىيمىدى؟ ماھمۇت ئۇستامنىڭ مەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، بازارغا رۇخسەت بىلەن چىققان ئەسكەرلەرگە ئوخشاش، تىياتىرغا بارغانلىقىغا بىر خىل ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى.

_ ماھمۇت ئۇستام مېنى بەك چىڭ تۇتىدۇ،_ دېدىم،_ كۆزى سۇ چىقىرىشتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. تىياتىرغا بېرىشىمنىمۇ خالىمايتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگىنىمنى بىلسە ماڭا ئاچچىقلايدۇ.

_سەن ئەنسىرىمە، مەن پاراڭلىشىمەن ئۇنىڭ بىلەن،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال.

شۇنچىلىك قىزغىنىپ كەتتىمكى، بىر ھازا گەپ قىلالمىدىم. ماھمۇت ئۇستام بىلەن قىزىل چاچلىق ئايال ئىچ-پەش تارتىشىپ قېلىشقان بولغىيمىدى؟

_ ئۇستاڭ بەك بۇيرۇقۋاز، قاتتىق قولمۇ؟_ دەپ سورىدى قىزىل چاچلىق ئايال.

_ئەسلىدىغۇ بىر دادا ئورنىدا مېھرىبانلىق بىلەن ئاسرايدۇ مېنى، دوستلاردەكمۇ ئۆتۈپ قويىمىز. لېكىن سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقىمنى، دائىم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ.

_ ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئىتائەت قىل ئۇنداق قىلماي!_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،_ سېنى شاگىرتلىققا زورلاپ ئالماپتىغۇ...ئائىلەڭنىڭ پەقەتلا پۇلى يوقمۇ؟

ماھمۇت ئۇستام، قىزىل چاچلىق ئايالغا مېنىڭ بىر بايۋەچچە ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بەرگەن بولغىيمىدى؟ مېنىڭ گېپىمنى قىلىشقان بولغىيمىدى؟

_ دادام بىزنى تاشلاپ كەتتى!_ دېدىم.

_ دېمەك ئۇ سېنىڭ داداڭ بولالماپتۇ،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال،_ سەنمۇ ئۆزۈڭگە باشقا بىر دادا تاپ. ھەممە ئادەمنىڭ دادىسى تولا بۇ دۆلەتتە. دۆلەت دادا، پەرۋەردىگار دادا، پاشا دادا، مافىيا دادا...بۇ يەردە ھېچكىم دادىسىز ياشىيالمايدۇ.

ئەمدى قىزىل چاچلىق ئايال ماڭا ھەم گۈزەل، ھەم ئەقىللىك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

_دادام ماركسىزىمچى ئىدى،_ دېدىم (نېمىشقا ماركسىزىمچىدۇر دېمەيمەن بولغىيتتىم؟)،_ قىيىن-قىستاققا ئېلىندى. كىچىك چېغىمدا نەچچە يىللاپ تۈرمىدە ياتتى.

_ ئىسمى نېمە داداڭنىڭ؟

_ئاكىن چەلىك. لېكىن بىزنىڭ دورىخانىنىڭ ئىسمى چەلىك ئەمەس ھايات ئىدى.

قىزىل چاچلىق ئايال خىياللارغا غەرق بولدى. دىمى ئىچىگە چۈشۈپ بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى. دادامنىڭ ماركسىزىمچى بولۇشى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن تەسىر قىلغان بولغىيتتى؟ بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن: پەقەت ھارغۇن ئىدى ۋە خىيال بېسىۋالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ھايات دورىخانىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان دادامنىڭ، ئۇنىڭغا تاماق توشۇغانلىقىمنىڭ ۋە بەشىكتاش بازىرىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردىم. گەپلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى. لېكىن خۇددى ماھمۇت ئۇستامنىڭ گېپىنى قىلغۇم كەلمىگەنگە ئوخشاش، دادامنىڭ گېپىنىمۇ قىلغۇم كەلمەي قويدى. بىردەم جىم تۇردۇق.

_ مەن ئېرىم بىلەن بۇ يەردە تۇرىمەن،_ دېدى مەن ئالدىدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن، دەرىزىلىرىگە ھەممىشە قارىغان بىنانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

كۆڭلۈم ئازار يېدى؛ ئالدانغاندەك ئاچچىقىم كەلدى. لېكىن مەست تۇرۇۋغلۇقمۇ، تۈركىيەدە شەھەرمۇ-شەھەر كېزىپ يۈرىدىغان، پارچە-پۇرات بىر سىياسىي تىياتىر ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان بۇ ياشتىكى بىر ئايالنىڭ توي قىلغان بولۇشى كېرەكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالاۋاتاتتىم. بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟

_ سىلەرنىڭ ئۆي قانچىنچى قەۋەتتە؟

_بىزنىڭ دەرىزىلەر كوچىدىن كۆرۈنمەيدۇ. بىزنى ئۆزگۆرەنگە تەكلىپ قىلغان بىر ماۋچى (ماۋزېدوڭچى دېمەكچى، بىر سىياسىي ئېقىم.ت)نىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمىز. تۇرگاينىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇستىدە تۇرىدۇ. بىزنىڭ دەرىزىلەر ئارقا ھويلىغا قارايدۇ. تۇرگاي سېنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە دەرىزىلەرگە قارايدىغانلىقىڭنى دەپ بەردى.

سىرىمنىڭ ئاشكارە بولۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدۇم. لېكىن قىزىل چاچلىق ئايال تاتلىق كۈلۈمسىرەۋاتاتتى. يۇمۇلاق، چىرايلىق لەۋلىرى بەك جەلپكار ئىدى.

_خەيرلىك كەچ،_ دېدىم،_ بەك گۈزەل بىر ئويۇن بولدى.

_ياق، ئاۋۇ يەرگىچە بىردەم ماڭايلى، ئاندىن قايتايلى. داداڭغا قىزىقىپ قالدىم.

ھېكايەمنى ئاربىدىن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇيدىغان قىزىققۇچىلارغا بۇ ئۇچۇرنى بېرىشىم كېرەك: ئۇ يىللاردا(تىياتىر ئۇچۇن بولسىمۇ) گىرىم قىلغان، كۆكۈش، يىقىملىك يوپكا كىيگەن ۋە ئوتتۇز نەچچە ياشلارغا كىرگەن قىزىل چاچلىق جەلىپكار بىر ئايال كېچە سائەت ئوندا بىر ئەركىشىگە «كوچىلاردا يەنە بىردەم ئايلىنايلى» دېسە، بۇنىڭ كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئۇچۇن _ ئەپسۇسكى _ بىرلا مەنىسى بار ئىدى. ئەلۋەتتە مەن ئۇنداق ئەرلەردىن ئەمەس، باللارچە مۇھەببىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال تويى قىلغان ئىدى ۋە بۇ يەر ئانادولۇ، يەنى ئاسىيا ئەمەس، رۇمەلى، يەنى ياۋرۇپا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاللىدا بىر سولچىل سىياسىي ئەخلاق بار ئىدى. يەنى دادامنىڭ سىياسىي ئەخلاقى.

ھېچنىمە دېيىشمەي بىردەم مېڭىشنى خىيال قىلغاچ ھېچنىمە دېيىشمەي بىردەم ماڭدۇق. قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقلار ئانچە بەك قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى ۋە ئۆڭگۈرەن بازىرىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇز يوق ئىدى. پويىز ئىستانسىسى مەيدانىدىكى ئاتاتۈرك ھەيكىلىگە بىرى ۋەلسىپىتنى يۆلەپ قويغان ئىدى.

_ساڭا سىياسىي توغرۇلۇق گەپ قىلامتى؟_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال.

_كىم؟

_داداڭنىڭ سىياسىي دوستلىرى ئۆيگە كېلەمتى؟

_ دادام ئاساسەن ئۆيدە يوقتى. ئانامۇ، دادامبۇ مېنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىپ قېلىشىمنى خالىمايتتى.

_ داداڭ سېنى نېمىشقا سولچى قىلىپ تەربىيلىمىدى؟

_ مەن يازغۇچى بولىمەن...

_ بىزگىمۇ بىر ئويۇن يېزىپ بېرەرسەن ئۇنداقتا،_ دېدى سىرلىق بىر تەرزدە كۈلۈمسىرەپ. ئەمدى كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى ۋە يۈزىدە جەلىپكار، ئەقىلنى لال قىلىدىغان بىر كەرەشمە پەيدا بولغانىدى،_ مېنىڭ ئاخىرقى مونولوگۇمغا ئوخشاش بىر ئويۇن، بىر كىتاب يېزىلسكەن، مېنىڭ ھاياتىممۇ ئىچىدە بولسكەن دەيمەن.

_ ئۇ ئاخىرقى مونولوگنى بەك چۈشىنەلمىدىم. تېكىستى بارمۇ؟

_يوق، ئۇلارنى مەن شۇ چاغدىكى ئىلھامىم بىلەن سۆزلىگەن ئىدىم. بىر رومكا ھاراقنىڭمۇ تەسىرى بار.

_ ئەسلىدە بىر تىياتىر ئويۇنى يازغۇم بار،_ دېدىم كالۋا بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەلەپپۇزىدا،_ لېكىن ئاۋۋال تىياتىر توغرۇلۇق كىتابلارنى ئوقۇشىم كېرەك.

تۈنجى بولۇپ ئوقۇيدىغان كلاسسىك ئەسىرىم «پادىشاھ ئودىپۇس» بولىدۇ.

پويىز ئىستانسىسى مەيدانى ئىيۇل كېچىسىدە خاتىرىلەردەك تونۇش ئىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئۆڭكۆرەننىڭ يوقسۇللۇقنى، بىقىمسىز قالغان ھالىنى يىپپىپ تۇراتتى، غۇۋا سېرىق لامپىلارنىڭ تەسىرىدە ئىستانسا بىناسى ۋە مەيدانى ئاتكىرتكىلارغا رەسىمى بېسىلغۇدەك بىر غەلىتە يەرگە ئايلانغانىدى. مەيداندا ئاستا ئايلىنىپ يۈرگەن ھەربىي جىپ ماشىنىنىڭ كۆچلۈك ئالدى چىراقلىرى بىر بۇلۇڭدا تۇرغان بىر توپ ئىتنى يورۇتتى.

_ ئىش چىقارغان چاتاقچىلارنى، قاچقۇنلارنى ئىزدەپ يۈرىشىدۇ بۇلار،_ دېدى قىزىل چاچلىق ئايال،_ بۇ يەرنىڭ ئەسكەرلىرى نىمىشقىكىن بەك ئەدەپسىز كېلىدىكەن.

_ شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە نومۇرۇڭلار بارمۇ؟

_ پۇل تېپىشىمىز كېرەك...،_ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ،_ بىز پۇقراۋىي تىياترىمىز، دۆلەتتىن مائاش ئالىدىغان تىياتىر ئەمەس.

قولىنى ئۆزىتىپ ياقامغا يىپپىشىپ قالغان بىر تال سامانىنى ئېلىۋەتتى. تېنىنىڭ، ئۆزۈن پاچاقلىرىنىڭ، كۆكسىنىڭ بەك يېقىندا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ھېچنىمە دېيىشمەستىن ئارقىغا ياندۇق. بادام دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا تۇرغاندا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ كۆزلىرى گويا قارىدىن يېشىلغا ئۆزگەرگەنىدەك بولدى. دەرىجىدىن تاشقىرى بىر ھۇزۇرسىزلىق بار ئىدى ئىچىمدە. بىر ئايدىن بۇيان دەرىزىلىرىگە تالاي قېتىم قارىغان بىنا يىراقتىن كۆرۈندى.

_ئېرىم سېنى مۇشۇ يېشىڭدىلا راكىنى بىر ئۇبدان ئىچىپ قويىدىكەن دەيدىغۇ،_ دېدى،_ داداڭمۇ ئىچىپ قويامتى؟

بۇنىڭغا بېشىمنى «ھەئە» دېگەن مەنىدە لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردىم. ئەقلىم ئۇنىڭ ئېرى بىلەن قاچان، قەيەردە بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغانلىقىمىزدا قالغان ئىدى. بۇنى ئەسلىيەلمەيۋاتاتتىم. لېكىن سورىغۇممۇ كەلمەيۋاتاتتى، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكۈم كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇدۇقتىكى ئىشىمىز تۈگىگەنىدە ئۇنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىسام، ھازىردىن باشلاپلا كىچىك بالىدەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇ ئازاپ ئۇنىڭ دەرىزىسىگە(ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەمەستى) ھەۋەس بىلەن بىلەن قاراپ كېتىشلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىنمۇ ئېغىر ئىدى.

بىناغا يۈز مېتىردەك قالغاندا بادام دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا توختىدۇق. باشتا ئۇ توختىدىمۇ ياكى مەنمۇ ھازىر ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئۇ ماڭا بەك ئەقىللىق ۋە مېھرىبان تۇيۇلاتتى. سەھنىدىن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىغىنىدا مەن يۈزىدە كۆرگەن كۈچلۈك ۋە ئۈمىدلەندۈرگۈچى ئىپادە بىلەن تاتلىققىنە، مېھرىبانلارچە كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا

تىياتىردا يىغلاۋاتقان چەۋەنداز دادا ۋە ئوغلىنى كۆرۈۋاتقاندا ھېس قىلغان پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ئىچىمدە پەيدا بولدى.

_تۇرگاي بۇ ئاخشام ئىستانبۇلدا،_ دېدى،_ سەنمۇ داداڭدەك راكىغا ئامراق بولساڭ، ئۇنىڭ شىشىسىدىن ساڭا بىر قەدەھ قۇيۇپ بېرەي.

_ مەمنۇن بولغان بولاتتىم،_ دېدىم،_ ئىبرىك بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالىمىز.

_ تۇرگاي مېنىڭ ئىبرىم شۇ،_ دېدى،_ ئۆتكەندە بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىپسىلەرغۇ، مېنى تىياتىرغا كىرگۈزۈپ قويي دەپسەنغۇ؟

ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلىغان نەرسىلىرىمنى سەل سىڭدۈرىۋالسۇن دېگەندەك بىردەم جىم تۇردى.

_تۇرگاي ئۆزىدىن يەتتە ياش چوڭ بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن بەزىدە خىجىل بولۇپ بىزنىڭ ئەر-ئايال ئىكەنلىكىمىزنى يوشۇرىدۇ،_ دېدى،_ ئۇنىڭ ياشلىقىغا قارىما، بەك ئەقىللىق، بەك ياخشى بىر ئەر ئۇ.

يەنە مىڭىشقا باشلىدۇق.

_ مەنمۇ ئىبرىك بىلەن نەدە ئولتۇرۇپ ئىچكەنلىكىمىزنى ئويلاۋاتاتتىم.

_ ئۇ ئاخشام تۇرگاي بىلەن ئاشخانىدا كۇلۇپ راكىسى ئىچىپسىلەر. ئۆيدە يەنە يېرىم شىشە بار. كونا ماۋچى(ماۋزېدوڭچى) دوستىمىزنىڭ يەرلىك كونياك ھارىقىمۇ بار. ئۇمۇ يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، بىزمۇ بۇ يەردىن كېتىمىز. سېنى سېغىنىمەن بايۋەچچە!

-قانداق؟

_ سەنمۇ بىلسەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋاقتىمىز توشاي دېدى.

_مەنمۇ سېنى بەك سېغىنىمەن.

بىنانىڭ ئىشكىدە بەدەنلىرىمىز بىر-بىرىگە راۋۇرۇس يېقىنلاشتى. ئۇ ئەمدى ماڭا مېنى بېھۇش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى.

ئاچقۇچنى ئېلىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقاندا «راكىغا سالىدىغان مۇز ۋە قورۇلغان نوقۇتمۇ تەييار» دېدى.

_ نوقۇت بولمىسىمۇ بولىدۇ،_ دېدىم ئالدىرايمەن، بىردەم ئولتۇرۇپلا ماڭىمەن دېگەندەك قىلىپ.

ھويلا ئىشىكى ئېچىلدى، كور قاراڭغۇلۇقتا تار بىر كارىدوردىن ئۆتتۇق. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاچقۇچلارنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر ئاچقۇچنى ئىزدەۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا چاقماقنى ياندۇردى ۋە يالقۇننىڭ نۇرىدا پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىلەرنىڭ ئىچىدە ئاچقۇچنى ۋە قۇلۇپنى تېپىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى.

زالنىڭ چىرىقىنى يېقىۋېتىپ ماڭا قارىدى:_ قورققۇدەك بىر ئىش يوق،_ دېدى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ،_ قارا، ئاناڭدەك ئايالمەن.

## ئون توققۇزىنچى باب

ئۇ كېچە هاياتىمدا تۇنجى قېتىم بىر ئايال بىلەن ياتتىم. ئىنتايىن لەرزىگە سالغۇچى ۋە قالتىس بولغانىدى. هايات، ئاياللار ۋە ئۆزۈم توغرۇلۇق بارلىق كۆز-قاراشلىرىم بىردىنلا ئۆزگەردى. قىزىل چاچلىق ئايال ماڭا ئۆزۈمنى ۋە بەختنى بىلدۈرۈپ قويدى.

ئوتتۇز ئۈچ ياشتا ئىدى؛ يەنى مەن ياشىغاننىڭ دەل ئىككى ھەسسىسىنى ياشىغان ئىدى؛ لېكىن ئون ھەسسىسىنى ياشىغاندەك قىلاتتى. ئارىمىزدىكى ياش پەرقى، مەكتەپ ۋە مەھەللىدىكى دوستلىرىمنىڭ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدىغان ۋە ھەيران قالىدىغان بۇ نۇقتىدا ئۇ كۆڭلى بەك توختىلىپ كەتمىدىم. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ھېچكىمگە دەپ بەرمەيدىغانلىقىمنى ئۇ ئىشلار بېشىمدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدىلا بىلگەن ئىدىم. شۇڭا دوستلىرىمنىڭ بەك بىلگۈسى كېلىپ كېتىدىغان ۋە دەپ بەرسەم «مۇمكىن ئەمەس» دەپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق بولغان تەپسىلاتلار ئۈستىدە توختالمايمەن. لېكىن قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ تېننىڭ خۇددى مەن تەخمىن قىلغاندەك گۈزەللىكى ۋە بىللە بولۇۋاتقاندىكى ئەركىن، جەسۇر ھەتتا بىر ئاز ئەدەپسىز قىلىقلىرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشنى تېخىمۇ ئىشەنگۈسىز قىلىۋېتىۋاتاتتى.

ھەم تۇرگاينىڭ راكىسىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقىم، ھەم ۋېۋىسكىچىلىق قىلىدىغان ۋە ئۆيىنى سىرتى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان كونا ماۋچىننىڭ كونىياك ھارىقىدىن ئاخىرقى پەيتتە بىر قەدەھ ئىچكەنلىكىم ئۈچۈن، يېرىم كېچىدىن ئېشىپ ئۆتكۈرەندىن قايتىۋاتقاندا تۆز ماڭالمايۋاتاتتىم ۋە خۇددى بىر چۈشتىكىدەك، بېشىمدىن ئۆتۈۋاتقان پەيتلەرنى خۇددى سىرتتىن كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتىم. قانچىلىك بەختلىك ۋە خۇشال ئىكەنلىكىمنىمۇ گويا مەن ئەمەس سىرتتىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان باشقا بىرسى خىيال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مازارلىقتىكى دۆڭدىن چىقىۋاتقاندا ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشتى. ماھمۇت ئۇستامدىن قورقۇۋاتاتتىم. كاللامغا مەن ھېس قىلغان شاتلىق ۋە شېئىرىي ئىشلارنى ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئازارلىرىدىن قوغداش خىيالى كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا ھەسەت قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مازارلىقتىن(ھۇقۇشمۇ ئۇخلاپ بولغان ئىدى) ئۆتكەندىن كېيىن،

مەن يولنى قىسقارتاي، دەپ كېسىپ ئۆتكەن بىر ئېتىزلىقتا، پۈتۈم بىر دۆمچەككە پۇتلىشىپ ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە يۇمشاققىنە يىقىلىپ چۈشتۈم ۋە يۇقىرىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان ئاسماننى كۆردۈم.

ئالەمنىڭ، ھەممە نەرسىنىڭ نە قەدەر ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى، مانا، بايقىغان ئىدىم. نېمىگە ئالدىراپتىمەن؟ ماھمۇت ئۇستامدىن نېمە دەپ ئۇنچىۋالا قورقۇپ يۈرىدىغان بولغىيتتىم؟ قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولسا، ئۇمۇ سېرىق چېدىرغا كىرىپ ئويۇن كۆرگەنىدى. نېمىشىقىكىن بۇنىڭغا ھەسەت قىلىۋاتاتتىم، ئويۇندىن كېيىن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى، ئۇنتۇپ كەتكۈم كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قىزىل چاچلىق ئايالدەك بىر ئايال بىلەن ياتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنىڭ ئاشقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. قۇدۇقتىن سۇ چىقمايتتى، لېكىن مەن پۇلۇمنى ئېلىپ قايتىپ، دەرسخانىغا بېرىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، يازغۇچى بولۇپ، شۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك توختىماي چاقناپ تۇرىدىغان بىر ھاياتقا ئېرىشمەكچى ئىدىم. بىر تەقدىرىم بار ئىدى، ئېنىق ئىدى؛ ئۇنى كۆرۈۋاتاتتىم ۋە قوبۇل قىلىۋاتاتتىم. بەلكىم قىزىل چاچلىق ئايال توغرۇلۇق بىر رومان يېزىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.

بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى. كۆزۈم بىلەن كۆرگەن دۇنيا بىلەن ئىچىمدىكى دۇنيانىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، تومۇز ئاسمىنىغا پۈتۈن زېھنىم بىلەن تىكىلدىم. گويا ئۇلارنى ئوقۇسام، يۇلتۇزلارنىڭ شەكلى ماڭا ھاياتىمنىڭ بارلىق سىرلىرىنى دەپ بېرىدىغاندەك. دېمىسىمۇ ھەممە نەرسە گۈزەل ئىدى، ھەممە نەرسە يۇلتۇزلاردەك ئىدى. يازغۇچى بولىدىغانلىقىمنىمۇ شۇ كېچە تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم قارىشى، كۆرۈشى، كۆرگەنلىرىنى چۈشىنىشى ۋە سۆزلەر بىلەن سۆزلىشى كېرەك ئىدى. قىزىل چاچلىق ئايالغا بولغان مىننەتدارلىقىم ئىچىمگە سىغمايتتى. دۇنيادا، كاللامدا ھەممە نەرسە بىرلىشىپ، پەقەت بىرلا مەناغا مۇجەسسەم بولۇشقان ئىدى.

يەنە بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى. بەلكىم ئۇ يۇلتۇزنى پەقەت مەنلا كۆرگەندىمەن. مەن بار، دەپ ئويلىدىم. بۇ گۈزەل بىر تۇيغۇ ئىدى. تومۇزغىلارنىڭ «جىز-جىز» لىرىغا ئوخشاش يۇلتۇزلارنىمۇ سانىيالايمەن. مەن مانا بۇ يەردە: 1، 2، 3، 5، 7، 11، 13، 17، 19، 23، 29، 31 ...

ئۇلارنى دۆمبەمدە، مۈرەمدە ھېس قىلىۋاتاتتىم، تېنىمدە قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ سۈركىلىشلىرىنى ئەسلەۋاتاتتىم. مېھمانخانا ئۆيدە، كىرىسلونىڭ ئۈستىدە، چىراقلارنىمۇ

ئۆچۈرمەستىنلا بىرگە بولغانىدۇق. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ گەۋدىسى، يوغان كۆكسىلىرى ۋە مىس رەڭگىدىكى تىنىگە چۈشۈپ تۇرغان نۇرلار كۆز ئالدىمىدىن كەتمەيۋاتاتتى، چىرايلىق لەۋلىرى بىلەن سۆيۈشلىرىنى، بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرگە بولغۇم كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئىرى تۇرگاي ئەتە ئىستانبۇلدىن قايتىپ كېلەتتى ۋە بۇ ئىمكانسىز ئىدى.

ئۆتكۈزگەندە يالغۇزلۇق تارتقان ئاخشاملاردا تۇرگاي ماڭا يېقىنچىلىق قىلغان ئىدى، ياخشى نىيەت بىلەن ئاغىنەدارچىلىق كۆرسەتكەن ئىدى. مەن بولسام، ئۇ ئىستانبۇلغا كەتكەن كېچىسى چىرايلىق ئايالى بىلەن يېتىپ ئاغىنەمگە نانكورلۇق قىلغان ئىدىم. ناچار، ئىشەنچسىز بىرى ئەمەسلىكىمنى ئۆز-ئۆزۈمگە ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن، مەست كاللامدا گۇناھىمغا باھانە ئىزدەۋاتاتتىم: قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن تۇرگاينىڭ ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدا ئۇق ئاللىبۇرۇن يادىن چىقىپ بولغانىدى، دېدىم ئۆزۈمگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرگاي مېنىڭ قىرىق يىللىق ئاغىنەم ئەمەستى _ جىق بولسا ئۈچ، تۆت قېتىم كۆرۈشكەندۇق. ئەرلەرگە بىلىنىپ تولغاپ بېرىدىغان، ئەدەپسىز ھېكايىلەرنى ئاڭلىتىدىغان، يەر-ماكانسىز، كۆچمەن تىياتىرچىلار ئائىلە قىممەت-قاراشلىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. بەلكىم تۇرگايمۇ باشقا ئاياللار بىلەن يېتىپ ئۆز ئايالىنى ئالداۋاتقاندۇ. بەلكىم بىر-بىرىگە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى دەپ بېرىشىدىغاندۇ. بەلكىم قىزىل چاچلىق ئايال ئەتە مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى تۇرگايغا سۆزلەپ بېرىدىغاندۇ. بەلكىم بۇنداقمۇ قىلىپ ئولتۇرماي، مېنى ئۇنتۇپ كېتىدىغاندۇ.

كەيپىم ئۇچتى، چېدىردا ئويۇن كۆرۈۋاتقاندا ھېس قىلغان پۇشايمانلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم. ئويۇندا كۆرگەنلىرىمنىڭ مېنى بۇ خىل تۇيغۇغا قانداق كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. بۇ ئويۇننى ماھمۇت ئۇستامنىڭمۇ كۆرگەنلىكى مېنىڭ ھەسسىتىمنى قوزغاۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسى، قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ماھمۇت ئۇستام، تىياتىرنىڭ تېشىدا كۆرۈشۈشكەن بولغىيمىدى؟

قۇرۇق ئوت-چۆپلەردىن كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشلىرىم كىچىك ۋە بىچارە چېدىرىمىزغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئاسمان شۇ قەدەر كەڭرى، ئالەم شۇ قەدەر چەكسىز ئىدى، لېكىن مەن ھازىر بۇ كىچىك يەرگە كىرىپ تارىيىپ كېتەتتىم.

ماھمۇت ئۇستام ئۇخلاۋاتاتتى. تىۋىش چىقارماي ئورنۇمغا كىرىۋاتاتتىم، تووۋلىدى:

_ نەگە كەتتىڭ؟

_ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

_ مېنى ئۇ ئۇستەلدە يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭ. تىياتىرغا بارغان ئوخشىمامسەن؟

_ ياق.

_ سائەت تۆت بولدى. ئەتە ئىسسىقتا، ئۇيقۇسىز قانداق ئىشلەيسەن؟

_ ئىچىم سىقىلغان ئىدى، ماڭا راكى ئىچكۈزۈشتى،_ دېدىم،_ بەك ئىسسىپ كېتىپ، قايتىپ كەلگىچە ئاۋۇ يەردە يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بەك جىق ئۇخلىدىم ئۇستام.

_ ئوغلۇم، يالغان گەپ قىلما. قۇدۇقتا چاخچاق قىلغىلى بولمايدۇ، سۇ چىقاي دەپ قالدى.

جاۋاپ بەرمىدىم. ماھمۇت ئۇستام سىرتقا چىقىپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئارىسىدىن يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتسام ماھمۇت ئۇستامنى ئۇنتۇپ، ئۇخلاپ قالارمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم، لېكىن ئەس-يادىم ئۇنىڭدا قالدى.

نېمىشقا تىياتىرغا بارغان-بارمىغانلىقىمنى سورىغان بولغىيتتى؟ ماھمۇت ئۇستام ماڭا ھەسەت قىلىۋاتقانمىدۇ-يا؟ قىزىل چاچلىق ئايالغا ئوخشاش تەربىيە كۆرگەن بىر تىياتىر ئارتىسى ماھمۇت ئۇستامدەك بىر سەھرالىق قۇدۇقچىنى ياراتمايتتى. لېكىن قىزىل چاچلىق ئايالغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدىم.

چېدىردىن چىقىپ ماھمۇت ئۇستامنىڭ پېيىگە چۈشتۈم. كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم لېكىن بۇ چاغ بولغاندا ئۆڭگۈرەنگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىچىمدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھەسەت ۋە غەزەپنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. چەكسىز كېچىنىڭ ئىچىدە، يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا ماھمۇت ئۇستامنىڭ قاراڭغۇ كۆلەڭگىسىنى تەستە ئىلغا قىلىۋاتاتتىم.

لېكىن بىردەمدىن كېيىن يولدىن ئايرىلدى ۋە مېنىڭ ياڭاق دەرىخىمگە قاراپ ماڭدى. تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان چېغىدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىپ ئۇزاقتىن ماھمۇت ئۇستامنىڭ تاماكا چېكىشىنى ساقلىدىم. تاماكىسىنىڭ قىزغۇچ چوغىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۆڭگۈرەنگە بارمايدىغانلىقىغا جەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن چېدىرغا كىرىپ ياتتىم. لېكىن ئۇنى يىراقتىن كۆزەتكىنىم ئۇزۇن يىللارغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بەزىدە چۈشلىرىمدە ئۇچىنچى بىر كۆزگە ئايلىنىپ، ھەم ماھمۇت ئۇستامنى، ھەم ماھمۇت ئۇستامنى كۈزىتىپ تۇرغان ياش چېغىمنى بىرلا ۋاقىتتا يىراقتىن كۈزىتەتتىم.

# يىگىرمىنچى باب

ئەتىگەندە ھەر چاغدىكىگە ئوخشاش بالدۇر ئورنۇمدىن تۇردۇم. يەنى كونا نۇرى چېچىلىپ كەتكەن قۇتا شەكىللىك ئاق-سۈزۈك ئىچىدىكى بىر پېشانىسى چاقنىغان سىرلىق تەلەيگە ئىگە بولغان چاغدا. ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ سائەت ئۇخلىغان بولسام كېرەك، لېكىن ھاردۇقۇم راۋۇرۇس چىققاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن تونۇشقان كېچىدىكى كەچۈرمىشىمدىن كېيىن ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىۋاتاتتىم.

_ ئۇيقۇڭغا قاندىڭمۇ؟ ئەقلىڭ مۇشۇ يەردىمۇ_يا؟_ دېدى ماھمۇت ئۇستام چاي ئىچكەچ.

_ چاتاق يوق ئۇستام، شىردەك قوپۇپتىمەن.

ئاخشام بەك كەچ كەلگەنلىكىمنى تىلغا ئالمىدۇق. تۈنۈگۈن كۈندىكى تۇرۇپ قىلىۋاتقىنىمىزدەك باشتا ماھمۇت ئۇستام پەسكە چۈشتى. كېچىدىكى بىر داغ، ئەڭ پەستە تۇرۇپ تېخىمۇ كىچىك بىر چىلەككە تويا ئۇسسۇۋاتاتتى ۋە تۇرۇپ-تۇرۇپ «تارتە!» دەپ توۋلاۋاتاتتى.

يىگىرمە بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىدى ۋە تۇرۇبىغا ئوخشاش بېتوننىڭ ئۈچىدا تېخىمۇ بەك يىراقتىكىدەك كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا قامىشىپ كەتكەن كۆزۈم بەزىدە قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ئۇنى كۆرەلمەي جىددىيلىشىپ كېتەتتىم، كۆرۈپ باقاي دەپ بېشىمنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە بەكرەك ئىڭىشتۈرگىنىمدە بولسا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقاتتىم.

تويا تولدۇرۇلغان چىلەكنى تارتىش راسا قىيىنلاشقانىدى. تانا تۈز تۇرمايتتى، چىلەك ئۈستىگە تارتىلىۋاتقاندا بەزىدە نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بىر شامالغا ئۇچراپ قالغاندەك ئوڭ-سولغا ئىغاڭلاپ كېتىپ، تامغا تېگەتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتۇق. چىغرىقنى مەن ئۆزۈم يالغۇز چۆرگىلىتىۋاتقان بولغاچقا چىلەكنىڭ پەستە يەنە قېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمەيتتىم، ئۇ چاغدا بېشىغا بىر نەرسە چۈشۈپ كېتىشتىن قورققان ماھمۇت ئۇستام ھۆركىرىگەندەك ۋارقىرايتتى.

قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن ئۇزاقلىشىپ كېچىكلىگەنسېرى ماھمۇت ئۇستام ھەم تېخىمۇ كۆپ، ھەم تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىغانىدى. چىلەكنى ئاستا ساڭگىلىتىپ قالسام ۋارقىرايتتى، چىلەكنى بىكارلىغىچە تېزراق بولمىسام ۋارقىرايتتى، قۇرۇق توپىدىن

چــاڭ-تــوزاڭ چىقىــپ كەتســە ئاچچىقلىنىــپ ۋارقىرايتتــى. ئىچىمــدە دائىمــا بىــر خىــل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇستامنىڭ بىتون قۇدۇقنىڭ تۇرۇبىسىدا ياڭرايدىغان ئاۋازى قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن يەريۈزىگە بىر خىل شاۋقۇندەك چىقاتتى.

كاللامغا ھە دېسىلا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى، چىرايلىق بەدىنى، ھاياجان بىلەن بىرگە بولغىنىمىز كىرىۋالاتتى. ئۇنى خىيال قىلىش بەك گۈزەل ئىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىشتا يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ بىر كۆرۈۋالسام بولارمىيدى؟

يۇقىرىدا، يەرنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىمگە ملڭ شۈكرى دەۋاتاتتىم، لېكىن ئىسسىقتا ئىشىم ماھمۇت ئۇستامنىڭكىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر ئىدى. ئەلى بىلەن ئىككىمىز چۆرگىلىتىدىغان چىغىرىقنى ئۆزۈم يالغۇز چۆرگىلىتىشكە خېلى كۆنۈپ قالغان ئىدىم لېكىن بەزىدە كۈچۈم يەتمەي قالاتتى.

ئۈستىگە تارتىپ چىقارغان لىق توپا قاچىلانغان چېلەكنى قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى تاختاي تەگلىككە دەل كەلتۈرەلمەي قىينىلاتتىم. بۇرۇن بۇ ئىشنى ئەلى بىلەن ئىككىمىز دىققەت بىلەن قىلاتتۇق. ئۇ پەيتتە چېلەكنى بىر ئاز ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن بىردىنلا پەسكە قويۇۋەتكەندەك تاننى قويۇۋېتىپ چېلەكنى يەڭگىلگىنە بىر چەتكە تارتىپ تاختاي تەگلىككە دەسسىتىش ئىشنى بىر ئادەمنىڭ قىلىشى تەس ئىدى.

ئۇ ئارىلىقتا چېلەكنى ئېلىمەكتىن چىقارمايلا ئاستاغىنە يانغا ياتقۇزىدىغان بولغاچقا، بەزىدە ئۈستىدىن قۇم دانچىلىرى، مىدىيەلەر، تاشقا ئايلانغان دېڭىز جانلىقلىرى پەسكە تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

بىــر قــانچە ســېكۇنتتىن كېــيىن پەســتىن مــاھمۇت ئۇســتامنىڭ خارقىرىشــى ۋە ۋارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. مىدىيە ۋە كىچىك تاش پارچىلىرىنىڭ بەك ئېگىزدىن چۈشسە بەك قاتتىق يارىلاندۇرىدىغانلىقىنى، باشقا تېگىپ كەتسە جاننى ئالىدىغانلىقىنى ماھمۇت ئۇستام بەك تولا دەپ بەرگەنىدى. چېلەكنى شۇڭا بەك لىق تولدۇرمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز تېخىمۇ ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى.

چېلەكتىن قول ھارۋىسىغا تۆككەن قارا قۇرۇق مىدىيە قاپلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن توپىنى ئېتىزلىقنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا تۆككىچە كۆپ تەر تۆكەتتىم. توپىنى تۆككىچە ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئازار بېرىدىغان ئاۋازىنى بىر شاۋقۇندەك ئاڭلايتتىم لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم. پەستىن گويا بىر شامان بوۋاينىڭ، دىۋە بىلەن جىننىڭ ئارىسىدا يارىتىلغان بىر يەرئاستى مەخلۇقىنىڭ زارلاۋاتقان ياكى ئاچچىقلاۋاتقان نالىسى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئون قەۋەت بىنانىڭ ئېگىزلىكىچىلىك چوڭقۇرلۇقتا چېلەكنىڭ يەرگە تەككەنلىكىنى

ياكى بىر ئاز ئۇستىدە تۇرۇپ قالدىمۇ كۆرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئاخىرقى نەچچە غۇلاچ قالغانىدا چىغىرىقنى توختىتىپ، قولۇپنى تاقاپ، ئۇستامنىڭ «يەنە ئازراق» دېيىشىنى كۈتەتتىم. قۇدۇقنىڭ ئاستىدىكى ماھمۇت ئۇستا تولىمۇ كىچىك ۋە تولىمۇ چارىسىز ئىدى!

ئىشقا چۈشكەنگە بىر سائەت بولغان ئىدى، تۇرۇپلا بېشىم قايىدى. قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدۇم، دەپ قالغانىدىم. بىرئازدىن كېيىن ھارۋىدىكى تۇپىنى تۆكۈۋاتقانىدا توختىدىم، يەردە ياتتىم. بىردەم ئۇخلاپ قالغان بولسام كېرەك.

قايتىپ كەلگەندە قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن ماھمۇت ئۇستامنىڭ خارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بوش چېلەكنى ساڭگىلاتتىم، لېكىن قاخشاۋاتقان ئاۋاز بېسىقمىدى.

_ نېمە بولدى ئۇستام!_ دەپ تۋۋلىدىم پەسكە قاراپ.

_ مېنى ئۇستىگە چىقار!

_ نېمە؟

_ مېنى ئۇستىگە چىقار، دەيمەن.

چېلەك ئېغىر ئىدى، بىر پۈتى بىلەن ئىچىگە دەسسەپ تۇرغان چېغى.

ئۇستامنى تارتىپ چىقىرىش ئەك قىيىن مىنۇتلار ئىدى. جېنىم قالمايۋاتاتتى. بېشىم قايغانسېرى چىغىرىقنىڭ تۇتقۇچىغا مەھكەم يېپىشىپ، ماھمۇت ئۇستامنىڭ قۇدۇق كولاشتىن ۋاز كېچىپ، دەم ئېلىش قىلىپ، مېنى ئازات قىلىپ پۇلۇمنى بېرىدىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. پۇلۇمنى، نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئېلىپلا ئاۋۋال قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىمنى، تۇرگايدىن ئاجرىشىپ مەن بىلەن توي قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتىم. بۇ ئىشقا ئانام نېمە دەر بولغىيتتى؟ قىزىل چاچلىق ئايال چوقۇم «مەن سېنىڭ ئاناڭ بىلەن تەڭ ئايالمەن» دەپ ماڭا كۈلەتتى. بەلكىم چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئاۋۋال ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئون مىنۇت ئۇخلىۋالارمەن. بەك ھېرىپ كەتكەنىدە ئون مىنۇتلۇق ئۇيقۇ بەزىدە نەچچە سائەت ئۇخلىغاندەك كۈچ بېرىدىكەن ئادەمگە؛ بۇ گەپنى بىر يەردە ئوقۇغان ئىدىم. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىغا ئاندىن بارسامۇ بولاتتى.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ كاللىسى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدىن كۆرۈنىشىگە دەرھال ئۆزۈمنى تۈزەشتۈردۈم ۋە قانچىلىك تۈگشىپ كەتكەنلىكىمنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندۇم.

_ ئوغلۇم، بوگۈن بەك ئاستىلاپ كەتتىڭ،_ دېدى،_ ماڭا قارا، مەن بۇ يەردىن سۇ چىقىرىمەن، سەنمۇ بىز سۇ چىقارغۇچە ئۇستاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلايسەن. ئىشنى ھەرگىز ئاقساتما.

_ ماقۇل ئۇستام.

_ چاخچاق قىلمىدىم.

_ بىلدىم ئۇستام.

_ بىر يەردە مەدەنىيەت بولسا، يېزا-شەھەر بولسا، ئۇ يەرلەردە قۇدۇق بولغانلىقى ئۇچۇندۇر. سۇسىز مەدەنىيەت، ئۇستاسىز قۇدۇق بولمايدۇ. ئۇستىسىغا بويسۇنمىغان كىشى قۇدۇقچىنىڭ شاگىرتى بولمايدۇ. سۇ چىقسىلا بېيىپ كېتىمىز.

_ باي بولمىساقمۇ مەن سىز بىلەن بىللە ئۇستام.

ماھمۇت ئۇستام بىر مۇئەللىمگە ئوخشاش دىققەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى، كۆزۈمنى يوغان ئېچىشىم لازىملىقىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن نەسىھەت قىلدى. قىزىل چاچلىق ئايالنى تىياتىردا تاماشا قىلىۋاتقاندا ماڭا نەسىھەت قىلىش خىيالىغا كىرگەن بولغىيمىدى ئەجەبا؟ ئۇستامنىڭ گەپلىرىگە بىر چۈشنىڭ ئىچىدە ئاڭلاۋاتقاندەك قۇلاق سالدىم، لېكىن جاۋابەن ھېچنىمە دېمىدىم، چۈنكى مەن بۇنداق بىر مەجبۇرىيەت ھېس قىلمايۋاتاتتىم. قىزىل چاچلىق ئايال يەنە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن خىجىل بولدۇم.

_ماڭە بېرىپ ماۋۇ تەردە چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەن كۆينىكىڭنى ئالماشتۇر،_ دېدى ماھمۇت ئۇستام،_ پەسكە سەن چۈشسەن، ئۇ يەردە ئىش ئاسانراق.

_ماقۇل ئۇستام.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

قۇدۇقنىڭ ئاستىدا قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش مىدىيە قاپلىرى، دېڭىز جانلىقلىرى، بېلىق چىشلىرى بىلەن تولغان سېسىق توپىنى گۈرجەك بىلەن چېلەككە ئۇسسۇش ئىدى. يەنى ئىش دېمىسىمۇ يۇقىرىدىكىدىن ئاسان ئىدى. لېكىن ئىشنىڭ تەس يېرى توپىنى كولاپ چېلەكنى تولدۇرۇش ئەمەس، ئۇ يەردە، يەرنىڭ يىگىرمە بەش مېتىر تېگىدە تۇرۇش ئىدى.

پەسكە چۈشۈۋاتقاندىلا قورقۇشقا باشلىغان ئىدىم. بىر پۈتۈمدا چېلەكنىڭ ئىچىگە دەسسەپ، ئىككى قولۇم بىلەن تاننى چىڭ تۇتۇپ، قۇدۇقنىڭ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىۋاتقان تېگىگە يېقىنلىشىۋاتقاندا، بېتون تامنىڭ يۈزىدە بىردەمدىلا پەيدا بولغان يېرىقلارنى، ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ۋە غەلىتە داغلارنى كۆردۈم. جىددىيلەشكەن بىر كەسلەنچۈكنىڭ يۇقىرىغا، يورۇقلۇققا قاراپ قېچىشىنى تاماشا قىلدىم. يۈرىكىگە بىر بېتون تۇرۇبا تىققانلىقىمىز ئۈچۈن يەر ئاستى دۇنياسى بىزنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. يەر ھەر ۋاقىت تەۋرەپ قېلىشى ۋە مەن بۇ يەردە، يەرئاستىدا قىيامەتكىچە كۆمۈلۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بەزىدە يەر ئاستىدىن بوغۇق، غەلىتە ئاۋازلارنىڭ چىققىنىنى ئاڭلايتتىم.

_ كەلدى!_ دەپ ۋارقىرايتتى ماھمۇت ئۇستام قۇرۇق چېلەك ماڭا يېقىنلاپ قالغاندا.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىغىنىمدا قۇدۇقنىڭ ئاغزى شۇنچىلىك يىراقتا ۋە كىچىك كۆرۈنەتتىكى، قورقۇپ كېتەتتىم ۋە دەرھال ئۈستىگە چىقىۋالغۇم كېلەتتى. ماھمۇت ئۇستاممۇ تاقەتسىزلىنىۋاتقاچقا چېلەكنى دەرھال تولدۇرۇپ «تارت!» دەپ توۋلايتتىم.

ماڭا قارىغاندا كۈچلۈك بولغان ماھمۇت ئۇستام چىغىرىقنى تېز سۈرئەتتە ئايلاندۇرۇپ چېلەكنى ئۈستىگە چىقىراتتى، دىققەت بىلەن بىر يانغا تارتىپ، ھارۋىغا تۆكۈپ، بىردەمدىلا چېلەكنى ماڭا ساڭگىلىتىپ بېرەتتى. پۈتۈن بۇ جەرياننى ئورنۇمدىن پەقەت مىدىرلىماستىن ۋە ئۈستىگە قاراپ كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۈستىدە ماھمۇت ئۇستامنى كۆرۈپ تۇرسام ئۆزۈمنى بۇ يەرئاستىدا يالغۇز ئەمەستەك ھېس قىلاتتىم. ئۇستام چېلەكنى بىكارلاش ئۈچۈن بىر چەتكە ئۆتكەندە، قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدا يۇمۇلاق، كىچىك بىر ئاسمان پارچىسى كۆرۈنەتتى. ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى ئۇ زەڭگەر رەڭ! دۇربۇنىنىڭ تەتۈر ئۇچىدا كۆرۈنگەن دۇنيادەك بەك يىراقتا ئىدى، لېكىن چىرايلىق ئىدى.

ماھمۇت ئۇستام قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدا يەنە پەيدا بولۇپ بوش چېلەكنى پەسكە

ساڭگىلىتىپ بەرگۈچە ئورنۇمدا مىدىر-سىدىر قىلماي ئۇستىگە قاراپ، دۇربۇننىڭ ئۇ ئۇچىدىكى ئاسماننى تاماشا قىلاتتىم.

بىر ھازادىن كېيىن ماھمۇت ئۇستام يۇقىرىدا بىر چۆمۈلىدەك كىچىك كۆرۈنگەنىدە خاتىرجەم بولاتتىم. ئاندىن چىلەك چۈشەتتى، ئۇنى يەرگە قويۇپ «بولدى» دەپ ئۇستىگە تووۋلايتتىم.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ كىچىك گەۋدىسى ھارۋىدىكى توپىنى، قۇمنى تۆككىلى كەتكەنىدە ئىچىمنى قورقۇنچ باساتتى. ئۇستىدە پۈتى بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ، بېشىغا بىر ئىش كېلىپ قالسىچۇ؟ ياكى بولمىسا ماڭا تەربىيە قىلىش، نوخۇلامنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن بىر دەم بولسىمۇ كەلمەي قويسىچۇ؟ قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچەمنى بىلىپ قالسا ماھمۇت ئۇستام مېنى جازالارمىدى؟

ئون، ئون ئىككى گۈرجەك بىلەنلا چىلەكنى تولدۇراتتىم، شۇ خىل ھاياجاندا قازغۇچ بىلەن قۇدۇقنىڭ تېگىنى داۋاملىق كولايتتىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇدۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ۋە توپا-چاڭ دەستىدىن كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، قۇدۇقنىڭ تېگى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. قۇمساڭغۇ توپا ھەددىدىن زىيادە يۇمشاق ۋە ئاق ئىدى. ئېنىقكى بۇ يەردىن سۇ چىقمايتتى. بۇ يەردە بىكاردىن-بىكارغا قورقۇۋاتاتتۇق، بىكاردىن ۋاقىت ئۆتكۈزىۋاتاتتۇق.

بۇ قۇدۇقتىن چىقىپلا ئۆڭگۈرەنگە، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدىم. تۇرگاينىڭ نېمە دەپ قىلىشى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. تۇرگايغا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرەتتىم. مېنى دۇمباللىشى، ھەتتا ئېتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. قىزىل چاچلىق ئايال قاق چۈشتە مېنى كۆرسە ئەجەبا قانداق قىلار بولغىيتتى؟

ئىچىمدىكى قورقۇنچنى مۇشۇنداق خىياللار بىلەن بېسىقتۇرغاچ چىلەكنى ئۈچ قېتىم (ساناۋاتاتتىم) تولدۇرغاندىن كېيىن يەنە جىدديلىشىشكە باشلىدىم. ماھمۇت ئۇستام قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا بارغانسېرى كىچىكلەپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، يەرئاستىدىن ھەر خىل ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى.

_ئۇستام، ئۇستام م م!_ دەپ ئۇستىگە ۋارقىرىدىم. كۆك ئاسمان تەڭگىچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى. ماھمۇت ئۇستام نەدە بولغىيتتى؟ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدىم.

ئۇستام ئاخىرى قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولدى.

_ ئۇستام، مېنى تارتىپ چىقىرىۋالسىڭىز!_ دەپ تووۋلىدىم.

لېكىن جاۋاپ بەرمىدى. چىغىرىقنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ لىق توپا ئۇسسۇلغان چىلەكنى

يۇقىرىغا تارتتى. ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغان بولغىيمىدى؟ چېلەك ئاستا-ئاستا يۇقىرى چىقىۋاتقاندا كۆزۈمنى ئۇستىدىن ئۈزمىدىم.

چېلەك ئۇستىگە چىققاندا ماھمۇت ئۇستام قۇدۇقنىڭ بېشىدا كۆرۈندى. بەك يىراقتا ئىدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم. لېكىن ئاۋازىم چۈشتىكى ئاۋازغا ئوخشاش ئۈنىگىغا يېتىپ بارالمايۋاتاتتى. چېلەكنى بىكارلىغاندىن كېيىن، چىغىرىقنىڭ قولىغا ئېسىلىپ بوش چېلەكنى پەسكە ساڭگىلاتتى.

يەنە بىردەم ۋارقىرىدىم، لېكىن يەنىلا ئاڭلىمايۋاتاتتى.

چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۆتتى. ماھمۇت ئۇستام يۇقىرىدا ھارۋىنى بىكار يەرگە ئېلىپ ماڭدى، ئەمدى ھارۋىنى ئۆرۈپ تۇپىنى تۆكتى، ئەمدى مانا قايتىپ كېلىدۇ، مانا ئەمدى كېلىدۇ دەپ ئويلاۋاتاتتىم، لېكىن ماھمۇت ئۇستام كەلمەيۋاتاتتى. بەلكىم بىر چەتتە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقاندۇ.

ماھمۇت ئۇستام ئۇستىدە يەنە كۆرۈنۈۋېدى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن توۋلىدىم. لېكىن ئۇ ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىۋاتاتتى. دەرھال قارار قىلدىم: بوش چېلەككە بىر پۇتۇم بىلەن دەسسىدىم ۋە تانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «تارت!» دەپ توۋلىدىم.

ماھمۇت ئۇستام چىغىرىقنى ئالدىرىماي تارتىپ مېنى ئۇستىگە چىقارغاندا يېنىك تىترەۋاتاتتىم لېكىن خۇشال ئىدىم.

_ نېمە بولدى؟_ دېدى خۇداغا شۈكرى مەن ياندىكى تەگلىككە دەسسىگەن چېغىمدا،

_ مەن ئەمدى پەسكە چۈشمەيمەن ئۇستام.

_ بۇ ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب.

_ شۇنداق، سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب ئۇستام،_ دېدىم.

_ ئاپپىرىن، باشتىن باشلاپ مۇشۇنداق قىلغان بولساڭ، بەلكىم بۇ چاغقىچە سۇنىمۇ چىقىرىپ بولغان بولاتتۇق.

_ ئۇستام، باشتا كەلگەندە مەن تېخى خام ئىدىم. لېكىن سۇنىڭ چىقماسلىقى مېنىڭ گۇناھىممۇ؟

بىر قېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايىدا گۇمان قىلىۋاتقاندەك بىر ئىپادە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. گېپىمنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغانلىقىنى كۆردۈم.

_ئۇستام، سىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن. يېنىڭىزدا ئىشلەش ماڭا ھاياتتىن دەرس بەردى. لېكىن ئەمدى بىز بۇ قۇدۇقتىن ۋاز كېچەيلى، ئۆتۈنۈپ قالاي. قولىڭىزنى بېرىڭ سۆيەي.

ماھمۇت ئۇستام قولنى ئۇزاتمىدى:

_ئىككىنچىلەپ سۇ چىقمىغۇچە ۋاز كېچىشنىڭ گېپىنى قىلما، بولامدۇ؟

_ بولىدۇ.

_ ئەمدى ئۇستاڭنى پەسكە چۈشۈر ئەمىسە. چۈشلۈك تاماققا تېخى بىرەر سائەت بار. بۈگۈن دەم ئېلىشنى ئۇزۇنراق قىلايلى. سەنمۇ ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا قانغۇدەك ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالىسەن.

_ئاللاھ رازى بولسۇن ئۇستام.

_ چۈرگىلىتە شۇنى، مەن پەسكە چۈشەي.

چىغرىقنى چۈرگىلەتتىم ۋە ئۇستام ئاستا-ئاستا قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

چىلەكنى تېز بىكارلاپ، ئۇستامنىڭ پەستىن كېلىۋاتقان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، چىغرىقنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چۈرگىلىتىۋاتاتتىم. ئۈست-بېشىمدىن سەلدەك تەر ئېقىۋاتاتتى، پات-پات چېدىرغا يۈگۈرۈپ بېرىپ شىشىدىن سۇ ئىچىپ كېلىۋاتاتتىم. بىر قېتىم تۆككەن توپىدىن بىلىقنىڭ تاشقا ئايلانغان بېشى چىقىۋېدى ئۇنىڭغا قاراپ كېتىپ سۈرئىتىم ئاستىلاپ قالدى. قايتىپ كەلگىنىمدە ماھمۇت ئۇستامنىڭ خارىلدىشى قۇدۇقنىڭ تېگىدىن يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىينىلىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، جېنىم قالمىغان چاغلاردا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ كۆكسى، تېنىنىڭ رەڭگى، خىيالى كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى.

ئاق ۋە سېرىق تەڭگىلىك بىر كېپىنەك ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ قالغاندەك، خۇشال-خۇرام ۋە ئالدىرىماي، ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن، چېدىرىمىزنىڭ يېنىدىن، چىغرىقنىڭ ئالدىدىن ۋە قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ يولىغا راۋان بولدى.

بۇ نېمىنىڭ بىشارىتى بولغىيتتى؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 11:30 دا ئىستانبۇل _ ئەدىرنە يۆنىلىشىدە ياۋرۇپاغا ماڭىدىغان يولۇچىلار پويىزى ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بۇنى ھەممە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنىڭ بىر بىشارىتى دەپ قارىغانلىقىم ئېسىمدە. بۇ پويىزدىن بىر سائەت كېيىن، بۇ قېتىم ئەدىرنە _ ئىستانبۇل يۆنىلىشىدە ماڭغان يولۇچىلار پويىزى، سائەت 12:30 دا ئۆتۈپ بىزنىڭ چۈشلۈك تاماق يەيدىغان ۋاقتىمىزنىڭ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلاتتى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆڭكۈرەنگە بېرىپ، قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرۈپ كېلىمەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن ماھمۇت ئۇستام توغرۇلۇق سورايدىغانلىرىممۇ بار ئىدى. كەينىگە يېنىپ كەتمىسۇن دەپ چىغرىقنى قۇلۇپلىدىم. قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا

كەلگەن چىلەكنى تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ، يانغا ئىلىشۋاتقاندا، ماھمۇت ئۇستامنىڭ پەستىن يەنە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

قولۇم ئۆزلىكىدىن ۋە پەم بىلەن چىلەكنى ئاستا يان تەرەپكە ياتقۇزۇپ، تاختاي تەگلىككە قويۇۋاتاتتى، ئويلىمىغان يەردىن چىلەك ئىلمەكتىن چىقىپ كېتىپ پەسكە، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

_ئۇستاااااام!_ دەپ توۋلىدىم دەرھاللا.

سەل ئاۋۋال ماھمۇت ئۇستام ماڭا ۋارقىراۋاتاتتى. لېكىن ھازىر سادا كەلمەيۋاتاتتى.

پەستىن ئېچىنىشلىق بىر پەريات ئاڭلاندى. ئاندىن ھەممە يەرنى جىمجىتلىق باستى.

ئۇ پەرياتنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم.

كەيىنىمگە داجىدىم. قۇدۇقتىن سادا كەلمەيۋاتاتتى ۋە يېقىنلىشىپ پەسكە قارىيالمايۋاتاتتىم. بەلكىم نالە-پەريات ئەمەس بولغىيدى، پەقەت ماھمۇت ئۇستامنىڭ تىللىغان ئاۋازى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ھازىر پۈتۈن دۇنيا قۇدۇققا ئوخشاشلا جىمىپ كەتكەنىدى. پاچاقلىرىم تىترەۋاتاتتى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.

يوغان بىر ئېشەك ھەرىسى ئاۋۋال چىغرىقنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندى، ئاندىن قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

چېدىرغا قاراپ چاپتىم. تەردە چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەن كۆينىكىم ۋە ئىشتىنىمنى ئالماشتۇردۇم. يالىڭاچ تېنىمنىڭ تىترەشلىرىنى ھېس قىلىپ بىرئاز يىغلىدىم، لېكىن دەرھال توختىدىم. قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىدا تىترىسەممۇ خىجىل بولمايتتىم. ئۇ مېنى چۈشىنەتتى ۋە ماڭا ياردەم قىلاتتى. بەلكىم تۇرگايمۇ ياردەم قىلار بولغىيتتى. بەلكىم ھەربىيلەردىن، ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى، بەلكىم ئوت ئۆچۈرۈشتىن ئادەم كېلەتتى.

يولنى قىسقارتىپ، ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۆنگۆرەنگە قاراپ چېپىۋاتاتتىم. سېرىق ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىكى تومۇزغىلار مەن يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا جىمىقىپ قىلىشاتتى. بىردەم يولغا چىقىۋاتتىم، ئاندىن يەنە ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچىدىن كېتىۋاتاتتىم. مازارلىقتىكى دۆڭدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ، ئىچىمدە پەيدا بولغان غەلىتە بىر تۇيغۇ بىلەن كەينىمگە قارىدىم ۋە ئىستانبۇل تەرەپتىكى يىراق ئاسماندا قارا يامغۇر بۇلۇتلىرىنى كۆردۈم.

ماھمۇت ئۇستام يارىلانغان بولۇپ، قان چىقىۋاتقان بولسا دەرھال ياردەم قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن كىمدىن ياردەم سوراشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.

بازارغا بېرىپلا قىزىل چاچلىق ئايال تۇرگاي بىلەن تۇرىدىغان بىناغا باردىم. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئارقا ئىشكىنى قىزىل چاچلىق ئايال ئەمەس، باشقا بىر ئايال ئاچتى. مېنىڭچە ئۇ كونا ماۋچى، ۋېۋىسكىچىنىڭ ئايالى ئىدى.

_ ئۇلار كەتتى،_ دېدى مەن تېخى ئېغىز ئېچىپ بىر گەپ سورىماستىنلا. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم مەن سۆيگىنىم بىلەن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى يۈزۈمگىلا يېپىلدى.

مەيداندىن ئۆتتۈم. رۇمەلى قەھۋەخانىسىنىڭ ئىچى بوش ئىدى، پوچتىخانىدا تېلېفون قىلىۋاتقان بەك كۆپ ئەسكەرلەر بار ئىدى. پىيادىلەر يولىدا مەن كېچىلىرى كوچىلاردا كۆرۈپ باقمىغان، ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بازارغا كەلگەن يېزىلىقلارنى كۆردۈم.

ئىبرەتلىك ئەپسانىلەر تىياتىرىنىڭ چېدىرى ئورنىدا يوق تۇراتتى. دەسلەپ ئۇ يەردە تېخى تۈنۈگۈنگىچە بىر چېدىرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگۈدەك ھېچنىمە كۆزۈمگە چېلىقمىدى، كېيىن بىلەت پارچىلىرىنى، چېدىر باغلانغان قوزۇقلارنى كۆردۈم. كېتىپ قېلىشقان ئىدى.

نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەستىن ئۆڭكۆرەندىن يۇگۈرگەندەك چىقتىم. يۈگۈرىۋاتقان، توختاۋاتقان، بارغانسېرى بۇلۇت بېسىپ كېتىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ ئۇنىڭدىن بىر مەنا چىقىرىشقا ئۇرۇنىۋاتقان گويا مەن ئەمەس، بەدىنىم، نېرۋىلىرىمدەك قىلاتتى. پېشانەمدىن، بويىنۇمدىن، ھەممە يېرىمدىن شۇرۇلداپ تەر ئېقىۋاتاتتى. كېچىلىرى سالقىن شامالدا دەرەخلىرى ئىغاڭلاپ تۇرىدىغان مازارلىقتىكى دۆڭ شۇتاپ جەھەننەمدەك ئىسسىق ئىدى. قەبرە تاشلىرى ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن بەختىيار قويلارنى كۆردۈم.

تۈزلۈككە كەلگەندە يۈگۈرۈشنىڭ ئورنىغا مېڭىشقا باشلىدىم. مۇشۇ ئالدىمدىكى يېرىم سائەتتە قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ پۈتۈن ھاياتىمغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدىم، لېكىن زادى نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ماھمۇت ئۇستام ھۇشىدىن كەتكەن بولغىيمىدى، يارىلانغان بولغىيمىدى ياكى ئۆلگەن بولغىيمىدى بۇنى تۈزۈك ئويلىشالمايۋاتاتتىم. بەلكىم ھەددىدىن زىيادە تومۇز ئىسسىقى سەۋەبىدىن. قۇياش دەل ئۈستۈمدە، گەجگەمنى ۋە بۇرنۇمنى كۆيدۈرىۋاتاتتى.

ئاخىرقى قېتىم يولنى قىسقارتىپ مېڭىۋاتقىنىمدا، ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان بىر تاشپاقىنىڭ ئاۋۋال كۇشۇلدىشىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئۆزىنى كۆردۈم. ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئىككىمىز ماڭا –ماڭا ئېچىپ قويغان كىچىك يولدىن ئايرىلىپ ئوتلۇق ياكى سولغا ماڭسا ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا مۆكۈۋالالايتتى. لېكىن بۇنىڭغا ئەقلى يار بەرمەيۋاتاتتى، مەن ماڭىدىغان يولنى خۇددى تەقدىرىدەك تاللىۋېلىپ، ئوپۇل-توپۇل قېچىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. مەنمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلىپ، تەقدىرىمدىن قاچاي دەپ تۇرۇپ،

خاتا بىر يولدا بېھۇدە كېتىۋاتقان بولغىيمىدىم؟

كىچىك چېغىمدا، بەشكتاشتا بەزى باللار تاشپاقىلارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئۆلتۈرىشەتتى. مىنى كۆرۈپ قېپىغا كىرىۋالغان تاشپاقىنى ئاۋايلاپ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە، ئوتلارنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويدۇم.

قۇدۇققا ئىلدام-ئىلدام يېقىنلىشىۋېتىپ ئۇنلۇك چىقىپ كېتىۋاتقان ھاسىراش – ھۆمۈدەشلىرىمنى سەل بېسىۋالدىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئاۋازىنى، ئىڭرىشىنى بەك ئاڭلىغۇم كەلدى. بۇنى بىر ئايدىن بېرى بىز ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكىچە پەيتلەرنىڭ بىرى دەپ پەرەز قىلىۋاتاتتىم. گويا چېلەك قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ چۈشۈپ كەتمىگەن ئىدى، ماھمۇت ئۇستامغىمۇ ھېچ ئىش بولمىغانىدى، مەن شىشىنىڭ ئاغزىنى ئاغزىمغا تەككۈزۈپ سۇ ئىچىۋاتقاندا پەستىن، قۇدۇقتىن ماھمۇت ئۇستامنىڭ غەزەپلىك خارقىرىشى ئاڭلىناتتى.

لېكىن قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن سادا كەلمەيۋاتاتتى. پەقەت تومۇزغىلارلا سايرىشىۋاتاتتى. جىمجىتلىق ئىچىدە بىر پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ئويغىنىۋاتاتتى. چىغىرىقنىڭ ئۇستىدە قوغلىشىپ يۈرگەن ئىككى كەسلەنچۈكنى كۆردۈم. قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا قاراپ يەنە بىر قەدەم ئالدىم. لېكىن قورقتۇم، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ پەسكە قاريالمىدىم. قارىسام گويا كور بولۇپ قالاتتىم.

دېمىسىمۇ ئۆزۈم يالغۇز قۇدۇققا چۈشەلمەيتتىم. ئۇچىنچى بىر كىشىنىڭ مىنى پەسكە چۈشۈرىشى كېرەك ئىدى. ئۆڭگۆرەنگە، قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىغا مۇشۇ سەۋەپتىن چاپقان ئىدىم. لېكىن ھېچكىمگە خەۋەر بېرەلمەي قايتىپ چىققان ئىدىم. نېمشقا بۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. بەلكىم ھېچكىمنى تاپالمايدىغانلىقىمنى، دەرھال ئۇستامنىڭ يېنىغا چېپىشىمنىڭ ئۇنى سۆيۈندۈرىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولۇشىم مۇمكىن.

بەلكىم ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە گۇناھىمنىڭ ئەمدى ئورنىنى تولدۇرىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەن بولۇشىم مۇمكىن ئىدى. «ئى ئاللاھ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!» دەپ يالۋۇردۇم. نېمە قىلىشىم كېرەك ئىدى؟

چېدىرغا كىرىپ يەنە يىغلاشقا باشلىدىم. بىر ئايدىن بۇيان ماھمۇت ئۇستام بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغان ھەممە نەرسە ماڭا ئەمدى چىدىغۇسىز ئازاپ بېرىۋاتاتتى. چايدان، مەن يۇز قېتىملاپ ئوقۇغان كونا گېزىت، ئۇستامنىڭ ئۇستى تەرىپى چاپلانغان پىلاستىك تەرلىك(ساپما كەش)لىرى، ئۇستام بازارغا بارغاندا كىيىدىغان ئىشتىنىنىڭ كەمىرى، ئۇستامنىڭ قوڭغۇراقلىق سائىتى...

قولۇم ئۆزلىكىدىن نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ھەممە نەرسەمنى، كىيىمۇ باقمىغان يالتىراق كەشلىرىمنى چامادانىمغا تىقىشتۇرۇشىمغا ئۈچ

مىنۇتتىن جىق ۋاقىت كەتمىدى.

بۇ يەردە قالسام مېنى پەقەت بولمىسا سەۋەنلىك بىلەن ئۆلۈمگە سەۋەب بولغان، دەپ قولغا ئېلىشاتتى. دەۋا-دەستۇرۇم نەچچە يىلغا سوزۇلۇپ، دەرسخانا، ئۈنىۋېرسىتېت، پۈتۈن ھاياتىم يوققا چىقاتتى، مەن ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىدىكى چاغدا ئانام ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلەتتى.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇردۇم. ئاۋازىنى، ئىڭرىشىنى ئاڭلىيالاش ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا يەنە يېقىنلاشتىم. لېكىن قۇدۇقتىن ھېچبىر سادا ياكى شەپە كەلمىدى.

12:30نىڭ پويىزىغا ئاران ئۈن بەش مىنۇت قالغاندا، قولۇمدا دادامدىن قالغان كونا چامادان، چېدىردىن چىقتىم ۋە ئارقامغا قاراپمۇ قويماستىن ئىسسىقتا يۇگۇرگەن پېتى ئۆڭگۈرەنگە چۈشتۈم. ئارقامغا قارىسام كۆزۈمدىن يەنە ياش ئاقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۆڭنىڭ ئۈستىگە قارا يامغۇر بۇلۇتلىرى بازارنىڭ ئاسمىنىغا كەلگەنىدى، ھەممە يەر قورقۇنچلۇق كۆكۈش بىر رەڭگە پۈركەنگەنىدى.

ئىستانسا بىناسىنىڭ ئىچى بازارغا كەلگەن يېزىلىقلار بىلەن تولغان ئىدى. سېۋەتلەر، تاغارلار، خالتىلار، يېزىلىقلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا كىچىككىنە قالغان پويىزنى ساقلاۋېتىپ، ۋاگونغا چىققاندا سول تەرەپتە بىرەر دەرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى ۋە پويىز ئاچالدىن ئايلانغۇچە ماھمۇت ئۇستام بىلەن بىز قۇدۇق قازغان يەرگە ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋېلىشنى پىلانلىدىم. بىر كۈنى ئىستانبۇلغا قايتقاندا بۇنى قىلىشنى بىر ئايدىن بۇيان ئويلاۋاتاتتىم. لېكىن خىيالىمدىكى ئۇ كۈندە قۇدۇقتىن سۇ چىققانلىقى ئۈچۈن يېنىمدا ھايرى بەي بېرىدىغان ئۆرۈم ۋە سوۋغاتلارمۇ بولاتتى.

پويىز كەلگىچە ئىستانسا بىناسىغا كىرگەن ھەممە ئادەمگە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتىم، ئادەم ھەققەتەن بەك كۆپ ئىدى. قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ئۆمىكى بۇ پويىز بىلەن ئىستانبۇلغا قايتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كېچىككەن پويىز ئاخىرى ئىستانسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئاخىرقى رەت مەيدانغا ۋە ئۆڭگۈرەن بازىرىغا قارىدىم ۋە بۇرۇلۇپ ئالدىراش-تىنەش پويىزغا چىقتىم. ۋاگونغا چىقىپ ئولتۇرغاندا ئۇستامغا ئىتائەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ھېس قىلغان غورۇر سۈنۈقى يوق ئىدى ئىچىمدە، لېكىن چەكسىز بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بار ئىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

پويىز دەرىزىسىدىن ياش يۇقى كۆزلىرىم بىلەن قارىغىنىمدا بىزنىڭ يۇقىرى تۆزلۈك ۋە قۇدۇقنى ئاران ئىلغا قىلالايتتىم ۋە كۆرگەن ھەممە نەرسە، بازارغا ماڭغان يولدىكى مازارلىق، سەرۋى دەرەخلىرى دەل شۇ چاغدا مەن مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتكەن بىر رەسىم، كۆرۈنۈشكە ئايلانغانىدى. ماھمۇت ئۇستام بىلەن بىز قۇدۇق كولىغان تۆزلۈك گويا قاراڭغۇ ئاسماننىڭ ئىچىدە غايىپ بولاي دەپ قالغانىدى. يىراقلاردا بىر يەردە چاقماق چاقتى. ئاۋازى يېتىپ كەلگىچە پويىز ئەگىمەدىن قايرىلغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇق، بىزنىڭ تۆزلۈك، ھەممە نەرسە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئىچىمدە بىر خىل ئەركىنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بىشىمنى قايدۇرغىدەك بىر خىل ئارامبەخشلىك ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قان-قېنىمغىچە تەسىر قىلىۋاتاتتى.

ئۆزۈمنىڭ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمىدىم؛ ئىچىمگە چۆكتۈم. دۇنيا بىلەن ئارامغا ئارىلىق قويدۇم. دۇنيا گۈزەل ئىدى، ئىچىممۇ گۈزەل بولسۇن، دېدىم. ئىچىمدە بىر گۇناھكارلىق، ھەتتا يامانلىق يوقتەك بولۇۋالسام، ئاستا-ئاستا يامانلىقنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىپ ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا باشلىدىم. ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىش كۆرسىڭىز ۋە ھەقىقەتەن ھېچ ئىش يۈز بەرمىسە، ئاخىرىدىمۇ ھېچ ئىش بولمايتتى.

ئىستانبۇل پويىزى كونا فابرىكىلار، ئىسكىلاتلار، ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى. دەريالارنىڭ ئۈستىدىن، جامەلەرنىڭ يېنىدىن، قەھۋەخانا ۋە سېخلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلىدى. تۇيۇقسىزلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىۋېدى، بىر مەكتەپنىڭ بوش ھويلىسىدا پۇتبول ئويناۋاتقان باللار ۋاراتا ئورنىدا يەرگە قويغان كۆڭلەكلىرى ۋە بوغچىلىرىنى ئېلىپ تارقىلىشتى.

ۋاگوننىڭ دەرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاتتىق تۇپراقتا، بىردەمدىلا يىغىلىپ قالغان سۇلار، ئېقىنلار، ئېرىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قۇدۇقنىڭ ئاستىدىكى ئادەم ئۈستىدە تۇپان بالاسى بولسىمۇ تۇيماي قالاتتى. ماھمۇت ئۇستام ھېلىھەم قۇدۇقنىڭ ئىچىدە بولغىيمىدى؟ ماڭا ۋارقىراپ_جارقىراۋاتقان بولغىيمىدى؟

سىركىچى بېكىتىدە پويىزدىن چۈشتۇم. ئىستانبۇلدا يامغۇردا ماڭدىم، ھارەمگە

بىرىش ئۈچۈن بىلەت ئېلىپ ماشىنا كېمىسىگە چىقتىم. كېمە توشمىغاچقا تېخىچە قوزغالمايۋاتاتتى؛ شوپۇرلار، ئائىلىلەر، يىغلاۋاتقان باللار، شىكەرلىق قېتىق قاچىلىرى، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ گۈرۈلدەۋاتقان ماتورلىرى... كىشىلەر بىلەن بىللە بىر يەردە تۇرۇش ئاتا قىلىدىغان ھۇزۇرلۇق تۇيغۇلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى مەدەنىيەتكە قايتىپ كەلگەن بىر ۋەھشى مەخلۇقتەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. چاچلىرىمنىڭ ئارىسىدىن گەجگەمگە، دۈمبەمگە سۇ تامچىلىرى ئېقىۋاتاتتى، لېكىن مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ، بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىستانبۇلنىڭ ئاستا -ئاستا سۈرۈلۈشىنى تاملار بىلەن قاپلانغان دەرىزىدىن تاماشا قىلىۋاتاتتىم. يىراقتىن دولماباغچە سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى بەشىكتاشنى، دەرسخانا بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىگىز ئائىلىلىكلەر بىناسىنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم.

كېمىدىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىشتىن بۇرۇن بىر دۇكاندىن بىر بولاق قەغەز قولياغلىق ئالدىم، ئۈست -بېشىمنى سۈرتۈپ قۇرۇتتۇم. نەچچە سائەتتىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەن بولساممۇ، لېكىن پېچىنە-پىرەنىك ياكى دۆنەرلىك ساندۇچلارنى كۆڭلۈم تارتمايۋاتاتتى. قاتىل بولۇش مۇشۇنداق تۇيغۇ بولسا كېرەك، دېدىم ئۆزۈمگە.

ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلمەيدىغان تېملارنى تىلغا ئېلىپ ئۆز-ئۆزۈم بىلەن ئۇنىسز سۆھبەتلىشىدىغان ئۇ ئىككىنچى ئاۋازنى ئىچىمدە يەنە مۇشۇ شەكىلدە ئاڭلىدىم. لېكىن ھېچكىم مېنىڭ ۋىيتىلىرىمنى بوشاپ قالغان چېغى دەپ قالمىغاي. گەبزە ئاپتوبۇسىغا سائەت ئۈچتە چىقتىم. جېنىم ئانامنى كۆرىدىغانلىقىم ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىۋاتاتتىم: ئوڭ تەرەپتىكى دەرىزىدىن يۈزۈمگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپتاپ مېنى ئىسسىتىۋىدى ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە گۇناھ ۋە جازادىن ئېرىغدىلىپ، ئاپتاپلىق ۋە ئىسسىق بىر جەننەتتە تۇرغۇدەكمەن.

ئانامنى مېنى كۆرۈپلا «قاتىلدەك قاراۋاتىسەن ماڭا، نېمە بولدى ساڭا؟» دەمىدىكىن دېگەنىدىم. ئانام ھېچنېمە دېمىۋىدى بۇ قورقۇنچىمنى چۈشەندىم ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ راھەتلىنىپ قالدىم. ئانام ئانامدەك پۇراۋاتاتتى. دەسلەپ بىردەم يىغلىدى، ئاندىن ھاياجان بىلەن گەپ قىلىشقا، ئەسلىدە گەبزەدىكى ھاياتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ماڭا بەرەڭگە قەلەمچىسى ۋە كۆفتە قىلىپ بەرمەكچى ئىدى. ئەنسىرەش ۋە سېغىنىشتىن باشقا بىر دەردىنىڭ يوقلۇقىنى دېگەندىن كېيىن يەنە يىغلاشقا باشلىدى. بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدۇق.

_ بىر ئايدا چوپچوك بولۇپ كېتىپسەن، قوللىرىڭ يوغىناپ، بويۇڭمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ،_ دېدى ئانام،_ پىشىپ يوغانلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەن. سالىتىڭغا يەنە ئازراق

پەمدۇر تۇغرايمۇ؟

گەبزە ئەتراپىدىكى تۆپىلىكلەردە ئىستانبۇلغا يىراقتىن نەزەر سالغاچ ئۆزۈمنىغىچە ماڭدىم. بەزىدە بىزنىڭ تۆزلۆككە ئوخشايدىغان بىر يەرنى بەك يىراقلاردا كۆرگەندەك بولۇپ، ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغاندەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم.

ئانامغا، شۇنچە ۋەدە قىلىپ تۇرۇپمۇ قۇدۇققا چۈشكەنلىكىمنى دېمىدىم. ئالدىدا ۋە ساق-سالامەت تۇرغىنىمغا كۆرە بۇ تەپسىلاتلارنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى.

دادامنى پەقەتلا تىلغا ئالمايۋاتاتتۇق. ئۇنىڭ ئانامنى ئىزدەپمۇ قويمىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. لېكىن مېنى نېمىشقا ئىزدىمەيدىغان بولغىيتتى؟ پات-پات ماھمۇت ئۇستامنىڭ قۇدۇققا چۈشۈشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدا خۇددى بىر رەسىمدەك جانلىناتتى. ئۇنىڭ ھېلىھەم سەۋر بىلەن داۋاملىق كولاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. يوغان بىر ئاپىلسىننى بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مېۋە قۇرۇتىغا ئوخشاش.

گەبزە بازىرىدىن ئانامنىڭ پۇلغا ئۆيگە بىر تېلېۋىزور ۋە بىر قوڭغۇراقلىق سائەت ئالدۇق. ماھمۇت ئۇستامدىن ئېلىپ يىغقان پۇللىرىمنى بانكىغا قويدۇم. ئۈچ كۈن ئۆيدە راسا ئۇخلاپ ئارام ئالدىم. چۈشۈمدە ماھمۇت ئۇستامنى، مېنى قوغلاۋاتقان ئەسكى ئادەملەرنى كۆردۈم، لېكىن گەبزەدە مېنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى؛ ھېچكىم پېيىمگە چۈشمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئىستانبۇلغا بېرىپ بەشىكتاشتا ئۇنىۋېرسىتېتقا تەييارلىق قىلدۇرۇش دەرسخانىسىغا يېزىلدىم ۋە دەرسلەرگە ئەستايىدىل ھالدا بېرىپ-كېلىشكە باشلىدىم.

يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ئۇستامنى ۋە قۇدۇقنى زادىلا كاللامدىن نېرى قىلالمايۋاتاتتىم. بەشىكتاشتا مەھەللىدىكى ۋە مەكتەپتىكى دوستلىرىم بىلەن تېپىشىۋېلىش، ئۇلار بىلەن كىنوغا بېرىش، ئۆلپەتچىلىك قىلىش مېنى خۇشال قىلىۋاتتى. بىر ئىككى قېتىم بازار ئىچىدىكى مەيخانىغىمۇ باردۇق؛ لېكىن مەن ئۇلارغا ئوخشاش قائىدە-يوسۇنى بىلەن تاماكا چېكىپ، راكى ئىچەلمەيۋاتاتتىم. راكىنى يېڭىياچىدەك بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىپ، ئاندىن مەست بولۇپ قېلىشىمنى مەسخىرە قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلمايتتىم، لېكىن تېخىچە ساقال-بۇرۇتۇمنىڭ تۈزۈكرەك چىقمىغانلىقىنى، بەلكىم ھەقىقىي ئەركەكتەك ئەمەسلىكىمنى سېرىق تۈك ئۈتتۈرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك تەگەپ كېتىشلىرى چىشىمنى قېرىشتۇراتتى.

_ تۆك بىلەن قىلىنىڭ بىر كارامىتى بولىدىغان ئىش بولسا تېرەخانىغا نۇر ياغقان بولاتتى،_ دېدىم بىر قېتىم،_ بۇرۇت دېگەن چىشى مۇشۇكتىمۇ بار.

ھەممىسى ماڭا قاراپ تەڭلا كۈلۈشتى! بۇنداق تېگى بار گەپلەرنى ئاخشاملىرى ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتابچىنىڭ دۇكىنىدا كۆزلىرىم ئاغرىپ كەتكۈچە ئوقۇغان كىتابلاردىن ئۆگىنىۋالاتتىم.

لېكىن ئۇستىسىنى قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئۆلۈمگە تاشلاپ قويغان ۋىجدانسىز بىر كىشى يازغۇچى بولالارمىدى؟ چىلەكنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ قانچىلىك قىسمى بىر قازا ئىدى؟ پات-پات ئۆزۈمگە قۇدۇقنىڭ بېشىدا يامان بىر ئىش يۈز بەرمىدى دەپ تۇراتتىم. مەن ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ئىشلەشكە، ئازار يېيىشكە، ئۇيقۇسىزلىققا چىدىيالمىدىم. ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، پۇلۇمنى ئېلىپ، ھەرقانداق نورمال بىر كىشى قىلغانغا ئوخشاش ئۆيگە قايتتىم. «نورمال كىشى» دېگەن گەپمۇ قۇلىقىمغا خوش ياقماس بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىچىپ كۈلۈشۈۋاتقان مەندىن ئىككى، ئۈچ ياش چوڭ بىر مەھەللىلىك دوستلىرىمنىڭ ئارىسىدا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغانلار، ساقال-بۇرۇت قويىۋالغانلار ۋە سىياسىي نامايىشلاردا ئارا كوچىلاردا ساقچىلار بىلەن جېدەللەشكەنلەر باشلىرىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ دادامنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن ئەسلىدە ئۇلارغىمۇ ئىچ-ئىچىمدىن ئاچچىقىم كېلىدىغانلىقىنى بىر ئاخشام قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ چۈشىنىپ يەتتىم.

_ جەم، سەن بىرەر قىز بالىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقتىڭمۇ؟_ دەپ قېرىشقان ئىدى بىرسى.

بەزىلىرى قىزلارغا قانداق ئاشىق بولغانلىقىنى، قانداق خەت يېزىپ جاۋاب كۈتكەنلىكىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئىككى ئاي بۇرۇن ئەنىشتەمنىڭ مېنى ئەدىرنە ئەتراپىدىكى بىر قورۇلۇشقا (قورۇلۇش قۇدۇقتىن مۇھىمراق ئىدى) ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۆڭگۆرەن بازىرىدا بىر ئايال بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم. «ئۆڭگۆرەننى بىلىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ سورىدىم ئۇستەلدىكىلەردىن.

مەندىن مۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن بىردەم ھەيرانۇ-ھەس قېلىشتى. بىرسى ئاكىسىنىڭ ئۆڭگۆرەندە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەنلىكىنى، بىر قېتىم دادىسى، ئانىسى بىلەن بىللە ئىستانبۇلدىن ئۇنى يوقلىغىلى بارغانلىقىنى، بازارنىڭ كىچىك ۋە زېرىكىشلىك بىر جاي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

_ يېشى مەندىن ئىككى ھەسسە چوڭ بىر تىياتىرچى، ئاجايىپ بىر ئايالغا ئاشىق بولدۇم ئۇ يەردە. ئۇنى تونۇمايتتىم. كوچىدا كۆردۇم. مېنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۇ ئايال بىلەن

بىرگە بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

_ قانداقراقتى؟_ دېدى بىرسى،_ ياخشىمتى؟

_ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

_ نېمىشقا توي قىلمىدىڭلار؟_ دېدى تاماكا چېكىۋاتقان بىرسى.

ئاكىسى ھەربىيلىككە كەتكەن بالا « ھەپتە ئاخىرىدا رۇخسەت ئېلىپ چىققان ئەسكەرلەر ئۈچۈن تولغىما ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان چېدىر تىياتىرلىرى، سەتەڭلەر ناخشا ئوقۇيدىغان بەزمىخانىلار، يەنە ئاجايىپ ئىشلار بار ئۇ يەردە» دېدى.

ئىچىمدىكى ئازاب ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن پەقەت مۇشۇ بىر مەھەللىلىك دوستلىرىمدىن ئۇزاق تۇرسام قۇتۇلالايدىغانلىقىمنى شۇ ئاخشىمى چۈشەندىم. ئۇستامنىڭ ۋە قۇدۇقنىڭ، مېنى ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاددىي ھاياتتىن كېلىدىغان بەخت ۋە خۇشاللىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئاستا-ئاستا سېزىۋاتاتتىم. «ئەڭ ياخشىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بولۇۋېلىش» دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە توختىماي.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

لېكىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك بولۇۋېلىش مۇمكىنمىدى؟ ماھمۇت ئۇستام كالاملىنىڭ ئىچىدىكى بىر قۇدۇقتا، قولىدا قازغۇچ، توختىماي يەرنى كولاۋاتاتتى. بۇنداق قىلىۋاتقان بولسا، دېمەككى سوتچى ۋە ساقچىلار جىنايەتنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى دېگەن گەپ بولاتتى.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ جەسىدىنى بىرسىنىڭ، مەسىلەن ئەلنىڭ بايقايدىغانلىقىنى، ۋەقەگە سوتچىنىڭ ئارىلىشىدىغانلىقىنى، ئاۋۋال گەبزەگە خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى(بۇنىڭغا تۈركىيەدە نەچچە ھەپتە كېتەتتى)، ئانامنىڭ قايغۇرۇپ يىغلا-يىغلا ھوشىدىن كېتىدىغانلىقىنى، ئاندىن ساقچىلارنىڭ ئىستانبۇلغا خەۋەر يوللايدىغانلىقىنى(بۇنىڭغا نەچچە ئاي كېتەتتى) ۋە بىر كۈنى ساقچىنىڭ مېنى دەرسخانىدىن ياكى كىتابچىنىڭ دۇكىنىدىن تېپىپ قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتىم. ئەڭ ياخشىسى دادامنى تېپىپ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىش ئىدى. لېكىن ئۇ مېنى ئىزدىمەيۋاتاتتى، بۇنىڭدىن، ئۇ مېنى ئىزدىسىمۇ ماڭا بىر ياردىمى تەگمەيدىغانلىقىدەك نەتىجىنى چىقىرىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم ئىشنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتەتتىم. دېمىسىمۇ ساقچىلار دەرسخانىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ مېنى قولغا ئالمىغان ھەر بىر كۈن، ھەم گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنىڭ ۋە ھەممەيلەنگە ئوخشاش ئىكەنلىكىمنىڭ بىر ئىسپاتى سۈپىتىدە تۇيۇلىۋاتاتتى، ھەم ھەممەيلەننىڭكىگە ئوخشاش مەسۇم ۋە ئادەتتىكى بىر ھايات كەچۈرەلەيدىغان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. بەزىدە دېڭىز كىتابخانىسىدا مەندىن بىر كىتابنىڭ ئورنىنى سورىغان سوغۇق چىراي بىر خېرىدارنى پۇخراچە كىيىنگەن ساقچى دەپ قېلىپ، دەرھال گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەتتىم. بەزىدە بولسا ئۇستامنى قۇدۇقتىن چىقىپ قۇتۇلغان ۋە مېنى نەپرەت ئىچىدە ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم.

كىتابخانىدا بەلەن ئىشلەۋاتاتتىم، ھەممە ئادەمگە، ھەممە ئىشقا يېتىشەتتىم. ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگۈدەك جاھازا ئورۇنلاشتۇرۇشىمنى، كىتاب تاللاش ۋە باھاسىنى چۈشۈرۈش ئامىللىرىمنى بەك ياقتۇرغان دېڭىز ئاكام قىشىنچە مېنىڭ دېۋاندا ئۇخلىسام بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇ كىچىك ئۆيىنى ئاخشاملىرى كىتاب ئوقۇيدىغان ئۆي

سۈپىتىدە ئىشلەتسەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئانام مېنىڭ ئۆزىدىن ۋە گەبزەدىن يىراقتا تۇرۇشىمدىن غەم يېگەن ئىدى، لېكىن كاباتاش ۋە بەشىكتاشتىكى دەرسخانىغا داۋاملىق بارسام ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانىدا ياخشى نومۇر ئالىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتى.

پەقەت ئانامنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتماسلىق ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ ئىمتىھاننىڭ ھاياتىمنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ھەم مەكتەپتە ھەم دەرسخانىدا «كالىدەك» كۆچىدىم، پۈتۈن فورمىلالارنى يادلىدىم. دەرسلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ كەتكەن ئەڭ ئالدىراش پەيتلەردە قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ خىيالى كۆزۈنۈشى قۇياشقا ئوخشاش ئىسسىق ھالدا ئىچىمدە كۆتۈرۈلەتتى، تېنىنىڭ رەڭگىنى، قارنىنى، كۆكسىلىرىنى، قاراشلىرىنى خىيال قىلاتتىم: ھېچ ئىش بولمىغاندەك بولۇۋېلىشقا ئەسلىدە ھەممىدىن بەك دەرسلەرنىڭ ياردىمى تېگىۋاتاتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانىدا ئارزۇ تولدۇرىدىغان چاغدا، گەبزەدە ئانامۇ يېنىمدا بار ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە، بىرىنچى بولۇپ تىبابەتنى يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇمدىن مېنى ئاچ قالارمىكىن، دادامغا ئوخشاش بېشىمغا سىياسىي بالا-قازالار كېلىپ قالامدىكىن، دەپ بەك قورقاتتى.

ھالبۇكى، ئۇستامنى قۇدۇقنىڭ تېگىدە تاشلاپ قويغانىدىن بۇيان ئىچىمدىكى يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇم تېز سۈرئەتتە يوق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئانام ئىنژېنېر بولۇشىمنىمۇ بەك خالايتتى. شۇنداق قىلىپ مەن گېئولوگىيە ئىنژېنېرلىقىغا بەلگە قويدۇم. ئانام قۇدۇقچىغا شاگىرت بولغانلىقىمنىڭ روھىمغا تەسىر قىلغانلىقىنى بايقىغانىدى. «پىشپىسەن» دېگەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە روھىمدىكى بىر قارا داغ ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىمىكىن، دەپ قالغانىدىم..

1987-يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماچكاغا جايلاشقان گېئولوگىيە ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنى بەشىنچى بولۇپ پۈتتۈرگەنلىكىم جاكارلاندى. يۈز ئون يىللىق ئۇنىۋېرسىتېت بىناسى ئەسلىدە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە زامانىۋىي ئەسكەرلەرنىڭ قورال ئىسكىلاتى ۋە قىشلىقى ئىدى، لېكىن 1908-يىلى ئابدۇلھامىتنى تەختتىن چۈشۈرىدىغان ياش تۈركلەرنىڭ ھەرىكەت ئارمىيەسى سەلانىكتىن ئىستانبۇلغا كەلگەندە، پادىشاھنى ياقىلىغۇچى كۈچلەر بۇ يەردە ئىستىھكام قۇرۇپ، بىز دەرس ئوقۇغان يەرلەردە ئۇرۇش قىلىشقانىدى. بۇنداق نەرسىلەرنى كىتابلاردىن ئوقۇپ، ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرەتتىم. كونا بىنالارنىڭ ئېگىز تورۇسلۇق سىنىپلىرى، ساناقسىز پەلەمپەيلىرى، ھەممە نەرسە جاراڭلاپ تۇرىدىغان كارىدورلىرى ماڭا

ئاجايىپ تۇيۇلاتتى، بەشكتاشنىڭ ۋە دېڭىز كىتابخانىسىنىڭ ئۇن مىنۇت نېرىدا ئىكەنلىكىدىن خوش ئىدىم.

كىتابخانىدا ساتقۇچىلىقتىن باشقۇرغۇچىلىققا ئۆسكەن ئىدىم. يازغۇچى بولمايدىغانلىقىمنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن خوجايىنىم گېئولوگىيە ئېنژېنېرلىقىدا ئوقۇشۇمنى ياقتۇرغان ئىدى، ئېنژېنېرلاردىن ياخشى رومانچىلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرەتتى. مەنمۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ياتىقىمدا ھەر كۈنى بىر كىتابنى تۈگىتىۋاتاتتىم.

ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشنىڭ بىر شەرتى سوفوكلېسنىڭ ئودىپۇس ھېكايىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئىدى. قىزىقىشىمنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققۇچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. لېكىن بىر كۈنى دېڭىز كىتابخانىسىدا چۈشلەر ھەققىدە يېزىلغان ئۇ كونا توپلام يەنە قولۇمغا چىقىپ قالدى. ئودىپۇسنىڭ ھېكايىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بۇ يەردە ئوقۇغان ئىدىم. بۇ توپلامنىڭ يازغۇچىسىنىڭ سىگمۇند فرېئۇد ئىكەنلىكىنى ئەمدىلەتىن بىلىۋاتاتتىم. فرېئۇدنىڭ يازمىسى، سوفوكلېستىن بەكرەك، ھەر بىر ئەركەكنىڭ كۆڭلىدە بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان دادىسىنى ئۆلتۈرۈش ئىستىكى ھەققىدە توختالغان ئىدى.

بىر قانچە ئايدىن كېيىن كونا كىتابلار بۆلۈمچىسىدە سوفوكلېسنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1941- يىلى نەشىر قىلدۇرۇلغان بىر تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆرۈپ قالدىم. سارغايغان ئاق مۇقاۋىدىكى «پادىشاھ ئودىپۇس» دېگەن ماۋزۇ مېنى قورقۇتىۋەتتى. بۇ كىتابنىڭ تۈركچىسى بازاردىن تېپىلمايتتى. كىتابنى ئۆز ھاياتىم توغرۇلۇق بىر سىرنى يېشىپ چىقىدىغاندەك ئىستەك ۋە ئېچىۋالغۇم باردەك قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇدۇم.

كىتابتا ئويۇن فرېئۇد قىسقىچە بايان قىلغانغا ئوخشاش ئودىپۇسنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن باشلانغانىدى: شاھزادە ئودىپۇس ئۆزىمۇ بىلمەستىنلا دادىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرىدۇ، بىلمەي ئۆز ئانىسى بىلەن توي قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆت باللىق بولىدۇ. كىتابتا ئوغۇلنىڭ ئۆزىدىن ئۇن ئالتە ياش چوڭ ئانىسى بىلەن يېتىشى پەقەتلا تەسۋىرلەنمىگەن ئىدى، ئاتلاپلا ئۆتۈپ كېتىلگەنىدى. مەن بۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندۇم، لېكىن كەلتۈرەلمىدىم. ئەمدى ئانىسى خۇددى بىرلا ۋاقىتتاھەم ئانىسى، ھەم ئايالى بولغانغا ئوخشاش، ئودىپۇسنىڭ باللىرىمۇ ھەم ئۇنىڭ باللىرى، ھەم قېرىنداشلىرى ئىدى. لېكىن ئويۇننىڭ بېشىدا نە ئودىپۇس، نە باشقا پېرسوناژلار، نە تاماشىبىن بۇ رەزىللىكتىن خەۋەردار ئەمەس ئىدى. شەھەردە بەلكىم بۇ سەۋەبتىن ۋابا تارقالغان ئىدى ۋە بۇ بالا-

قـازادىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن بـۇرۇنقى پادىشـاھنى كىمنـىڭ ئۆلتـۈرگەنلىكىنى تېپىشـى زۆرۈر بولغانـدى. بـۇنى ھەممىـدىن بەك ئۆزىنىـڭ قاتىـل ئىكەنلىكىنـى بىلمەيـدىغان ئودىپـۇس ياخشى نىيەت بىلەن ئىستەۋاتاتتى. لېكىن ئودىپۇس ئۆزىنىڭ ئەسلىدە دادىسىنىڭ قـاتىلى ئىكەنلىكىنى ئازاب ئىچىدە ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ يېتىپ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى كور قىلىۋالاتتى.

ئۈچ يىل بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى قۇدۇقنىڭ يېنىدا مەن ماھمۇت ئۇستامغا بۇ ھېكـايىنى دەل مۇشۇ تەرتىپ بىلەن سۆزلەپ بەرمىگەن ئىدىم. لېكىن ئويۇننى ئوقۇۋېتىپ نېمىشقىكىن سـۆزلەپ بەرگەنـدەك ھـېس قىلـدىم ئـۆزۈمنى. سوفوكلېسـنى ئوقۇۋېتـپ ئۇسـتامنى ئۆلتـۈرگەنلىكىم ئۈچـۈن ئـۆزۈمنى ئـۇنچە بەك گۇناھكـاردەك ھـېس قىلمىغـانلىقىمنىمۇ چۈشەندىم. ئـۈچ يىلـدىن كېيىن ساقچىلارنىڭ سىنىپقا كېلىپ مېنى قولغا ئېلىشىدىنىمۇ قورقمايـدىغان بولغانـدىم. بەلكىـم مـاھمۇت ئۇسـتام ئۆلمىگەنـدۇ، خـۇددى كونـا دىنىـي ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش بىرسى ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىۋالغاندۇ.

دىنىي ھېكايىلەرنى، «قۇرئان كەرىم» دىـن ئېلىنغـان رىـۋايەتلەرنى مـاھمۇت ئۇسـتام مېنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ سۆزلەپ بېرەتتى: بۇنىڭغا ئىچىم پۇشاتتى. مەنمۇ ئۇنىـڭ ئىچىنـى پۇشـۇرۇش ئۈچـۈن شـاھزادە ئودىپۇسـنىڭ ھېكايىسـىنى سـۆزلەپ بەرگەنـدىم، ئاخىرىـدا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايەمدىكى پىرسۇناژدەك ئىش قىلغانـدىم. شـۇڭا قۇدۇقنىـڭ تېگىـدە قالغان ئىدى ماھمۇت ئۇستام، بىر ھېكايە، بىر ئەپسانە سەۋەبىدىن.

ئودىپۇسـمۇ بىـر ھېكـايىنى ۋە بىـر ئەپسـۇننى يوققـا چىقىرىشـقا ئۇرۇنغـانلىقى ئۈچـۈن دادىسـىنى ئۆلتۈرگەنـدى. شـاھزادە ئودىپـۇس، ئەگەر كـاھىن بېشـىڭغا بـۇلار كېلىـدۇ دەپ سـۆزلەپ بەرگەن ھېكـايىگە ئىشـىنىپ كەتـمەي، كۆلـۈپلا ئۆتـۈپ كەتـكەن بولسـا، بەلكىـم ئۆيىـدىن، يۇرتىـدىن ئايرىلىـپ سـەپەرگە چىقمـاس، پادىشـاھ دادىسـى بىـلەن ئـۇ يـوللاردا قارشىلىشىپ قېلىپ بىلمەي ۋە تاسـادىپىيلىق بىـلەن ئـۇنى ئۆلتـۈرۈپ سـالماس بـولغىيتتى. دادىسـىمۇ ئوخشـاش ئىـدى. ئەگەر دادىسـى ئودىپۇسـنى شـۇم تەلەيـدىن قوغـداش ئۈچـۈن تەدبىر قوللانمىغان بولسىدى، باشلىرىغا بۇنـداق پـالاكەتمۇ كەلمىـگەن بولارىـدى. ھەمـمە ئـادەمگە ئوخشـاش ئـاددىي ۋە «نورمـال» بىـر ھايـات كەچۈرگـۈم بولسـام، ئـۇ چاغـدا مەن ئودىپۇسنىڭ دەل ئەكسىچە، يەنى ھـېچ ئىـش بولمىغانـدەك ئىـش كۆرۈشـىم كېـرەك ئىـدى. ياخشى بىر ئادەم بولۇشـنى ئىسـتىگەن ئودىپـۇس، قاتىـل بولغۇسـى كەلمىگەنلىكـى ئۈچـۈن قاتىل بولغان ئىدى، قاتىلنىڭ كـىم ئىكەنلىكـىگە قىزىققـانلىقى ئۈچـۈن ئۆزىنىـڭ دادىسـىنى ئۆلتۈرگەن بىر قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. سوفوكلېسنىڭ ئويۇنىـمۇ، ئـاخىرى قاتىلنىـڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدىغان، قىزىققاق بىر پىرسوژنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى.

ھالبۇكى مەن قاتىل بولۇشنى دېمەي تۇرايلى، بىر جىنايەت سادىر قىلغانلىقىمنىمۇ جەزىملەشتۈرەلمەيتتىم. قاتىل بولغۇم ياكى ئوغلۇم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگۈممۇ يوق ئىدى. ماھمۇت ئۇستاممۇ ھەر ھالدا قۇدۇقتىن چىقىپ ھاياتقا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا ساقچى كېلىپ ئىشىكىمنى چەكمەس بولغىيمىدى؟ ھەممە ئادەمدەك بولۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشىم كېرەك ئىدى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

ئۇزۇن مەزگىلگىچە «دېمىسىمۇ ھېچ ئىش بولمىدى» دەپ ئويلىدىم. نەم چاك-تۇزاك ۋە ئەرەب سوپۇنى پۇراپ تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت كارىدورلىرىدا كېتىۋاتقىنىمدا، سىياسىي توقۇنۇشلار، ساقچىلار بىلەن جىدەللىشىشنى باھانە قىلىپ مېتالچىلىق دەرسىنى بۇزغان ساۋاقداشلىرىم بىلەن كىنوخانىلارغا بارغىنىمدا، ياتاقتا تېلېۋىزىيە فىلىملىرىغا قاراپ قېتىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن چاغلاردا ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ ھەممەيلەنگە ئوخشاش بىر ئادەم بولالىغانلىقىمنى ئويلاپ سۆيۈنەتتىم. تېلېۋىزوردا پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى، يېڭى چىققان ۋىدېيولاردا سەنئەت فىلىملىرىنى ۋە بوغۇزدىن ئۆتۈۋاتقان كېمىلەرنى داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ كۆردۈم. ئەينەكلىك تاملاردىكى يېڭى ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارغا قارىدىم، بەيئوغلۇغا چىقىپ قىستا-قىستاڭچىلىقتا قوشۇلدۇم ۋە يەكشەنبە كەچقۇرۇنلىرى دەم ئېلىش يەنە تۈگىدى، دەپ پەرىشان بولدۇم.

تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماچكادىكى قۇرال ئىسكىلاتىدىن ئۆزگەرتىلگەن بىناسىدا ئىنژېنېرلىقتا ئوقۇۋاتقان قىزلار بەك ئاز ئىدى. بار يوقى نەچچە قىزنىڭ پېيىگە بولسا بارلىق ئوغۇللار چۈشۈشكەنىدى. مەن بىلەن تەڭتۇش ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان قىزلاردىن تونۇشلىرىم بەكلا ئاز ئىدى. شۇڭا بىر ھەپتە ئاخىرىدا گەبزەدە ئانام، ئەنىشتەمنىڭ گۆردەسلىك بىر تۇغقىنىنىڭ قىزىنىڭ ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىغا ئۆتكەنلىكىنى، مەكتەپتە تۇرىدىغانلىقىنى، شەھەردىكى قىستاڭچىلىقتىن قورققانلىقىنى، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسام ئەنىشتەمنىڭ مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدى بۇ ئىشقا دەرھاللا كۆڭۈل بۆلدۈم.

ئايشە سېرىق چاچلىق ئىدى، لېكىن قىزىل چاچلىق ئايالغا ئازراق ئوخشاپ قالاتتى. بولۇپمۇ تولغان ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ قىرلىرى ۋە ئۇچلۇق ئېڭىكى. تۇنجى كۆنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭمۇ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى سەزدىم. شەنبە چۈشتىن كېيىنلىرى بىللە كىنوغا، چېخوپ ياكى شېكسپېرنىڭ ئويۇنلىرى ئوينىلىدىغان شەھەر تىياترخانىلىرىغا ۋە ئاپتوبۇس بىلەن ئەمىرگانغا چاي ئىچكىلى باراتتۇق. ئۈڭلۈق ۋە چىرايلىق بىر قىز بىلەن بەزى دوستلىرىم دېگەندەك «يۈرۈش»، دوستلىشىش تاتلىق بىر تۇيغۇ ئىدى ۋە ھايات ماڭا شۇ قەدەر گۈزەل تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتىكى، ماھمۇت ئۇستام ۋە

قۇدۇقنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمگە ئىشەندىم.

ئوخشاش ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن گېئولوگىيە ئىنژېنېرلىقىدا تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇشقا تىرىشلاتتىم ۋە سىنىپىمنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بولغانلىقىم ئۈچۈن قوبۇل قىلىندىم. دوستلىقىمىزنىڭ ئىككىنچى يىلىدا ئايشە بىلەن كىنوخانىلاردا، باغچىلاردا، ئەتراپنا ھېچكىم يوق جايلاردا قول تۇتۇشۇشقا، ھەتتا سۆيۈشۈشكە باشلىغانىدۇق، لېكىن ئەنئەنىۋى بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئايشەنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇن مەن بىلەن ئەسلا ياتمايدىغانلىقىنى تونۇشقان تۇنجى ھەپتىمىزدىلا چۈشىنىپ يەتكەنىدىم.

پات-پات پاھىشىخانىلارغا بېرىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق قىز بالىنى ئەڭ ئاخىرىدا كارىۋاتقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن ئىشىنىدىغان، بەشكىتاشلىق بىر ئېشەك ئاغىنەمنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇ ماڭا ئاچقۇچىنى بېرىپ تۇرغان بىر بويتاقلار ياتىقىدا، بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئايشە بىلەن چىققان ئۇچرىشىشىمىز پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى. خۇددى بىز ھەر كۈنى ئىچىپ تۇرىدىغان بىر نەرسىدەك ئايشەگە بىر قەدەھ راكى تەڭلىسەم، ئىككى سائەت جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغاندىن كېيىن، يىغلىغان پېتى ياتاقتىن چىقىپ كەتتى ۋە ئۇزۇن مەزگىلگىچە مەكتەپتىكى ياتىقىغا تېلېفون قىلسام ئالماي قويدى.

بۇ ئارىلىقتا مەن قىزىل چاچلىق ئايالنى ئىزدەپ تېپىشنى خىيال قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چېغىمىزنى ئەسلىگەچ ئوتتۇز بىر چېكىدىغان (31چېكىش _ ئانانىزىم قىلىش.ت) بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈردۈم. ئاخىرى ئايشە بىلەن يارىشىپ قالدۇق، مۇناسىۋىتىمىزنى كەلگەن يېرىمىزدىن داۋام قىلدۇق ۋە چاي ئىچۈرۈشكە يۈتۈشتۇق. ئانام بىلەن تىككۈچى بىللە تىككەن كىيىمنى كىيگەن چاي ئىچۈرۈشتىن كېيىن، ئايشەنىڭ بەزى شەنبە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن دىڭىز كىتابخانىسىغا مېنى ئالغىلى كېلىشى، خوجايىن ۋە ياش ساتقۇچى بالىلارنىڭ «گۈزەلسىلىك قىز» نى چىرايلىقكەن دېيىشلىرى مېنىڭ گۈلقەقەلىرىمنى ئېچىلدۇرىۋېتەتتى. ئۇنىڭغا ئوقۇغان كىتابلىرىم، گېئولوگىيە تارىخى ۋە ئەسلىدە باشقىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان سىياسىي قاراشلىرىم ھەمدە پۈتبۇل ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىم. يازلىرى پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن بارغان كوزلۇدا، سومادا يەر ئاستىدا ئازاب چەككەن كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتلىرىنى بايان قىلغان، ھايات ۋە دۇنيا ھەققىدىكى غەزەپلىك ۋە غايىلىك كۆز-قاراشلىرىمنى يازغان خەتلىرىمنى ئايشەنىڭ ساقلاپ قويىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئېچىپ يېنىش-يېنىش ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىش مېنى پەخىرلەندۈرەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ خەتلىرىنى ساقلاپ قويۇۋاتاتتىم.

بەختلىك كۈنلىرىمنىڭ ئارىسىدا بەزىدە كىچىككىنە بىر نەرسىمۇ روھىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويياتتى. ئىستانبۇلدا سۇ قىس بولغان قۇرغاق بىر يازدا، يېزا-ئىگىلىكى مىنىستىرى رىياكارلارچە يامغۇر تىلەش دۇئاسىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقاندا، لايىقىمنىڭ ھەر بىر ھويلىغا بىردىن قۇدۇق كولانسا ئىستانبۇلنىڭ سۇ مەسىلىسىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشى، دېمىمنى ئۆزۈنغىچە ئىچىمگە چۈشۈرىۋەتكەنىدى( نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر قۇدۇقچىغا شاگىرت بولغانلىقىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرغان ئىدىم). ئۆزگۈرەن ئەتراپىدا ئېچىلىش مۇراسىمىغا باش مىنىستىر قاتناشقان بىر توڭلاتقۇ زاۋۇتىنىڭ باللانلار ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئوخشاش تۈردىكى زاۋۇتلار ئىچىدە ئەڭ چوڭى ئىكەنلىكىنى گېزىتلەردە ئوقۇغان چېغىمدا، ماھمۇت ئۇستام ماڭا سۆزلەپ بەرگەن دىنىي ھېكايىلەر ئېسىمگە كەلگەنىدى. لايىقىمغا تۇغۇلغان كۈنى سوۋغىسى سۈپىتىدە ئالماقچى بولغان «ئاكا-ئۇكا كارامازوۋلار»نىڭ يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بېشىغا كىرىش سۆز سۈپىتىدە فرېئۇدنىڭ دوستويېۋسكى ۋە دادا قاتىللىقى ھەققىدە ئودىپۇس ۋە ھاملېتنىمۇ تىلغا ئالغان بىر يازمىسىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ يەردىلا يازمىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇ كىتابنى قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باش پېرسونازى ساددا ۋە مەسۇم بولغان «ئەخمەق» نى سېتىۋالغانىدىم.

بەزى كېچىلىرى ماھمۇت ئۇستام چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى. ئالەم بوشلۇقىدا باشقا سەييارىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالدىرىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغان يوغان بىر ئاپپېلسىننىڭ بىر بۆرجىكىدە تېخىچە قۇدۇق كولاۋاتاتتى. دېمەك تېخى ئۆلمىگەن ئىدى ۋە مېنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇلىرىغا پېتىپ كېتىشىم خاتا بىر ئىش ئىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ قۇدۇق كولاۋاتقان پىلانېتقا قارىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىۋاتاتتى.

ماھمۇت ئۇستامنىڭ سەۋەبىدىن گېئولوگىيە ئېنژېنېرى بولۇپ قالغانلىقىمنى بەزىدە لايىقىمغا سۆزلەپ بەرگۈم كېلەتتى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم. ئىقرار قىلىش زۆرۈرىيىتىنى ھەممىدىن بەك ئايشە بىلەن دوستانە ھالدا كىتابلار ھەققىدە پاراڭلاشقان چاغلىرىمدا ھېس قىلاتتىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئورنىغا بەزىدە يەر بىلىملىرىنىڭ سىرلىرى ۋە ئاجايىباتلىرى ھەققىدە گەپ قىلاتتىم: ئەڭ ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىسىدىكى يېرىقلاردا، چاكلاردا ۋە ئۆيۈقلاردا تېپىلغان دېڭىز قۇلۇلىسى قاپلىرىنىڭ، بېلىقلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ ۋە مەدىيەلەرنىڭ سىرىنى 11- ئەسىردە جۇڭگولۇق شېن كوۇ (沈括) ئىسىملىك بىر ئالىمنىڭ تېپىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتىم سۆيگىنىمگە. سوفوكلېستىن يۈز ئەللىك يىل كېيىن تېئوفراستۇس «تاشلار ھەققىدە» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىنېرال ماددىلار ھەققىدە بۇ كىتابتا دېگەنلىرىگە كىشىلەر مىڭ يىللارغىچە

ئىشىنىشكەن ئىدى. ئىجاتچان بىر يازغۇچى بولالمىغان ئىدىم، لېكىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە ئادەم ئىشىنىدىغان بىر كىتاب يازغۇم بار ئىدى! «تۈركىيەنىڭ گېئولوگىيەلىك تۈزۈلىشى» دەپ بىر كىتاب يېزىشنى خىيال قىلىپ، تۇرۇس تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېگىزلىكلىرىدىن بىز قۇدۇق كولىغان تراكيادىكى گىللىق ۋە يۇمشاق قۇملۇق تۇپراقلارنىڭ سىرلىرىغىچە، جەنۇپتىكى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق گېئولوگىيەلىك جايلاردىن تارتىپ، نېفىت ۋە گاز رايونلىرىنىڭ ھەقىقىي بىر خەرىتىسىگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى كىتابقا كىرگۈزۈشنى پىلانلاۋاتاتتىم.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

دادامنىڭ ئىستانبۇلدا بىر يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم، مېنى ئىزدىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقىم كېلىپ، مەنمۇ ئۇنى ئىزدىمەيۋاتاتتىم. ئاخىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مېڭىشتىن بۇرۇن ئايشە بىلەن توي قىلغاندا ئۇنى كۆردۈم. تويدىن كېيىن بىر ئاخشىمى تاكسىمدە يېڭى بىر مېھمانخانىنىڭ تاماقخانىسىدا دادام بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلدىم. «ئاناڭغا ئوخشايدىغان بىر قىز تېپىپسەن» دېدى دادام ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا. تاماقتا دادام بىلەن ئايشە بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى؛ ھەتتا بىردەمدىلا مەن بىلەن قېرىشىشقا، رەقەم يادلاپلا يۈرىيدىغان ئېنژېنېرلىقىمنى چاخچاقچا يۈلەپ مازاق قىلىشقا باشلاشتى.

دادام قېرىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ياخشى كۆرۈنەتتى. پۇلى بارلىقىنى، يەنە بىر ھاياتنى باشلىغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەنمۇ دادا ئۆلتۈرۈش ھېكايىلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ يوقلۇقىدا ئۆتكەن يىللاردا، ئۆزۈم يالغۇز كۆرەش قىلىپ چوڭ بولغاندىم ۋە «ئۆزۈم» بولغاندىم.

دادامنىڭ يېنىدا بولغان بولسام، ئۇ ئىشلىرىمغا پەقەتلا ئارىلاشمىغان، ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈم بولۇشتا قىينالغان بولاتتىم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېنىدا ئاران بىر ئايلا تۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈم بولغانلىقىمغا ئىشەنگەن ئىدىم. بۇ كۆز-قاراشلار قانچىلىك توغرا بىلمەيتتىم. لېكىن تۇيغۇلىرىمنى ئۇبدان تونۇيتتۇم. مېنىڭ ھېلىھەم ھەم دادامنىڭ تەستىقىنى ئالغۇم، ئۇنىڭغا ئوخشاش غورۇرلۇق ياشىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كېلەتتى، ھەم ئۇنىڭغا بەكلا ئاچچىقىم كېلەتتى.

_ بەك تەلىيىڭ كەپتۇ، سېنى قالتىس بىر قىزغا تاپشۇردۇم،_ دېدى دادام ئايرىلىدىغان چاغدا ئايشەگە قاراپ تۇرۇپ،_ كۆڭلۈم ئاجايىپ خاتىرجەم.

تاكسىمدىن پانگالتى تەرەپكە قاراپ يوغان كاشتان دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا ئايالىم بىلەن ئۆيگە قايتىۋاتقان چېغىمىزدا دادامنى ئارقىمىزدا قالدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن مەمنۇن ئىدىم. فەرىكۆيدىن دولاپدەرەگە چۈشۈپ كېتىدىغان بىر دۆڭلۈكتە ئىجارىسى بەكلا ئەرزان بىرلا ئېغىزلىق بىر ئۆيىمىز بار ئىدى. يېڭى توي قىلغان ئىدىم، كۆپىنچە كۈنلەردە ئايشە بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن بىرگە بولاتتۇق، كۈلۈشكەچ مۇڭدىشاتتۇق، چاخچاق قىلىشاتتۇق؛

بەختلىك ئىدىم. بەزىدە ماھمۇت ئۇستامنى ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا نېمە بولدى دەپ ئۆزۈمدىن سورايتتىم. لېكىن ئودېپۇسقا ئوخشاش ئۆتمۈشتە قالغان بىر جىنايەتنى تەكشۈرۈشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ماڭا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن باشقا بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

ھەربىيلىكتىن قايتقاندىن كېيىن مەدەن تەتقىقاتى ۋە ئىزدەش ئىدارىسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى شۆبىسىدە مائاشى ئاز بىر مەمۇرلۇق خىزمىتى تاپتىم. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىرىم ئالى گېئولوگىيە ئىنژېنېرلىرى تۈركىيەدە يا دۆنەر كاۋىپى دۇكىنى ئاچسا، ياكى قۇرۇلۇش سودىگىرى بولسا پۇل تاپالايدۇ، دەپ چاخچاق قىلىشاتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن مېنىڭ بۇ خىزمەتنى تاپالىشىممۇ بىر تەلەي ئىدى.

بەزى تۈرك قۇرۇلۇش-ئىنشائات شىركەتلىرى ئەرەب دۆلەتلىرى، ئۇكرائىنا ۋە رۇمىنىيەدە سۇ ئامبىرى، كۆۋرۈك سېلىۋاتاتتى، يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن گېئولوگ ۋە ئىنژېنېرلارنى تەكلىپ قىلىشاتتى. باشتا لىۋىيەدە بىر ئىش تاپتىم، لېكىن ھەر يىلى ئاز دېگەندە ئالتە ئاي شۇ يەردە تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىچە بىر بالىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئازابلىنىپ، ئىستانبۇلدىكى تونۇش، ئىشەنچلىك دوختۇرلارغا كۆرۈنۈشنى قارار قىلغانىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلدۇق.

1997- يىلىدا يېقىنراق دەپ قازاقىستان ۋە ئەزەربەيجاندا ئىش قىلىدىغان بىر شىركەتكە كىردىم. شۇنداق قىلىپ ئون بەش يىل ئايرىپىلان بىلەن ئىستانبۇلدىن يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ-كېلىپ يۈرۈپ ئاز-تولا پۇلمۇ تېپىۋالغان بولدۇم.

پانگالتىدا تېخىمۇ ياخشىراق بىر ئۆيگە كۆچۈۋالدۇق. ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئەگەر مەن ئىستانبۇلدا بولسام، ئايالىم بىلەن سودا سارايلارغا باراتتۇق، كىنو كۆرەتتۇق، بەزەر تاماقخانىدا بىللە غىزالىناتتۇق. ئاخشاملىرى تېلېۋىزوردا دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ، ھەربىيلەرنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغاچ تاماق يەيتتۇق، باللىق بولۇش ئۈچۈن، سېھرلىك بىر چارە تېپىپ چىققان كاللىسىنىڭ سۈيى بار بىر پروفېسسورغا ياكى ئامېرىكىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن كەلگۈسى پارلاق بىر دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈنۈشنى قارار قىلاتتۇق. پەرزەنتسىزلىك بەختلىك نىكاھىمىزنى زەھەرلىمىسۇن، ھاياتقا بولغان سۆيگۈمىزگە داغ چۈشۈرمىسۇن دەپ بىر-بىرىمىز بىلەن كۆپ مۇڭدىشاتتۇق.

بەزىدە بەشىكتاشقا باراتتىم، دېڭىز كىتابخانىسىغىمۇ كىرىپ ئۆتەتتىم. كىتابخانا خوجايىنى دېڭىز بەي مېنىڭ يازغۇچى بولمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى ۋە شېرىكلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. ھەممە ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش، ھەتتا بىر ئاز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ھاياتىم بار ئىدى. بەزىدە ئۆز-ئۆزۈمگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك

بولۇۋېلىشنى قاملاشتۇرىۋاتىمەن، دەپ قويياتتىم. ماھمۇت ئۇستام ۋە باللىقتىكى گۇناھىم ھەممىدىن بەك ئايروپىلان سەپەرلىرىدە ئېسىمگە كېلەتتى. بەزىدە بىر غازىغا، ئاستانىگە، باكۇغا ئەجىبا ماھمۇت ئۇستامنى ئەسلەش ئۈچۈن كېتىۋاتامدىم - نېمە، دەپ ئىختىيارسىز خىيال سۈرۈپ كېتەتتىم. ئايروپىلاندىن پەسكە قارىغانسېرى باللىق بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.

يەشىلكۆي ئاتاتۈرك ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايروپىلانلار شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا توپ-توپ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان قۇشلارغا ئوخشاش، بېشىنى غەربكە بۇرىغاندا، پەستە ئۆڭگۆرەن بازىرىنى كۆرەتتىم. قارا دېڭىزدىنمۇ، مارمارادىنمۇ، ھەتتا ساھىللەردىكى سۇ ئۈزۈش ئورۇنلىرىدىن، يېڭى سېلىنغان ئارامخانىلاردىن، ئۇستىدىنمۇ يوغان كۆرۈنىدىغان نېفت ۋە بېنزىن ئامبارلىرىدىنمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. لېكىن دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى دەرەخلەردىن، يېشىللىكلەردىن، شاپتۇل چېچەكلىرى، سېرىق، رەڭمۇ-رەڭ مۇنبەت تۇپراقلاردىن يىراقتا ئىدى: ھېلىھەم ئوچۇق بوز رەڭلىك، شورلۇق تۇپراقلار بىلەن قورشالغان ۋە ھەربىي گازارمىنىڭ يېنىدا ئىدى.

ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىدىن كۆرۈنگەن بۇ مەنزىرە ئايروپىلان بېشىنى بىر ياققا بۇراپ ئازراقلا يانغا يېتىشىغا ياكى ئارىلىقتا كىرىۋالغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا كۆزدىن غايىپ بولاتتى، لېكىن مەن سەزگۈمگە تايىنىپ پەستە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى شۇ ھامان بىلەلەيتتىم.

يېشىمىز چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيۋاتاتتۇق ۋە ئۆڭگۆرەن بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى ئېكىنزارلىقلار زاۋۇتلار، ئىسكىلاتلار ۋە شىركەت-كارخانىلار بىلەن توشۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەرلەر ئايروپىلاندىن قوغۇشۇن رەڭ، بوز ۋە قاپقارا كۆرۈنەتتى. بەزى زاۋۇتلار ئىسمىلىرىنى ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن چوڭ، رەڭلىك ھەرپلەر بىلەن زاۋۇت، ئىسكىلاتلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە يېزىپ قويۇشقان ئىدى. ئەتراپىدا تېخىمۇ كۆپ كىچىك زاۋۇتلار، نامى چىقمىغان، ئوتتۇراھال مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەر، سىرلاقسىز، مۇنداقلا سېلىنىپ قويۇلغان قۇرۇلۇشلار بار ئىدى. ئايروپىلان كۆتۈرۈلگەنسېرى، بۇ يەرلەرنىڭ ئەتراپىنى تېز سۈرئەتتە قاپلاۋاتقان كەپە ئۆيلەرمۇ كۆرۈنەتتى. ئىستانبۇلنىڭ ئەتراپىدىكى بازار ۋە يېزىلارنىڭ، خۇددى شەھەرنىڭ ئۆزىدەك تېز سۈرئەتتە چوڭىيىپ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مېنى قورقۇتاتتى. ھەر قېتىم يېڭى بىر سەپەرگە چىققاندا شەھەرنىڭ سوزۇلغان قوللىرىنىڭ ئەڭ چەت ياقلاردىكى يەرلەرگىمۇ بارغانلىقىنى، بارغانسېرى كېڭەيگەن يوللاردا يۈزمىڭلىغان ئاپتوموبىللارنىڭ سەۋرچان چۈمۈلىلەردەك قەتئىيلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخنىكىلىق

تەرەققىياتلارنىڭ ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئىشنى ئاللىقاچان پۈتتۈرگەنلىكىنى خىيال قىلاتتىم.

ئەسىرلەر بويى قازغۇچ، گۈرجەك ئىشلىتىلىپ، ياغاچ چىغرىق تارتىلىپ، چىلەك ساڭگىلىتىلىپ، تام قوپۇرۇلۇپ داۋام قىلىپ كەلگەن قۇدۇقچىلىق، ئىستانبۇلدا 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېز سۈرئەتتە زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. يازلىرى ئايشە بىلەن ئانامنى كۆرگىلى گەبزەگە بارغىنىمىزدا، .ئەنئەنىشتەمنىڭ ئېكىنزارلىقىنىڭ ئەتراپىدا كولانغان تۇرۇبىيا قۇدۇقلارغا گۇۋاھ بولدۇم. قول بىلەن خۇددى ئاتۇبېركىدەك بۇرۇلىدىغان بۇ تۇنجى بۇرغىلاش سايمىنىدىن كېيىن موتۇر بىلەن ئىشلەيدىغان كىچىك ماشىنىلار مەيدانغا چىققانىدى. لايغا مىلەنگەن، يوغان چاقلىق يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كوزۇپىغا قورۇلغان، نېفىت قۇدۇقى مۇنارىغا ئوخشاپ قالىدىغان شاۋقۇنلۇق بۇرغا ماشىنىلىرى، ماھمۇت ئۇستام ۋە ئىككى شاگىرتى بىر چېتىدە ھەپتىلەپ ئىشلىگەن ئېتىزلىقلاردا بىر كۈندە ئەللىك مېتىر كولاپ سۇنى تاپاتتى ۋە يەرنىڭ تېگىدە تېپىلغان سۇنى يۇقىرىغا پومپىلىق تۇرۇبىلار بىلەن تېز سۈرئەتتە ھەم ئەرزان باھادا چىقىرىپ بېرەتتى.

بۇ يېڭى بايقاش ۋە قولايلىقلار 1990 - يىللاردىن تارتىپ ئىستانبۇلنىڭ باغ-ۋارانلىق رايونلىرىدا ۋاقتىلىق بىر سۇ مولچىلىقى ياراتقانىدى، لېكىن يەر يۈزىگە يېقىن يەرئاستى كۆللىرى ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ تېز بايقىلىپ تۈگىشىگە سەۋەب بولغانىدى. 2000- يىلىنىڭ بېشىدا ئىستانبۇلدا، يەر ئاستىدىكى سۇ مەنبەلىرى بەزى رايونلاردا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يەتمىش، سەكسەن مېتىر يەرنىڭ ئاستىدا ئىدى ۋە ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئىككى شاگىرت، بىر ئۇستام ئۇسۇلى بىلەن، ھەر كۈنى بىر مېتىردىن كولاپ، شەھەردىكى باغلاردا سۇ چىقىرالىشى ئەمدى مۇمكىن بولمايتتى. ئىستانبۇل ۋە ئىستانبۇل جايلاشقان تۇپراق تەبىئىيلىكى ۋە ساپلىقىدىن مەھرۇم قالغانىدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

ئۆنگكۆرەندىكى كۇنلىرىمدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، تېخىنكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر ساۋاقدىشىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بىر نېفىت شىركىتى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تېھرانغا باردىم. ئايروپىلان ئايرودرومدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، غەربتىن شەرقى جەنۇپقا بۇرۇلۇش ئۈچۈن بىر يانغا يانتۇ بولۇشىغا، ئۆنگكۆرەن بىلەن ئىستانبۇلنىڭ كېچىيە-كېچىيە بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار ئەمدى بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بىر كوچا، ئۆي، تام، مەسچىت ۋە زاۋۇت دېڭىزىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. ئۆنگكۆرەندە تۇرىدىغان كەلگۈسى بىر ئەۋلات ئۆزلىرىنى ئىستانبۇلدا ياشىدۇق، دېيىشەتتى.

بىر ئادەمنىڭ قايسى شەھەردە ياشىشىنىڭ، ياكى ئۆز-ئۆزىگە قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى دېيىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار بولغىيتتى؟ خۇمەينىنىڭ ئىنقىلابىدىن يىگىرمە بەش يىل كېيىن، ئىران بىكىنمە بىر دۆلەت بولغان ئىدى. بۇ يەردە تۈركلەر ئۈچۈن بەك كاتتا ئىش پۇرسەتلىرىنىڭ بارلىقىنى دېگەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشىم مۇراتنىڭ ئۈمىتۋارلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم، لېكىن توغرا تاپمايتتىم.

ساۋاقدىشىم مۇرات نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى ئىراندىن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالالايدىغانلىقىمىز، تۈركىيەدىن بۇرغىلاش ئەسلىھەلىرىنى ئەكىلىپ ساتالايدىغانلىقىمىز، غەرب بىلەن ئىران ئارىسىدىكى جېدەلنىڭ بىر پۇرسەت ئىكەنلىكى ھەققىدە تىنماي سۆزلەيتتى. بەلكىم دېگەنلىرى توغرىدۇ، لېكىن مەن غەربنىڭ ئېمبارگوسىنى نۇرغۇنلىغان تۈرك شىركەتلىرىدەك تېشىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن پېيىمىزگە CIA نىڭ ۋە باشقا جاسۇسلارنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتاتتىم. خۇددى مەكتەپتىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇششاق-چۈششەك كاززاپلىقلاردىن ۋە قاقتى-سوقتىلىقلاردىن خۇشاللىق تاپىدىغان، مالاتىيالىق ۋە ئەنئەنىۋى بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ساۋاقدىشىم مۇرات بۇ خەتەرلەرگە پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. ئاياللارنىڭ تېھران كوچىلىرىغا ئورنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇشى ئۇنى مەندەك بىئارام قىلمايتتى.

غەرب گېزىتلىرىدە ئىراننى بومباردىمان قىلىشنىڭ پايدىلىرى مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان، ئىستانبۇلنىڭ لائىك ۋە مىللەتچى گېزىتلىرى «تۈركىيە ئىراندەك بولامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى؛ ئۇنىڭ بىلەن سىياسىي ھەققىدە گەپ تالىشىپ

ئولتۇرمىدىم. تېھراندا بىر ئىش قىلالمايدىغانلىقىمىزنى تۇنجى كۈنىلا سەزگەن ئىدىم.

لېكىن ئىرانلىقلارنىڭ تۈركلەرگە نەقەدەر ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقى مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغانىدى. ئىستانبۇلغا قايتىشقا ئالدىرىماي، تېھران كوچىلىرىدا بازاردىن كىتابخانىلارغىچە (نېچچىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى بەك كۆپ ئىدى!) ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ ئايلاندىم. كوچىلاردىكى ئەرلەرنىڭ قول ئىشارەتلىرى، چىراي ئىپادىلىرى، بەدەن تىللىرى، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ بىر-بىرىگە يول بېرىشلىرى، بىكار تۇرۇشلىرى، قەھۋەخانىلاردا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكەچ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشلىرى بىز تۈركلەرنىڭكىگە ئاجايىپ بەك ئوخشايتتى. تېھراندىكى قاتناشمۇ ئىستانبۇلدىكىگە ئوخشاشلا بەربات ئىدى. بىز تۈركلەر يۈزلىشىمىزنى غەربكە بۇراپلا ئىراننى ئۇنتۇپ قالغانىدۇق. ئىنقىلاپ كوچىسىدىكى كىتابخانىغا كىردىم ۋە كىتابلارنىڭ مولللىقىدىن ھەيران قالدىم.

ئۆيلەرگە سولىنىپ قالغان، غەزىپى تاشقان زامانىۋى-لائىك سىنىپنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بايقىدىم. مالاتيالىق مۇرات مېنى ھاراق-شاراپ ئىچىلىدىغان، ئەر-ئاياللار ئارىلاش سورۇنلارغا ئاپاردى. بۇ ئۆيلەردە ئاياللارنىڭ بېشى ئوچۇق ئىدى. ھاراقلار ئۆيدە ياسالغانىدى. ئېنىقكى تېھراندا لائىكلىك تۈركىيەدىكىنىڭ ئەكسىچە، ئارمىيەنىڭ قوللىشى بىلەن بولسىمۇ مەۋجۇت بولغان ۋە جىددىي قوغدىلىشى كېرەك بولغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى پەقەتلا يوق بىر نەرسە ئىدى ۋە بۇ ئۇنى تېخىمۇ بەك زورۇر بىر نەرسە قىلىپ قويۇۋاتاتتى.

ئەتىسى كەچتە يەنە بالىلار بىلەن تولغان باشقا بىر ئۆيدە ئائىلىلەر، ئاياللار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ شاۋقۇنلۇق پاراڭلىرى، قاقاھلاپ كۈلۈشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدىم. مېنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىمنى بىلىپ سىپايىلىك بىلەن تاتلىق گەپ قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئىستانبۇلنى ياخشى كۆرىشىدىكەن، ئۇ يەرگە ساياھەتكە، سودا-سېتىق قىلىشقا بېرىپ تۇرىشىدىكەن: بەزىلىرى تۈركچە سۆزلىشىمنى ئىستىشەتتى، گەپ قىلىپ بەرسەم، بۇ بەك كۈلكىلىك بىر ئىشتەك كۈلۈپ كېتىشەتتى. بىر ئائىلە بىزنى ھازار دېڭىزى بويىدىكى يازلىق ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. مەندىن كۆپرەك ئىچىۋالغان مۇرات دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەرىزىدىن كۆكۈش ۋە قاراڭغۇ تېھران كېچىسىنىڭ چىراقلىرىغا قاراپ، كونا ساۋاقدىشىمنىڭ ئىران-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن بەكرەك بىر خىل كەسكىنلىكىنى، بەلكىم بىر مەخپىي ۋەزىپىسىنىڭمۇ بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدىم. كونا ساۋاقدىشىم تۈركىيەنى ناتودىن ۋە غەربتىن

ئايرىپ تاشلاش ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىۋاتقان بولغىيمىدى ياكى بولمىسا ئىرانىنى قاپسىلىپ قالغان تەنھالىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقماقچىمۇ، بىلەلمەيۋاتاتتىم. بەلكىم بىردىنبىر مەقسىدى، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىمبارگو ئاستىدا قالغان بىر دۆلەتتىن پۇل ئۈندۈرىۋېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

مەن ئىچكەن مېۋە تەملىك ھاراق بېشىمنى سەل قايدۇرۇۋاتاتتى، ئايشەنى، ئىستانبۇلنى سېغىنىۋاتاتتىم، تۇرۇپلا ماھمۇت ئۇستام بىلەن كېچىدە ئۆڭكۈرەڭگە بارغانلىرىمىز ئېسىمگە كەلدى. غەلىتە بىر خىل «دادا» سېغىنىشى ۋە غەزىپى روھىمنى چىرمىۋېلىپ، ئەقلىم ئېلىشىپ كەتتى.

بۇ تۇيغۇغا ئۇدۇلمۇدىكى تامدا تۇرغان بىر رەسىمنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ قالغانىدىم؛ بۇنىسى جەزمەن ئىدى. رەسىم تونۇش ئىدى لېكىن دەسلەپ نەدە، قاچان كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالمىغانىدا ئوخشاش رەسىمنىڭ نېمە تېمىدىكى رەسىم ئىكەنلىكىنىمۇ تاپالمايۋاتاتتىم: يەنە بىر تەرەپتىن، بەلكىم بۇ تېمىنى بىلەتتىم-يۇ ئەسلىگۈم كەلمەيۋاتاتتى. رەسىمدە بىر دادا ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاۋاتاتتى. كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۆڭكۈرەڭدە سىرىق رەڭلىك تىياتىر چېدىرىدا بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى كۆرگەنىدىم. رەسىم، مېنىڭچە كونا بىر كىتابتىن ئېلىنىپ ئالدىمدىكى تام كالپۇدارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىلغانىدى. دادا ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈۋاتاتتى، ئوغلى ئۆلۈپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتىدۇ، دىگۈسى كېلەتتى ئادەمنىڭ، لېكىن، ئۈستى-باشلىرىدا قانمۇ بار ئىدى...

كالپۇدارغا ئۇزۇنغىچە قاراپ كەتكىنىمنى كۆرگەن ياشانغان، تەجرىبىلىك ساھىبخان يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭدىن بۇ رەسىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. «شاھنامە» دە رۇستەمنىڭ سۇھرابنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئوغلى ئۈچۈن يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. چىرايىدا «بۇنى قانداقسىگە بىلمەيسىز؟» دىگەندەك بىر مەغرۇر نەزەر بار ئىدى. ئىرانلىقلارنى، غەربلىشىش تۈپەيلى ئۆتمۈشتىكى شائىرلىرىنى ۋە ئەپسانىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بىز تۈركلەردەك ئەمەسكەن، دەپ ئويلىدىم. بولۇپمۇ شائىرلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

_ قىزىقسىڭىز ئەتە سىزنى «گۈلىستان» سارىيىغا ئېلىپ بارسۇن،_ دىدى ساھىبخان تىخىمۇ پەخىرلەنگەن ھالدا،_ بۇ رەسىممۇ ئۇ يەردىن ئېلىنغان. تېخىمۇ جىق رەسىملىك قولیازمىلار ۋە كونا كىتابلار بار ئۇ يەردە.

ساھىبخان ئەمەس، مۇرات تېھراندىكى بۇ ئاخىرقى چۈشتىن كېيىنىمدە مېنى «گۈلىستان» سارىيىغا ئېلىپ باردى. دەل-دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە يوغان بىر باغ ۋە

نۇرغۇنلىغان كىچىك سارايلارنى كۆردۈم. دادامنىڭ «ھايات» دورىخانىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىھلامۇر قەسرىنى ئەسلىتىدىغان «نىگارخانا» غا كىردۇق. قەدىمقى ئىران رەسىملىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان بۇ گۈزگىگا بىنادا بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. چىرايى تۈتۇق قاراۋۇللار بىزگە «نېمىگىمۇ كەلگەنسىلەر؟» دېگەندەك شۈبھە بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلگەن ئوغلىنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقان ياكى يارىلانغان ئوغلىنى ساقايتىشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئادەمنىڭ رەسىملىرىنى كۆردۇق. دادا_ ئىران مىللىي داستانى «شاھنامە»دىكى باش قەھرىمان رۇستەم ئىدى. مەن كىتابخۇمار ئىدىم، لېكىن ھەر بىر زامانىۋى تۈرك كەبى «شاھنامە»نى، رۇستەم ۋە سۇھرابىنى بىلمەيتتىم، لېكىن رەسىم ماڭا مەن قاراپ تۇرغان نەرسىنىڭ روھىمنىڭ تېرەنلىكىدىكى دادىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىدەك بىر تۇيغۇ بەرگەن ئىدى.

مۇزېينىڭ دۇككىنىدا ئاتكىرتكا، كىتاب يوق ئىدى: نە بۇ رەسىمنىڭ، نە رۇستەم بىلەن سۇھرابنىڭ باشقا بىر رەسىمنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپالمىدىم. بۇ مېنى بىئارام قىلدى. خۇددى مەن ھەم قورقىدىغان، ھەم بىلگۈم كېلىدىغان بىر سىر تۇيۇقسىزلا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك، بەك بەختسىز بولۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم. خۇددى ئۇنتۇپ كەتكۈمىز بار بىر شەيتانىي كۆرۈنۈشنىڭ كۆز ئالدىمىزغا ئىختىيارسىز كېلىۋېلىشىغا ئوخشايتتى بۇ رەسىم. خۇددى مەن قۇدۇقنىڭ ئاستىدا تاشلاپ قويغان ماھمۇت ئۇستامغا ئوخشاش، بۇ كونا ھېكايىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكۈم بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايۋاتاتتىم.

_ نېمە بار بۇ رەسىمدە ئاغىنە، دېگىنە بىزمۇ بىلىپ قالايلى،_ دېدى مۇرات.

ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىزاھات بەرمىدىم، لېكىن ساۋاقدىشىم بىز كەچلىك تاماققا بارغان ئۆينىڭ تېمىدىكى رەسىمنى ئېلىپ ماڭا، ئىستانبۇلغا ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

قايتىش يولۇمدا ئايروپىلان ئىستانبۇلغا قاراپ راۋرۇس تۆۋەنلىگەندە، دەرىزىدىن پەسكە قاراپ ئۆنگۆرەننى كۆرگۈم كەلدى، لېكىن كۆرەلمىدىم. بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن يوغان بىر ئىستانبۇل كۆرۈنۈپ تۇراتتى پەقەت. يىگىرمە يىلدىن كېيىن، ئىچىمدە ماھمۇت ئۇستامنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن يەرگە، ئۆنگۆرەنگە بېرىش ئۈچۈن توسۇۋالغۇسىز كۈچلۈك بىر ئىستەك يېلىنجىدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

ئۆڭگۈرەڭگە يەنە بىر بىرىش ئارزۇيۇم بىلەن تېركەشتىم. ئىستانبۇلدا ھەپتە ئاخىرلىرى ئايالىم بىلەن تېلېۋىزورنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆلتۈرۈپ، بەيئوغلىغا چىقىپ كىنو كۆرۈپ، تېرەن دەرتلىرىمنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇنىدۇم. ئەجبا «دەرت» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكىنىم توغرىمۇ بۇ يەردە؟ چۈنكى بالىلىق بولالمىغاندىن باشقا بىر دەردىم يوق ئىدى. بالىلىق بولالماسلىقنىڭ سەۋەبىنىڭ مەندە ئەمەس، ئايشەدە ئىكەنلىكىنى دېگەن دوختۇرلار كۆنلەپ، ئايالىپ ساقلىتىپ بىرەر نەتىجە چىقىرالمىغاچقا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەلىگەن بولساققۇ ھېچ ئىشمۇ يۈز بەرمەيتتى، دەپ ئويلايتتىم.

ئىستانبۇل كىتابچىلىرىدا فىردەۋسى مىڭ يىل بۇرۇن قەلەمگە ئالغان «شاھنامە»نىڭ ھەرقانداق بىر تەرجىمە نۇسخىسىنى تېپىش ئاسان ئەمەس ئىدى. بىر زامانلاردا ئوسمانلى زىيالىلىرى ئىراننىڭ مىللىي داستانىنىڭ بىر قىسمىنى، پەقەت بولمىغاندا بەزى ھېكايىلىرىنى بىلەتتى. تۈركىيەنىڭ ئىككى يۈز يىللىق غەربلىشىش جاپالىرىدىن كېيىنكى بۈگۈندە بولسا بۇ ھېكايىلەر دېڭىزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. داستاننىڭ تۈركچىگە 1940- يىللاردا تەرجىمە قىلىنغان ۋەزىنسىز-قاپىيەسىز بىر نۇسخىسى تۆت جىلىت قىلىنىپ، 1950- يىللاردا مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇرۇلغان ئىدى. «شاھنامە»نى ئاق مۇقاۋىلىرى سارغايغان دۇنيا كلاسسىكلىرى يۈرۈشلۈك كىتابلىرى ئارىسىدىن تېپىپ يۈتۈۋالدىغاندەك ئىشتىھا بىلەن ئوقۇدۇم.

ھېكايىنىڭ يېرىم ئەپسانە يېرىم تارىخ ئىكەنلىكىنى، دەسلەپتە قورقۇنچلۇق بىر چۆچەكتەك باشلىنىپ، ئاخىرى كېلىپ دۆلەت، ئائىلە ۋە ئەخلاق ھەققىدە بىر خىل تەربىيەۋى دەرس شەكلىگە كىرىشىنى ياقتۇردۇم. تەرجىمىسى 1500 بەت چىققان بۇ بۈيۈك مىللىي تارىخ ئۈچۈن فىردەۋسىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئاتىغانلىقىمۇ ماڭا تەسىر قىلىۋاتاتتى. ياخشى تەربىيە كۆرگەن، كىتابخۇمار شائىرىمىز باشقىلارنىڭ تارىخنى، داستانلىرىنى، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ، باشقا تىللاردا، ئەرەبچە، ئاۋېستا تىلىدا، پەھلەۋىچە كىتابلاردا ھېكايىلەرنى تەتقىق قىلىپ، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى بىلەن ئەپسانىلەرنى، دىنىي قىسسەلەر بىلەن تارىخنى ۋە خاتىرەلەرنى يىغىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك داستانىنى يېزىپ چىققانىدى.

«شاھنامە» _ ئۆتمۈشتىكى بارلىق شاھلار بىلەن پادىشاھلارنىڭ، قەھرىمانلار بىلەن

ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ھېكايىلەرنىڭ ئۆزگىچە بىر ئېنسىكلوپېدىيەسى ئىدى. بەزىدە ئۆزۈمنى ئوقۇغان ھېكايىلەرنىڭ ھەم قەھرىمانى ھەم يازغۇچىسىدەك ھېس قىلىپ كېتەتتىم. فىردەۋسىينىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ داستانىدىكى دادا ۋە يوقاپ كەتكەن ئوغۇل تېمىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە سەمىمىي قىلغان ئىدى. ئوقۇغان ھېكايىلەرنى يېرىم كېچىلەردە ماھىيەت ئۇستامغا سۆزلەپ بېرىشنى خىيال قىلغاچ، قىزىل چاچلىق ئايالنى ئەسلەيتتىم. يازغۇچى بولالىغان بولسام، بەزىدە ئادەمىيلىكى بىلەن مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئويلاندۇرىدىغان، بەزىدە چۆچۈتۈپ ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بۇ پۈتمەس-تۈگىمەس ئېنسىكلوپېدىيەلىك كىتابقا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى يېزىپ چىققان بولاتتىم. مېنىڭ يازماقچى بولغان «تۈركىيەنىڭ گېئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابىمىمۇ دەل مۇشۇنداق داستانىسىمان، ئېنسىكلوپېدىيەلىك بىر كىتاب بولاتتى. مەنمۇ كىتابىمدا يەر ئاستى دېڭىزلىرىنى، چوڭ تاغ تىزمىلىرىنى ۋە يەر ئاستىدىكى قاتمۇ-قات، تومۇرداش قاتلاملارنى ھېكايىلەر بىلەن بايان قىلاتتىم.

«شاھنامە»نى ئوقۇۋېتىپ تۇنجى يارىلىش ئەپسانىلىرىدىن، دېۋەلەردىن، مەخلۇقلاردىن، جىنلاردىن ۋە شەيتانلاردىن كېيىن ھېكايىلەر ئۆلۈپ كېتىدىغان شاھلار ۋە جەسۇر سوقۇشچىلارغا ۋە بىزگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ دادا، ئائىلە، ھايات_ ۋە دۆلەت_ غەملىرىگە كېلىۋېدى، ئۆزۈمنى ئۆيدە، تونۇش نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. ھېكايە ئىلگىرلىگەنسېرى دادامنى ئەسلىدىم ۋە ماھىيەت ئۇستامنى ھەر ھالدا ئۆلتۈرۈپ قويغان بولۇشىم مۇمكىنلىكىنى ئىختىيارسىز ئويلاشقا باشلىدىم. بۇ، سۇھرابنىڭ ھېكايىسىدە بولغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغان ئەفراسىياپنىڭ ھېكايىسىدىمۇ تېخىمۇ ئېنىق بىر تۇيغۇ بولۇپ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، بىئارام بولۇپ، كىتابنى ئوقۇماسلىقنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن ئىچىمدە بۇ پۈتمەس-تۈگىمەس ھېكايىلەر دېڭىزىنى ئوقۇيا-ئوقۇيا ھاياتىمنىڭ تېپىشمىقنى يېشىدىغانلىقىمغا ۋە ھۇزۇر قىرغاقلىرىغا چىقىدىغانلىقىمغا ئالاقىدار بىر ئىشەنچ بار ئىدى.

ئايالىم ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۆيدە بۇ ھېكايىنى شۇنچىلىك جىق ئوقۇدۇمكى، ئۇنى خۇددى باللىقىمدا ئاڭلىغان بىر چۆچەكتەك، قورقۇنچلۇق بىر چۈشتەك، بېشىمغا كەلگەن ئۇنتۇلغۇسىز بىر ۋەقەدەك دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم:

ئۇ كونا زامانلاردا رۇستەم ئىراندا تەڭداشسىز بىر قەھرىمان، ھارماس بىر سوقۇشچى ئىكەنتۇق. ئۇنى ھەممە ئادەم تونۇيدىكەن ۋە ياخشى كۆرەتتىكەن. بىر كۈنى رۇستەم ئوۋغا چىقىپ ئاۋۋال يولنى ۋە ئاندىن ئۇخلاپ قالغاندا ئېتىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. راكش ئىسىملىك ئېتىنى تاپىمەن دەپ، دۈشمەن تۇپرىقى بولغان تۇرانغا كىرىپ قاپتۇ. لېكىن نامى

ئۆزىدىن بۇرۇن يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تونۇپ ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشىپتۇ. تۇران شاھى تەرەپىباللا كېلىپ قالغان بۇ مېھماننى ئالاھىدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپتۇ؛ زىياپەت بېرىلىپتۇ، شاراپلار ئىچىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تاماقتىن كېيىن ياتىقىدا ئولتۇرسا ئىشىكى چېكىلىپتۇ. تۇران شاھىنىڭ قىزى تەھمىنە ئىچكىرە كىرىپ كەپتۇ ۋە زىياپەتتە كۆرگەن قاملاشقان رۇستەمگە ئىشقىنى بايان ئەيلەپتۇ. نامى مەشھۇر قەھرىمان، ئەقىللىق رۇستەمدىن بىر پەرزەنت كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھنىڭ قىزى قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، سەرۋى بويلۇق، ئويماق ئېغىزلىق ئىكەن.(گۈزەل چاچلىرى كۆز ئالدىمدا قىزىل رەڭدە گەۋدىلەندى) رۇستەم ھوجىرىسىغىچە كەلگەن بۇ ئەقىللىق، ئوڭلۇق، شىرىن سۆزلۈك گۈزەلگە ياق دېيەلمەپتۇ؛ بىرگە بولۇشۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە رۇستەم تۇغۇلىدىغان بالىسى ئۈچۈن بەلگە سۈپىتىدە بىر بىلەكلىك قالدۇرۇپ دۆلىتىگە قايتىپتۇ.

ئانىسى تەھمىنە دادىسىز تۇغۇلغان بالىغا سۇھراب دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يىللار ئۆتۈپ دادىسىنىڭ مەشھۇر رۇستەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن سۇھراب شۇنداق دەپتۇ: «ئىرانغا بېرىپ، زالىم ئىران شاھى كەيكاۋۇسنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا دادامنى ئولتۇرغۇزىمەن. ئاندىن بۇ يەرگە، تۇرانغا قايتىمەن ۋە كەيكاۋۇستەك زالىم تۇران شاھى ئەفراسىيابنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئورنىغا ئۆزۈم ئولتۇرىمەن. شۇ چاغدا دادام رۇستەم ۋە مەن، ئىران بىلەن تۇراننى، مەشرىق بىلەن مەغرىبنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈن جاھاننى ئادالەت بىلەن سورايمىز.»

ياخشى نىيەتلىك، ئاقكۆڭۈل سۇھراب شۇنداق دەپتۇ. لېكىن دۈشمەنلىرىنىڭ نە قەدەر ھىيلىگەر ۋە رەزىل ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەپتۇ. تۇران شاھى ئىران بىلەن سوقۇشىدۇ، دەپ ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قوللاپتۇ. لېكىن سۇھراب دادىسى رۇستەمنى تونۇپ قالمىسۇن، دەپ قوشۇنغا پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. دادا بىلەن ئوغۇل بىر-بىرىنى تونۇماي يىراقتىن ئۆز قوشۇننى كۈزىتىپ تۇرۇپتۇ. خىلمۇ-خىل ھىيلە -مىكىر ۋە ئويۇن-تۇزاق ۋە تەقدىرنىڭ جىلۋىلىرىدىن كېيىن ئەپسانىۋى سوقۇشچى رۇستەم بىلەن ئوغلى سۇھراب ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇچرىشىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار دۇبۇلغا-ساۋۇتلار ئىچىدە بولغاچقا، دادا-ئوغۇل، خۇددى ئودىپۇس ۋە دادىسىغا ئوخشاش بىر-بىرىنى تونۇيالماي قېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇستەم رەقىبىنى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قېلىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالمىسۇن، دەپ ئېلىشىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرىدىكەن. كۆزگە دادىسىنى ئىران تەختىگە ئولتۇرۇغۇزۇشتىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيدىغان ساددا سۇھرابمۇ كىم بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن. شۇنداق

قىلىپ بۇ ئىككى تاغ يۈرەك بۈيۈك دادا-بالا سوقۇشچى، قوشۇنلىرى كەينى تەرەپتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندا، ئالدىغا چىقىپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىپتۇ.

فىردەۋسىي دادا-بالىنىڭ ئىرماش-چىرماش بولۇپ، قۇچاقلىشىپ، پومداقلىشىپ ئېلىشىشلىرىنى، جىدەلنىڭ نەچچە كۈنلەپ داۋام قىلغىنىنى ۋە ئاخىرىدا دادىنىڭ بالىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى مەسنەۋىسىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن بايان قىلغاندى. ھېكايىنىڭ شىددەتلىكلىكى ياكى ئەگرى-توقايلىقىدىن بەكرەك، بۇ ئوقۇغان نەرسەمنىڭ بۇرۇن مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەنلىكىدەك بىر تۇيغۇ مېنى ھارغۇزىۋېتەتتى. لېكىن مەنمۇ دەل مۇشۇ تۇيغۇنى ئىزدەۋاتاتتىم. بۇ كونا كىتابنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ ھېكايىگە باشچىلاپ كىرىپ كېتەتتىم ۋە ئۆنگۆرەندىكى چېدىر تىياتىرخانىسىنى ئەسلەيتتىم. ھازىر سۇھراب بىلەن رۇستەمنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسىنى ئوقۇۋېتىپ گويا ئەسلىملىرىمنى يېڭىباشتىن باشتىن كەچۈرىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتىم.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

سۇھراب بىلەن رۇستەمنىڭ ھېكايىسىنى ھەم ئۇ قەدەر تونۇش، ھەم ئودىپۇسقا يېقىن قىلغان نەرسىلەرنى تېمىغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىسام شۇ ھامانلا تىزىپ بېرەلەيتتىم. ئودىپۇسنىڭ ھېكايىسى بىلەن سۇھرابنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئارىسىدا ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىق بار ئىدى. لېكىن ھەممىدىن ئاۋۋال بىر پەرقمۇ بار ئىدى: ئودىپۇس دادىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، سۇھراب بولسا دادىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىرىسىدە ئوغۇل دادا قاتىلى، يەنە بىرىدە دادا بالا قاتىلى ئىدى.

لېكىن بۇ چوڭ پەرق ئوخشاشلىقلارنىمۇ كۆچلۈك ھالدا گەۋدىلەندۈرەتتى. خۇددى ئودىپۇسنىڭ ھېكايىسىدە بولغىنىغا ئوخشاش سۇھرابنىڭمۇ دادىسىنى تونۇمايدىغانلىقى، ئۇنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە يېنىش-يېنىش سىڭدۈرۈلىدۇ. ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، دەپ ئويلايتتى ئوقۇرمەن، سۇھراب گۇناھسىزدۇر. لېكىن بۇ ئۆلۈم پەيتى بىر خىل كەلمەيتتى.

خۇددى ئودىپۇسنىڭ قاتىلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشىدىن بالدۇراق بىر نەتىجە چىقماي تۇرۇۋالغانغا ئوخشاش، دادا-بالىنىڭ جەدىلىمۇ بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى: بىرىنچى كۈنى، رۇستەم بىلەن ئوغلى سۇھراب ئاۋۋال قىسقا نەيزىلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، نەيزىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ساۋۇتلارغا تېگىپ سۇنۇپ كەتكەندە، ھەر ئىككىسى قولىغان ھىندى قىلىچى ئېلىپ ئېلىشىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دادا-بالىنىڭ قىلىچلىرىدىن ئەتراپقا چاچرىغان ئۇچقۇنلارنى ھەر ئىككى قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئاندىن قوللىرىدىكى قىلىچلارمۇ سۇنۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈرزىلىرىنى چىقىرىشىدۇ. بىر-بىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن گۈرزە ۋە قالقانلار ئىگىلىپ ماكچىيىپ كېتىدۇ، ئاتلار ھېرىپ ئاستىلاپ قالىدۇ. ئۆزگۈرەندىكى چېدىر تىياترىدا بۇ ئېلىشىشنىڭ پەقەت نەتىجىسىلا ئويىنالغانىدى.

تۇنجى كۈنى سۇھراب گۈرزە بىلەن دادىسىنىڭ بويىنىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ئۇنى يارىلاندۇرىدۇ، ئىككىنچى كۈنى جەدەل تېخىمۇ تېز ئاخىرلىشىدۇ. ياش سۇھراب دادىسىنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ، بىر كۈچەپلا ئۇنى يەرگە بېسىۋالغان چاغدا شۇركۈنۈپ كەتتىم. سۇھراب سۇ رەڭگىدىكى خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ دادىسىنىڭ كاللىسىنى كېسەي

دەپ تۇرىشىغا، رۇستەم جان ھەلقۇمىدا بىر نېمىلەرنى دەپ ياش سۇھرابنى ئالدايدۇ.

_ تۇنجى قېتىمدىلا ئۆلتۈرمە، مېنى يەنە بىر قېتىم يەرگە باس،_ دەيدۇ دادىسى رۇستەم ئوغلى سۇھرابقا،_ شۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرۈش ھەققىڭ بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدۇر. رىئايە قىلساڭ، سېنى ھەققىي بىر مەرت دەپ قارىشىدۇ!

سۇھرابمۇ ئىچىدىن كەلگەن بىر ئاۋازغا بويسۇنۇپ، ئاستىدىكى قېرى چەۋەندازنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىدۇ. شۇ ئاخشىمى دوستلىرى سۇھرابقا خاتا قىلغانلىقىنى، ھەرقانداق دۈشمەنگە يەڭتلتەكلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ياش ۋە كۈچلۈك چەۋەنداز بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمايدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى، ئېلىشىش ئەمدى باشلىنىشىغىلا، رۇستەم بىر كۈچەپلا ئوغلىنى يەرگە ياتقۇزىدۇ. مەن بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەمدى نېمە بولار دېيىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا، رۇستەم قىلىچىنى تېز سۇرئەتتە سۇھرابنىڭ تېنىگە تۇغرىلاپ، ئۇنىڭ كۆكسىنى يارىدۇ ۋە ئوغلىنى ئۆلتۈرىدۇ. خۇددى كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۆتكۈزەندە چېدىر تىياتىرىدا ھېس قىلغىنىمغا ئوخشاش ھاڭ-تاڭ قالدىم.

ئودىپۇسمۇ دادىسىنى تونۇمايلا، بىر ئاچالدا ۋە مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن بىر تېزلىك، بىردەملىك ئەخمىقانە غەزەپ بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى. شۇ پەيتلەردە ئودىپۇس بىلەن سۇھرابنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەستەك قىلاتتى. گويا خۇدا، دادىلار ئوغۇللىرىنىڭ، ئوغۇللار دادىلىرىنىڭ جانلىرىنى خاتىرجەم ئالسۇن ۋە شۇنىڭ بىلەن «ئۇ»نىڭ ئۇلۇغ نىزاملىرى داۋاملاشسۇن، دەپ دادا ۋە ئوغۇللارنىڭ ئەقلىنى كاللىسىدىن ۋاقتىنچە ئېلىۋېتىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئەقلى كاللىسىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ئودىپۇس بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن رۇستەمنى گۇناھسىز دېيەلەرمىيدۇق؟ قەدىمقى يۇنان تاماشىبىنلىرى سوفوكلېسنىڭ «ئودىپۇس»نى كۆرۈۋاتقان چاغدا خۇددى كۆپ يىللار ئىلگىرى ماھمۇت ئۇستام ماڭا دېگەنگە ئوخشاش، ئودىپۇسنىڭ گۇناھىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدە ئەمەس، خۇدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە يازغان تەقدىردىن قاچماقچى بولغانلىقىدا، دەپ ئويلىشاتتى. ئوخشاش شەكىلدە رۇستەمنىڭ گۇناھىمۇ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدە ئەمەس، بىر كىچىكلىك ھاۋايى –ھەۋەس بىلەن بىر بالا تاپقانلىقىدا ۋە دادىلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغانلىقىدا ئىدى.

ئودىپۇس گۇناھ تۇيغۇسى ئىچىدە كۆزلىرىنى كور قىلىپ ئۆزىنى جازالىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قەدىمقى يۇنان تاماشىبىنلىرى، ئۇنىڭ خۇدا يازغان تەقدىرگە قارشى قويۇقانلىقى ئۈچۈن جازالانغانلىقىنى ئويلاپ ئارام تېپىشاتتى. ئوخشاش مەنتىقىنىڭ

سىممېترىكلىكى بىلەن ئويلىغاندا، ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن رۇستەمنىڭمۇ جازاغا تارتىلىشى كېرەكلىكى ئەقلىمگە كېلەتتى. لېكىن شەرقتىن كەلگەن بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا دادا جازاغا ئۇچرىمايتتى، پەقەت بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭلا كۆڭلىمىز يېرىم بولاتتى. شەرقلىق دادىنى ھېچكىم جازاغا تارتالماسمىدى؟

بەزىدە يېرىم كېچىلەردە ئايالىمنىڭ يېنىدا ئويغىنىپ كېتىپ بۇلارنى ئويلايتتىم. يېرىم ئوچۇق قالغان پەردىنىڭ ئارىسىدىن كىرگەن نېئونلۇق كوچا چىراقلىرىنىڭ نۇرى ئايىشەنىڭ گۈزەل پېشانىسىگە، مەنىلىك لەۋلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى، بالىمىز بولمىسىمۇ، ئايالىم بىلەن ئېككىمىزنىڭ شۇ قەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلاتتىم. كارىۋاتتىن تۇرۇپ، ئالدى دەرىزىدىن سىرتقا قارىغاچ بۇ ئىشلارنى يەنە نېمىشقا كوچىلاپ چىقارغانلىقىمنى سورايتتىم ئۆزۈمدىن. سىرتتا، ئىستانبۇلنىڭ ئۈستىدە قار- يامغۇرلۇق بىر كېچە بار ئىدى، بىز تۇرۇۋاتقان كونا بىنانىڭ نوركەشلىرى ھەسرەتلىك شاۋقۇن چىقىراتتى، قاراڭغۇ كوچىدىن لاپىلداپ تۇرغان كۆكۈش چىرىقى بىر يېنىپ، بىر ئۆچىدىغان بىر ساقچى ماشىنىسى ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. بۇ، تۈركىيەدە ياۋرۇپا بىرلىكى تەرەپدارلىرى بىلەن مىللەتچى، ئىسلامچىلار توقۇنۇشقان يىللار ئىدى. ھەرقايسى تەرەپلەر تۈرك بايرىقىنى بىر-بىرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۇرۇش ماشىنىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشەتتى، ئىستانبۇلنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە، ھەربىي گازارمىلاردا، شەھەرنىڭ ئېگىزرەك جايلىرىدا غايەت زور تۈرك بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى.

بەزى كېچىلەردە شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر ئايروپىلاننىڭ گۈرۈلدىشىمۇ ماڭا ماھمۇت ئۇستامنى ئەسلىتەتتى. پۈتۈن شەھەر ئۇيقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا ئۈستۈمدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئايروپىلان ماڭا ئالاھىدە بىر بىشارەت يوللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئەتىگەندە ئەگەر مەن ئۇ ئايروپىلاندا بولغان بولسام، كۆزلىرىم ماھمۇت ئۇستامنىڭ قۇدۇقنى ئىزدىگەن بولاتتى، لېكىن ئۇنى تاپالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىستانبۇل كېڭىيە-كېڭىيە ئۆڭگۈرەننى يۇتۇپ كەتكەنىدى، ماھمۇت ئۇستام بىلەن قۇدۇقى شەھەر ئورمىنىنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. مەن گۇناھكارمۇ ياكى ئەمەسمۇ بىلىش ئۈچۈن، بىئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆڭگۈرەنگە بېرىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم يەنە. لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا «شاھنامە» ۋە «پادىشاھ ئودىپۇس» نى يەنە ئوقۇش، باشقا ھېكايىلەر بىلەن رۇستەم ۋە سۇھرابنىڭ ھېكايىسىنى سېلىشتۇرۇش ماڭا يېتەرلىك ئىدى، ئۆزۈمنى بېسىۋالاتتىم.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

ئادەتتىكىدەك داۋام قىلىپ كېتىۋاتقان ھاياتتا ئۇچرىتىپ قالغان دادا ۋە ئوغۇللارنى ئودىپۇس بىلەن رۇستەمگە سېلىشتۇرۇش ئادىتىمنى شۇ يىللاردا شەكىللەندۇرگەنىدىم. ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە خىيالغا پاتقان ھالدا قايتىۋېتىپ، شاگىرتىغا ۋارقىراپ-جارقىراپ ئازار بېرىۋاتقان ئاشپەز ئۇستامنىڭ رۇستەم بولالمايدىغانلىقىنى، لېكىن يېشىل كۆزلۈك ئاچچىقى يامان شاگىرتنىڭ كاللىسىدىن شۇ ھامان ئۇزۇن دۆنەر پىچىقىنى ئېلىپ ئۇستىسىنى ئۆلتۈرۈش خىيالىنىڭ كەچكەنلىكىنى سېزەتتىم. ئايشەنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنىڭ ئۆيىگە ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بارغىنىمىزدا، مۇز تەلەت ۋە قوپال دادىنىڭ ئەسلىدە ئەقىلسىز بىر رۇستەم بولۇشقا نامزات بولالايدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىدىم.

بىر مەزگىل سەتچىلىكلەر ۋە جىنايەت خەۋەرلىرىنى باش بەتكە چىقىرىدىغان گېزىتلەرنى ئودىپۇس ۋە رۇستەمنىڭكىگە ئوخشايدىغان ھېكايىلەرنى بەك تولا ئۇچراتقانلىقىم ئۈچۈن ئوقۇغان ئىدىم. ئىستانبۇلدا ئىككى خىل ھېكايە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ، ئەرزان گېزىتلەرگە بەك كۆپ بېسىلاتتى. بىرىنچىسى، ئوغلى ھەربىيلىكتىكى، قاماقتىكى ياكى يىراقلاردىكى چاغلاردا دادىنىڭ ياش ۋە گۈزەل كېلىن بىلەن يېتىشى، ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئوغۇلنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرىشى ئىدى. كۆپ يۈز بەرگەن ۋە تۈرى سان-ساناقسىز بولغان ئىككىنچى جىنايەت بولسا، جىنسىي ئېچىرقاش ئىچىدە تۇرغان ئوغۇلنىڭ، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولمىغان چاغلاردا زورلاپ ئانىسى بىلەن يېتىشى ئىدى. بۇنداق ئوغۇللارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى توسۇۋالماقچى بولغان ياكى جازالىماقچى بولغان دادىلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتەتتى. جەمىيەت ھەممىدىن بەك مۇشۇنداق ئوغۇللارغا لەنەت ياغدۇراتتى: لېكىن جەمىيەت ئۇلاردىن دادىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، زورلاپ ئانىسى بىلەن ياتقانلىقى ئۈچۈن نەپرەتلىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايتتى. دادا قاتىلى بۇ ئوغۇللارنىڭ بەزىلىرى بىرەر رەسۋانى يوقىتىپ نام چىقارغۇسى بار قاماقخانا ئاغىلىرى، غوجائاكىلار ياكى ئورۇنباسار ياللانما قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلەتتى. بۇ جىنايەتكە دۆلەت، تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرى، گېزىتلەر، ھەتتا جەمىيەتمۇ قارشى چىقمايتتى.

ماھمۇت ئۇستام بىلەن قۇدۇق قازغىنىمىزدىن يىگىرمە يىل كېيىن ئايالىم ئايشە بىلەن ئودىپۇس ۋە سۇھرابنىڭ ھېكايىسىدىن تەڭ بەھرىمان بولۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭغا

ماھمۇت ئۇستامنىڭ گېپىنى پەقەتلا قىلمىغان ئىدىم، لېكىن ئايشە سوفوكلېسنىڭ ئويۇنى بىلەن، فىردەۋسي ئاتلاتقان ئەپسانىگە بولغان قىزىقىشىمنى تېخى تۈگۈلمىغان ئوغلىمىزغا ئالاقىدار بىر تەسەۋۋۇر، بىر چاچچاق سۈپىتىدە ياخشى كۆرەتتى، ھاياجىنىمغا جۆر بولاتتى. بەزىدە كىشىلەرنى رۇستەمنىڭ خىلى ياكى ئودىپۇسنىڭ خىلى دەپ ئۆزىمىزچە ئايرىيتتۇق. شۇنچىۋالا ياخشى نىيەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشىغا قارىماي، ئوغلىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان دادىلارنى رۇستەم، دېيىشەتتۇق، لېكىن رۇستەم ئوغلىنى تاشلاپ كەتكەنىدى. دادىسىغا ئاچچىقى بار، ئىسيانكار ئوغۇللار بەلكىم ئودىپۇس ئىدى، لېكىن ئۇنداق بولسا تاشلاپ كېتىلگەن سوھراب كىم ئىدى؟ بەزىدە بولغۇسى ئوغلىمىز ئودىپۇستەك ياكى سوھرابتەك بولۇپ قالامسۇن، دەپ نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق. دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ باللىرىنى كۆرۈپ ئۇلار ھەققىدە ئۆز-ئارا تالاش ــ تارتىش قىلىشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. قاتتىق قول دادا بىلەن ئىسيانكار بالا، مىسكىن بالا بىلەن بىغەم دادا قاتارلىق ئادەتتىكىچە چۈشەنچىلەر ئىدى بۇلار. بۇ خىل ئوخشىتىشلار پەرزەنتسىزلىك ئازابىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋېتەتتى ۋە ئەر-ئايال ئىككىمىزنى تېخىمۇ بەك يېقىنلاشتۇرىۋېتەتتى.

ئىشلەۋاتقان شىركىتىمنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان پارتىيە بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، تەرەققىيات پىلانلىرى، يەنى قەۋەت سانى ئۆزگىرىدىغان ياكى يول ياسىلىدىغان رايونلاردىن يەر سېتىۋالاتتۇق، تۇرالغۇ رايونى سېلىش قەرزلىرىدىن خاتىرجەم پايدىلىنالايتتۇق. ئۆزىمىزنى ئەخلاقسىزلىق قىلىۋاتىمىز دەپ قارىمايتتىم. لېكىن بەزىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئاپاق_چاپاق بولۇۋالغان، ئۇلارنىڭ مەززىسىز كۈلكىلىرى ۋە ۋەھىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەن بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەجىبا دادام ماڭا نېمە دەر بولغىيتتى، دەپ ئويلايتتىم. دادام يوقاپ كەتتى دەپ يىللاپ ئۇنىڭغا ئىچىمدە ئاچچىقلاپ يۈرگەندىم. لېكىن ئەمدى بۇنىڭدىن نارازى ئەمەسلىكىمنى، چۈنكى دادامنىڭ قىلغانلىرىمدىن خوش بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

كۆپچىلىك، كەسكىن بىر دادىمىزنىڭ بولۇپ، بىزگە نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قىلماسلىقنى دەپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. نېمە ئۈچۈن؟ نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قىلماسلىقنى، نېمىنىڭ ساۋاپ ۋە توغرا، نېمىنىڭ بولسا گۇناھ ۋە خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئۆزىمىزنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىمىزنى، گۇناھكار ئەمەسلىكىمىزنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا ھەر دائىم ئېھتىياجىمىز بولغاچقىمۇ؟ دادىغا بولغان ئېھتىياج ھەمىشە بولامدۇ ياكى بېشىمىزغا غەم چۈشكەن، دۇنيارىمىز ئۆڭتەي-تۆڭتەي

بولۇپ كەتكەن، روھىمىز چۈشۈپ كەتكەن چاغلاردا دادىمىزنى خالاپ قالامدۇق؟

## ئوتتۇزىنچى باب

قىرىق يېشىمدىن كېيىن خۇددى دادامغا ئوخشاش، كېچىلىرى يېنىك بىر خىل ئۈيقۇسىزلىققا گىرىپتار بولدۇم. ھەر قېتىم يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتكىنىمدە تايىنلىق بىر دەم ئىشلەي، دەپ ئىشخانامغا چىقىپ، ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن ھۆججەتلەرنى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كاتالوگلىرىنى ۋە توختام تەپسىلاتلىرىنى ئوقۇيتتۇم. بۇنچە كۆپ ئىش ئىچىمنى تېخىمۇ سىقىپ، ئۈيقۇمنى تېخىمۇ قاچۇراتتى. شاھنامە ۋە ئودىپۇسنى كونا بىر چۆچەككە ئوخشاش ھەر ئوقۇغىنىمدا روھىمنىڭ پۈلدىن ۋە رەقەملەردىن ئېرىغدالغا-نلىقىنى ۋە تېخىمۇ ياخشىراق ئۇخلىيالايدىغانلىقىمنى مۇشۇنداق قىلىپ بايقىدىم. تېمىسى گەرچە گۇناھ تۇيغۇسى ھەققىدە بولسىمۇ، يىللار ئۆتۈپ بۇ ھېكايىلەرنى قايتا-قايتا ئوقۇش مېنى گۇناھ تۇيغۇسىدىن خالاس قىلىۋاتاتتى.

ئوخشاش بىر تېكىستنى خۇددى بىر دۇئاغا ئوخشاش قايتا-قايتا ئوقۇش ماڭا پايدا قىلىۋاتاتتى، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەن ئوقۇغان نەرسەمنىڭ پەقەت بىر تەرىپىگىلا دىققەت قىلالايدىغانلىقىمنى بايقىدىم. بىرى گىرىتسىيەدە ۋە غەربتە، يەنە بىرى ئىراندا ۋە شەرقتە بۇنچىۋالا چوڭ بىلىنگەن بۇ ئىككى ھېكايىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇۋېتىپ، ئەسلىدە باش قەھرىمانلار ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان دەرتلەرنىڭ، چوڭ ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي مەسىلىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى كۆز ئالدىمدا جانلاندۇرالاۋاتاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر ئۆرنەك ئودىپۇسنىڭ ئانىسى يوكاستې بىلەن يېتىشى ئىدى: بۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەي، پەقەت «چوڭ گۇناھ» دەپ ئويلاپلا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم؛ يەنى بۇ تېمىنى كاللامدا رەسىمگە ئايلاندۇرۇپ ئويلىيالمايۋاتاتتىم.

يەنە بىر ئۆرنەك بولسا، ئودىپۇس بىلەن سۇھرابنى بىر-بىرىگە شۇنچىۋالا ئوخشىتىپ قويغان، قېرىنداشتەك قىلىپ قويغان دادىسىزلىق ۋە يېگى بىر دادا تېپىش ھاياجىنى ئىدى. ھەم سۇھراب، ھەم ئودىپۇسنىڭ دادىلىرىدىن مەھرۇم قېلىشلىرىغا ئانچە بەك دىققەت قىلمىغان ئىدىم. بەلكىم يېگى بىر دادا ئىزدەۋاتقىنىمنى ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرغۇم كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، شۇڭا شۇنداق قىلدىم، دەيتتىم ئۆزۈمگە. دادام مېنى، رۇستەم سۇھرابقا قىلغىنىغا ئوخشاش تاشلاپ قويۇپ ئاۋۋال تۇرمىگە، ئاندىن باشقا بىر ھاياتقا

كېتىشكە ئۈنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمگە يېڭى دادىلار ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالغانىدىم. ماھمۇت ئۇستامنى ھېلىغىچە پات-پات ئويلاپ تۇراتتىم: ئەقلىمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم دۇنيانىڭ بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغا قاراپ قۇدۇق كولاۋاتاتتى، بەزىدە باشقا كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ چۈشۈمگە كىرەتتى ۋە ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى.

ئۇمىتسىزلەرچە دادا ئىزدەشنىڭ خىيالىمغا كېلىپمۇ باقمىغان باشقا نەتىجىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ماڭا توپكاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرەسى فىكرىيە خانىم قاراڭغۇ بىر باھار ئاخشىمى سارايىنىڭ چوڭ باغچىسىدىكى ئابدۇلمەجىت قەسرىدە سۆھبەتلەشكەن چېغىمىزدا سۆزلەپ بەردى. رۇستەم بىلەن سۇھرابنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان، مەن دېگىز كىتابخانىسىدا تونۇشۇپ قالغان ئەدەبىيات پروفېسسورى ھاشىم مۇئەللىم فىكرىيە خانىمغا مېنىڭ كېيىمنى قىلغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ «ئۇنداقتا كەلسۇن، ئۇنىڭغا رەسىملىك، كونا، گۈزەل شاھنامىلەرنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپتۇ. (ئىستانبۇلدا ھېلىھەم بەك كۆپ ياخشى كىشىلەر بار.)

باشقۇرغۇچىلار ئۇلارنى كۆرگەزمە قىلمايتتى، خەلققە پەقەتلا كۆرسەتمەيتتى، لېكىن توپكاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىنىڭ رەسىملىك، نەقىشلىك ئىران قولىيازمىلىرى توپلىمى دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىندۇر ۋە 15-، 16- ئەسىر تېبرىزىدا تېھراندىكى گۈلزار سارىيىنىڭ نىگارخانىسىدەكلا تۇرگە باي، مەزمۇنغا مول ئىدى. توپلامنىڭ تۇنجى قىسمىلىرى ياۋۇز سۇلتان سەلىم 1514 – يىلى ۋان كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چالدىران دېگەن يەردە، ئىسمايىل شاھنى يەڭگەندىن كېيىن تەبرىزدىن بۇلاپ-تالاپ ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەلگەن كىتابلار ئىدى. ئىسمايىل شاھنىڭ غەزىنىسىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتقان ئاق قويلۇقلارنىڭ ۋە ئۆزبېك شەيبانى خانىنىڭ غەزىنىلىرىدىن كەلگەن رەسىملىك، زىننەتلەنگەن، پەۋقۇلاددە گۈزەل شاھنامىلەرمۇ بار ئىدى. كېيىنكى ئىككى يۈز يىلدا، سەفەۋىيلەر بىلەن ئوسمانلىلار بەك كۆپ ئۇرۇشقان ئىدى ۋە تەبرىز ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ئون نەچچە قېتىم قولدىن-قولغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن سەفەۋىلەر ئوسمانلىلارغا تىنچلىق ئەلچىلىرىنى ئەۋەتكەن چاغلاردا، گۈزەللىكىدىن پەخىرلەنگۈدەك رەسىملىك، زىننەتلەنگەن، قولدا يازما شاھنامىلەرنى ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرۈشەتتى، كىتابلار بولسا توپكاپى غەزىنىسىدە توپلىناتتى.

فىكرىيە خانىم تۆت، بەش يۈزيىللىق بۇ شاھنامىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىنىڭ بەتلىرىنى ماڭا سېخىلارچە ئېچىپ بېرىۋاتاتتى، رۇستەمنىڭ سۇھرابنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ قانلىق جەسىدىنىڭ بېشىدا چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىغانلىقى سىزىلغان

رەسىملەرنى بىللە دىققەت بىلەن تاماشا قىلىشاتتۇق. دەسلەپتە خۇددى ئۆڭگۆرەندىكى چېدىر تىياتىرىدىكىدەك ئىغىر بىر پۇشايمانلىق ھېس قىلىشاتاتتى. بۇ بىر دادىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھېس قىلغان پۇشايمىنى ئىدى. بىلمەستىن بەك قىممەتلىك بىر گۆزەللىكنى زېدىلەپ قويغان چېغىمىزدا ھېس قىلىنىدىغان گۇناھكارلىق ۋە نومۇس! ئەڭ ياخشى رەسىملەردە، ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە مىنۇتنى كەينىگە قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھېس قىلىنغان چارەسىزلىكمۇ دادىنىڭ قاراشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ كۈنى فىكرىيە خانىم ماڭا بەك كۆپ رەسىم كۆرسەتتى: _ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ،_ دېدى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا،_ بىز بۇ يەردە ھەمىشە يالغۇز. بۇ كونا ھېكايىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. رۇستەم ۋە سۇھرابنىڭ ھېكايىسى بىلەن بۇنچە مەشغۇل بولۇپ كېتىشىڭىز ماڭا بەك ياراپ كەتتى. بۇ چۆچەكلەردىن نېمە تاپتىڭىز؟

_ دادىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن پۇشايمان قىلىشى بەك تەسىر قىلىشاتىدۇ،_ دېدىم،_ كۆپ يىللار ئىلگىرى بۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى، ئىستانبۇلنىڭ سىرتىدا بىر چېدىر تىياتىرىدا كۆرگەنىدىم.

_ دادىڭىز بىلەن ئاراڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟_ دېدى فىكرىيە خانىم. جاۋاب بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ،_ شاھنامەنى بىز تۈركلەر چۆرىۋەتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە پالۋان، قەھرىمان رۇستەمنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ ھوزۇر ئالىدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتقىنىمىزمۇ يوق. فىردەۋسىنىڭ كىتابى ئۇنۇتۇلدى، لېكىن شاھنامەدىكى ھېكايىلەر ئۇنتۇلمىدى. ئۇلار ياشاۋاتىدۇ. بىر-بىرلەپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ھېلىھەم ئارىمىزدا كېزىپ يۈرمەكتە.

_ قانداق دەيسىز؟

_ ئالدىنقى كۈنى كەچتە ياردەمچىم بىلەن قانال 7 دە ئىبراھىم تاتلىسەسنىڭ كونا بىر فىلىمىنى كۆردۇق،_ دېدى كۈتۈپخانا مۇدىرەسى،_ شاھنامىدىكى ئەردەشىر بىلەن چۆرە قىز گۈلنارنىڭ ئاشىق ھېكايىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىدى. ياردەمچىم تۇغبا بىلەن بىز كونا يېشىلچام فىلىملىرىنى ھەم ئىستانبۇلنىڭ كونا ھالىتىنى كۆرۈپ ئەسلەش ئۈچۈن كۆرەتتۇق، ھەم شاھنامە ۋە باشقا كىتابلاردىن كەلگەن كونا ھېكايىلەرنى تاللاش ئۈچۈن. ئىستانبۇل نېمە دېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن –ھە، جەم ئەپەندىم؟ لېكىن كۆزلەر يەنىلا كونا كوچىلارنى، مەيدانلارنى تونۇيدىكەن. شاھنامەدىن ئېلىنغان ھېكايىلەرمۇ شۇنداق. ئۆتكەندە بىر فىلىم كۆردۇق، بوگۈنكى كۈنىمىزدىكى ئىشلار ئاڭلىتىلغان ئىدى، لېكىن بىز ئۇنىڭدىن يەنىلا خۇسرەۋ بىلەن شىرىندىن ئېلىنغان مەزمۇنلارنى بىر-بىرلەپ تېپىپ چىقتۇق. مېنىڭچە، بۇ كىتابلار ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېكايىلەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ بوگۈنلەرگىچە كەپتۇ. يەشىلچام مىلودىراممىلىرىغا

قاراپمۇ ئۆتمۈشتىكى ھېكايىلەرنى ئەسلەۋاتىمىز. بەلكىم سىزگە ئوخشاش شاھنامىنى قايتا –قايتا ئوقۇپ تۇرك ۋە ئىران كىنولىرىغا سىنارىيە يازىدىغانلارمۇ باردۇ. پاكىستاندا، ھىندىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ھېكايىلەرنى بەك ياخشى كۆرىشىدۇ، ھەم بىزنىڭ يېشىلچامدىكىلەرگە ئوخشاش فىلىملىرىنىمۇ ئىشلەيدۇ.

فىكرىيە خانىمغا سىنارىيە يازغۇچىسى ئەمەس، گېئولوگىيە ئىنژىنېرى ئىكەنلىكىمنى، بۇ ھېكايىلەرگە ئىرانغا بارغانلىقىم ئۈچۈن قىزىقىپ قالغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. بۈگۈنكى ئىران دۆلىتىنىڭ رۇستەمنىڭ ئوغلى سۇھراب ئۈچۈن ئازاپ ئىچىدە يىغلىغانلىقى سىزىلغان بىر رەسىمنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيمىدى؟ ئۇ رەسىمنى نيۇيوركتىكى «چوڭ شەھەر مۇزىيى» دىن ئىرانغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئىراننىڭ ئارىغا بەزى قولىدىن ئىش كېلىدىغان سودىگەرلەرنى قويغانلىقىنى، غەزنە _غەزنە باھالارنى قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

_ جەم ئەپەندى، سىز ئىسلامىي كىتابلارنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ بۇ پاراڭلىرىنى ھاشىم مۆئەللىمدىن ئاڭلىدىڭىزمۇ؟_ دېدى فىكرىيە خانىم،_ سىز گېپىنى قىلغان ئۇ دۇنياغا مەشھۇر كىتاب بىزدە، توپكاپىدا ئىدى، بۇ يەردە ئىدى. پادىشاھلار توپكاپىنى شۇ پېتىلا تاشلاپ قويۇۋېدى ئۇ يەردىن ئوغۇرلاندى، غەربكە كەتتى. باشتا روتسچىلدىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، كېيىن ئامېرىكىغا سېتىۋېتىلىپتۇ. بەختسىز قەھرىمانلىرىغا ئوخشاش، بۇ كىتابمۇ پۈتۈن ھاياتىنى سۈرگۈندە، باشقا دۆلەتلەردە، باشقىلارنىڭ قولىدا ئۆتكۈزدى ۋە دائىم دېگۈدەك مىللەتچىلىككە، سىياسىيغا دەسمايە قىلىندۇ.

مەسىلەن؟

_ شاھنامەدە پات-پات چىراي پۈرۈشتۈرۈلگەن، تۇران ياكى رۇم دەپ دۈشمەنلەرچە تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ بىز تۈركلەر ئىكەنلىكىمىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ھالبۇكى، بىزنىڭ غەزنىلەر شاھنامىلەر بىلەن تولۇپ-تېشىغلىق.

_ شاھنامە يېزىلغان مىڭىنچى يىلدا تۈركلەر تېخى ئاسىيادىن چىقىپ ئۇ يەرلەرگە كەلمىگەن ئىدى،_ دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

_ خېلى – خېلى پروفېسسورلاردىنمۇ بەكرەك بىلىملىك ۋە قىزىققاق ئىكەنسىز، لېكىن كەسىپ ئەھلى ئەمەسكەنسىز،_ دېگەچ ھەددىمنى بىلدۈرۈپ قويدى فىكرىيە خانىم ۋە باشقا نۇرغۇن كىتاب ۋە رەسىملەرنى كۆرسەتكەچ ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

كەسىپ ئەھلى ئەمەسكەنسىز دېگەن گەپ كۆڭلۈمگە كەلمىدى؛ لېكىن ئىزدىنىشلىرىمنىڭ ھېسسىي تەرەپلىرىنى سەمىمگە سالدى. پۈتۈن بۇ رەسىملەردە ئوغلى بىلەن ئېرىنىڭ جېدىلىنى كۆرۈپ تۇرغان، ئوغلىنىڭ قانلار ئىچىدىكى جەسىدىنى

دادىسىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ يىغلىغان ئاياللار بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرگىنىمدە بەزىدە ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى خىيالىمدا قىزىلغا بوياپ قوياتتىم _ خۇددى باللىق چېغىمدا رەسىم كىتابىمنى بويىغانغا ئوخشاش _. ئۇستام بىلەن قۇدۇق قازغان كۈنلەردە بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەزنى، ئارىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يىگىرمە بەش يىلدا ئازلاپ، قالغان بىئارامچىلىقلارمۇ يازغۇچى بولۇش ھەۋىسىمنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، ماڭا سودا ھاياتىمدا نېسىپ بولمىغان تېرەنلىكلەرنى ئاتا قىلغۇاتاتتى.

پەقەت ۋە پەقەت ئۈچۈر يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا، مېنى ھۆزۈرىغا تەكلىپ قىلىپ، مۇزېيخانىدا سائەتلەپ ۋاقىت ئاجراتقان تەجرىبىلىك فىكرىيە خانىمغا يېنىش-يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتىم. كۆز ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكىچە بىللە ئولتۇرغانىدۇق. ئەتراپتا ساياھەتچىلەرمۇ يوق ئىدى، مۇزېيى تاقاپ قويۇلغان ئىدى. توپكاپى سارىيىنىڭ سېرىق كاشىتان ۋە چىنار يوپۇرماقلىرى بىلەن قاپلانغان سايىلىك ھويلىلىرىدىن، راۋاقلارنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا ھېس قىلغان نەرسەم بەلكىم مۇنداق بولسا كېرەك: كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن گۇناھ تۇيغۇلىرىمنى چىدىيالىغۇدەك بىر دەرىجىگە چۈشۈرگىدەك، ھەتتا بىر ئېنژېنېرنىڭ ئويۇننىڭ ئورنىدا قىلىپ قويغان ئەدەبىي تەتقىقاتى ھالىتىگە ئېلىپ كەلگۈدەك بىر تارىخ تۇيغۇسى!

كۈندۈلۈك سىياسىي بىلەن كارى بولمايدىغان فىكرىيە خانىمنىڭ شاھنامىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ قالتىس قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى مىللەتچى سىياسىي بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىشى، ئودىپۇس بىلەن سوھرابنىڭ مەن بۇندىن بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئورتاق تەرىپىنى سەمىمگە سالدى: سىياسىي سۈرگۈن بولۇش، ئانا ۋەتەندىن يىراقتا قېلىش...دادام بۇ تېمىغا ھاياجان بىلەن ھەمىشە دىققەت قىلاتتى. ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە ھەمپىكىر بەزى دوستلىرى بېشىغا كېلىدىغانلارنى پەملەپ گېرمانىيەگە قاچقان ئىدى. دادامدەك بەزىلىرى بولسا يا قاچالمىغانلىقى، ياكى ئۆزلىرىنى قاچقۇدەك گۇناھكار ھېس قىلمىغانلىقلىرى، ياكى بولمىسا تۇتۇلۇپ قالمايدىغاندەك ھېس قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاخىرى كېلىپ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، قىيىن-قىستاققا تارتىلغان ئىدى.

ھەم ئودىپۇس، ھەم سوھراب غايىپ بولغان دادىلىرىنى ئىزدەش جەريانىدا ئەسلى تەۋە بولغان شەھەرلىرىدىن، تۇپراقلىرىدىن يىراقلىشىدۇ ۋە مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋېلىنغان يەرلەردە ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن خائىنلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ھەر ئىككى ھېكايىدە مىللىي تۇيغۇ ئەسلىدە ھەممىدىن ئاۋۋال بولمىغانلىقى، ئائىلىگە، پادىشاھقا، دادىغا، خانلىققا سادىق بولۇش مىللەتكە سادىق

بولۇشتىن بەكرەك مۇھىم بولغاچقا، بۇ خىل تەڭقىسلىق گەۋدىلەندۈرۈلمىگەنىدى. لېكىن دادىلىرىنى ئىزدەۋاتقان چاغدا ھەم شاھزادە ئودىپۇس ۋە سۇھراب ئەسلىدە ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىش كۆرەتتى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

مەن قىرققا، ئايشە ئوتتۇز سەككىزگە كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئايالىم ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مەن بالىلىق بولۇش ئارزۇلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىغان ئىدۇق. يەرلىك دوختۇرلارنىڭ تەتۈرلىكلىرى، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بەك كۆپ ۋاقىت ئېلىشى ۋە ئادەمنى قاخشىتىدىغان سىناقلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئاخىرى كېلىپ ۋاز كەچتۇق، دېسەكمۇ بولاتتى.

ھارغۇنلۇق ۋە كۆڭلى سۇنۇقلۇقنىڭ بىزنى تېخىمۇ ئامراق دوستلاردىن قىلغۇەتكەنلىكى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىمىز ئىدى. بىر-بىرىمىز بىلەن تېخىمۇ ياخشى دوستلاردىن بولدۇق. بالىلىق بولالمايدىغانلىقىمىزنى قوبۇل قىلىش بىزنى باشقا ئائىلىلەردىن ئايرىۋەتكەندى ۋە بىز تېخىمۇ بەك زىيالىلىشىپ كەتكەندۇق. ئايشە، بالىلىرى كۆپ ئائىلە ئايالى دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىدىن ۋە بەزىدە قەستەن زەھىرىنى تىقىۋېلىشلىرىدىن جاق تويغان ئىدى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەيدىغان بولۇۋالغان ئىدى. بىر مەزگىل ئىش ئىزدەپ باقتى. كېيىنچە بىزنىڭ شىركەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئۇششاق-چۈششەك قۇرۇلۇش ئىشلارغا قارايدىغان بىر شىركەت قۇرۇشنى قارار قىلغىنىمدا ئۇنى بۇ ئىشنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. ئېنژېنېرلارنى باشقۇرۇشنى، ھۈنەرۋەن، ئۇستىلار بىلەن سۆزلىشىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. دېمىسىمۇ ھەممە ئىشنى مەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ باشقۇراتتىم. شىركەتكە «سۇھراب» دەپ ئىسىم قويدۇق. بىزنىڭ ئوغلىمىز بۇ شىركەت ئىدى ئەمدى.

شىرىنئاي ئۆتكۈزۈشكە ماڭغان بەختلىك ياشلاردەك ئايروپىلان بىلەن ساياھەتكە چىقىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ئايروپىلان ئىستانبۇلدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئايالىمدىن قۇچىقىنىڭ ئۈستىدىن دەرىزىگە بوينۇمنى سوزۇپ، ئۆڭگۆرەننى تېپىشقا ئۇرۇناتتىم.(پەسكە قارىشىم ئايشەگە ھەمىشە ئوماق تۇيۇلاتتى) بىزنىڭ يۇقىرىقى تۈزلۈكنىڭ بىنالار ۋە فابرىكىلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنلىكىنى بۇ سەپەرلەرنىڭ تۇنجى يىلىدىلا بايقىغانىدىم ۋە نېمىشقىكىن يايراپ كەتكەن ئىدىم.

ياز بېشىدا گۈمۈشسۇيۇدا تۆت ھوجرىلىق، دېڭىز كۆرۈنىدىغان، قىممەت بىر ئۆيگە كۆچتۇق. سەپەرلەردە ئەڭ قىممەت ياتاقلاردا ياتاتتۇق، كېزەتتۇق، مۇزېيلارغا بېرىپ رەسىملەرنى كۆرەتتۇق ۋە پات-پات لوندۇن ياكى ۋېيېنادىكى بىر شەخسىي ئاياللار تۇغۇت

دوختۇرىغا قولىمىزدىكى ئارخىپلىرىمىزنى كۆرستەتتۇق. بۇ زىيارەتلەر باشتا بىزگە ئازراق ئۈمىت بېغىشلايتتى، كېيىن بولسا ھەر قېتىمدىكىسىگە ئوخشاش تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىغان ئۈمىتسىزلىنىش بىلەن نەتىجىلىنەتتى.

بىر قېتىم دۆلىتىمىزدىكى چېتئەلگە قويۇلىدىغان بىر دىپلوماتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بولسا بىرىتانىيە مۇزېيىغا، فىكرىيە خانىمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قەدىمقى ئىراندىن كەلگەن قوليازما كۇتۇپخانىلىرىغا كىرىپ شاھنامە نۇسخىلىرىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇق. كەمدىن-كەم كۆرگەزمىگە قويۇلىدىغان بۇ رەسىملەرنى مۇزېي سالونلىرىدا كۆرۈش بەك تەس ئىدى. ئۇ يەردە كۆرگەن رەسىملەر ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ياشلىق يىللىرىمىدىكى مۇشەققەتلىك ئەسلىملەرنى ئەسلىتىپ، ئىچىمدە بىر پۇشايمانلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. لېكىن بىلىملىك ۋە سىپايە ياش ياردەمچىلەر، لىمون رەڭلىك چىراق بىلەن يورۇتۇلغان، ياغاچ ۋە توپا پۇراپ تۇرىدىغان خانىلەر ۋە بەزىدە ياردەمچىلەر قوللىرىغا كىيىۋالغان ئاق پەلەيلەر بىز بەتمۇ -بەت كۆرۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ نە قەدەر كونا، ئىنسانىي ۋە مىسكىن ئىكەنلىكىنى سەمىمىزگە سالاتتى.

ئەمەلىيەتتە بىز بۇ ئالاھىدە زىيارەتلەردە نە ئىسلام رەسىمچىلىكىنى، نە شاھنامە ھېكايىلىرىنى، ياكى بولمىسۇن شەرق، غەرب دېگەندەك چوڭ تېمىلارنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلمىدۇق. كونا قوليازمىلارغا سىزىلغان بۇ ئىنچىكە تەپسىلاتلىق كىچىكلىتىلمە رەسىملەر، بىزگە ئۆتمۈشتە ياشاپ ئۆتۈلگەن ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچىلىكىنى، دېمىسىمۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كېتىلگەنلىكىنى، بىر نەچچە تەپسىلاتنى ئەسلەپلا، ھاياتنىڭ ۋە تارىخنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتتۇق، دەپ قېلىشنىڭ نە قەدەر قورۇق بىر ئېيتىخارلىنىش ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان بىلدۈرۈپ قويدى. مۇزېي كۇتۇپخانىسىنىڭ قاراڭغۇ كارىدورلىرىدىن چوڭ بىر ياۋروپا شەھىرىگە چىققىنىمىزدا، بىز كۆرگەن رەسىملەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ تېرەن بىر ئىنساندەك ھېس قىلاتتۇق.

ئەمەلىيەتتە مەن بۇ سەپەرلەردە داۋام بىلەن دەۋرداش، مەلۇماتلىق تۈركلەرگە ئوخشاش، مەيلى دۇكان-سارايلارنىڭ دەرىزىلىرىدە بولسۇن، مەيلى كىنوخانىلاردا بولسۇن، ياكى مەيلى مۇزېيلاردا بولسۇن، ئىشقىلىپ غەربتە پۈتۈن ھاياتىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ مەناغا ئىگە قىلىدىغان بىر پىكىر، بىر نەرسە ياكى بىر پارچە رەسىم تېپىشنىڭ كويىدا ئىدىم. ئەليا رەپىنىنىڭ «ۋەھشى ئىۋان ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكتە» ناملىق ماي بوياق رەسمى مۇشۇنداق بىر نەرسە ئىدى. موسكۋادىكى ترەتياكوۋ مۇزېيىسىدا مەن ئايشە بىلەن ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرگەن ماي بوياق رەسىمدە رۇستەمدەك بىر دادا ئوغلىنى

ئۆلتۈرىۋېتىپ، قانلىق جەسىدىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاۋاتاتتى. رەسىم گويا رۇستەمنىڭ سۇھرابنى ئۆلتۈرىشى سىزىلغان بارلىق ئىران رەسىملىرىنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ چىققان، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن كېيىنكى كۈزىتىش نوقتىسى ۋە سايە تېخنىكىلىرىنىمۇ بىلىدىغان بىر ئىرانلىق رەسسام تەرىپىدىن سىزىلغاندەك قىلاتتى. ھۆكۈمدار دادىسىنىڭ بىردەملىك ئاچچىقى بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان ئوغلىنىڭ قانلار ئىچىدىكى جەسىدىنى قۇچاقلىشى؛ شاھزادە ئوغۇلنىڭ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۆزىنى تاپشۇرۇۋاتقاندەك يېتىشى، دادىسىنىڭ چىرايىدىكى دەھشەت ۋە پۇشايمانلىق تۇيغۇسى ئوخشاش ئىدى. ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن كىشى بولسا ئايزىنىستايىن ئىۇ توغرۇلۇق بىر كىنو ئىشلىگەن («ۋەھشى ئىۋان»)، ستالىن ياقتۇرىدىغان، رۇس دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، رەھىمسىز ۋە باسىمچى چار ئىۋان ئىدى. رەسىمدىن ئوخچۇپ تۇرۇۋاتقان ۋەھشىلىك ۋە پۇشايمانلىق تۇيغۇسى، رەسىمنىڭ يېڭىلىقى ۋە پەقەت بىر تېما بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ كېتىشى ماڭا غەلىتە بىر شەكىلدە دۆلەتنىڭ رەھىمسىز كۈچىنى ھېس قىلدۇردى.

شۇ ئاخشىمى، بۇ ھەم تونۇش، ھەم يىرگىنچلىك دۆلەت قورقۇنچىنى موسكۋا كېچىسىنىڭ يۇلتۇزسىز قاراڭغۇلىقىغا قارىغان چېغىمدىمۇ ھېس قىلدىم. ۋەھشى ئىۋاندىن پۇشايمانلىق تۇيغۇسى بىلەن بىرگە ئوغلىغا بولغان ھەددىدىن زىيادە بىر مۇھەببەت ۋە شەپقەتمۇ ھېس قىلىنىپ تۇراتتى. بۇ زىددىيەتلىك روھى ھالەت ماڭا دادام دىققەت قىلىشمىنى تاپىلىغان، تالانتلىق ۋە تەنقىدىي سەنئەتكار شائىرلار ئۆچۈن دۆلەت كاتتىلىرى تەرىپىدىن پات-پات دېيىلىپ تۇرۇلىدىغان قورقۇنچلۇق بۇ گەپنى ئەسلەتتى:

_ شائىرنى ئاۋۋال دارغا ئېسىش كېرەك، ئاندىن دارىنىڭ ئاستىدا يىغلاش كېرەك.

بىر چاغلاردا ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا، بارلىق شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرۈشلىرى(كەينىدىن بىر-بىرلەپ قېرىنداشلىرى ئۆچۈن ئازاب چېكىشلىرى)مۇ بۇ «دۆلەت ئۆچۈن زۆرۈر بولغان رەھىمسىزلىك» مەنتىقىسى بويىچە توغرىغا چىقىرىلاتتى. دادامنى سېغىنىپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا گەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلەتتى، لېكىن مىنى تەنقىدلەش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

ئەسلىدە ياۋروپا مۇزىيلىرىغا پەرزەنتسىزلىك ئازابىمىزنى ساياھەت بىلەن ئۇنتۇپ كېتىش ۋە بىر مەجبۇرىيەتتەك داۋاملىق ئۆزىمىزگە دەپ تۇرىدىغان «ئودىپۇسنىڭ رەسىمىنى كۆرۈش ئۆچۈن» باراتتۇق. لېكىن سوفوكلېسنىڭ ئويۇنى تېما قىلىنغان بىر ئىككى تارىخى، ئاكادېمىك رەسىمدىن باشقا ھېچنىمە تاپالمىدۇق. ئىنگرېسنىڭ «ئودىپۇس ۋە سفىنكس» ناملىق رەسىمى لوۋرىدە ئىدى ۋە كۆرگۈچىلەرگە تەسىر قىلىش كۈچى

تۆۋەن ئىدى. مەندە قالدۇرغان بىردىنبىر ئىز، بىر ئۆگكۈرنىڭ ئاغزىدىن كەينى تەرەپتە غۇۋا بىر تۆپىلىكتەك كۆرۈنگەن تىپىك شەھىرىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا سىزىلغان – سىزىلمىغانلىقىنى ئۆزۈمدىن سوراش بولدى.

پارىژدا، رەسسام گۇستاۋ مورىئو مۇزېيىدا، ئىنگرېستىن قىرىق يىل كېيىن سىزىلغان باشقا بىر «ئودىپۇس ۋە سفىنكس» رەسىمىنى كۆردۇق. بۇ رەسىمدىمۇ ئودىپۇسنىڭ گۇناھلىرى ئەمەس غەلبىسى، يەنى سفىنكسنىڭ «كور تولگۇنى» نى يېشىشى سىزىلغان ئىدى. بۇ رەسىمنىڭ بىر كۆپەيتىلمىسىنى نيۇيوركتا، چوڭ شەھەر مۇزېيىدا كۆردۇق. بىر ئازدىن كېيىن مۇزېينىڭ يەنە شۇ قەۋىتىدە قىرىق قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئىسلام سەنئىتى بۆلۈمىدە رۇستەمنىڭ ئوغلى سۇھرابنى ئۆلتۈرگەن سەھنىسىنى كۆرۈپ كاللىمىز ئېلىشىپ كەتتى. چوڭ شەھەر مۇزېينىڭ ھېچكىممۇ كىرىپ قويمايدىغان يېرىم قاراڭغۇ ئىسلام سەنئىتى بۆلۈمى بوش ئىدى ۋە بىزگە ئۇنتۇپ كېتىلگەن بىر تېما بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇردى. مورىئونىڭ رەسىمدىن كىشى ئۇ رەسىمنىڭ ھېكايىسىنى بىلمىسىمۇ ھوزۇر ئالاتتى، لېكىن شاھنامە رەسىملىرى بولسا پەقەت ھېكايىسىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىزگە تەسىر قىلىۋاتاتتى ۋە تولىمۇ چەكلىك بولغان بىر رەسىم خۇشاللىقى ئاتا قىلاتتى.

لېكىن ئەسلى مەسىلە، رەسىم كۇلتۇرى ۋە ئەنئەنىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە باي بولغان ياۋروپادا، ئودىپۇس دېگەن ھامان ئەسكە كېلىدىغان دادىسىنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئانىسى بىلەن يېتىش دېگەندەك ئاساسلىق سەھنىلەرنىڭ پەقەتلا سىزىلمىغانلىقى ئىدى. ياۋروپالىق رەسساملار بۇ سەھنىلەرنى سۆزلەر بىلەن خىيال قىلىپ، ھېكايىنى چۈشىنەتتى. لېكىن سۆزلەر ئارقىلىق چۈشەنگەن نەرسىلىرنى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيۋاتاتتى، سىزالمايۋاتاتتى. شۇڭا ئودىپۇسنىڭ سفىنكسنىڭ كور تولگۇننى يېشىشىنى سىزىشاتتى پەقەت. ھالبۇكى رەسىم بەك ئاز سىزىلىدىغان، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چەكلىنىدىغان ئىسلام دۆلەتلىرىدە رۇستەمنىڭ ئوغلى سۇھرابنى ئۆلتۈرىشى مىڭ قېتىملاپ قىزغىنلىق بىلەن سىزىلغانىدى.

بۇ قائىدىنى ھەم رومانچى ، ھەم رەسسام بولغان ئىتالىيەلىك رېژىسسور پىئېر پاۋلو پاسولىنى «پادىشاھ ئودىپۇس» دېگەن فىلمى بىلەن بۇزۇپ تاشلىغانىدى. ئىستانبۇلدا ئىتالىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پاسولىنى فىلملىرى ھەپتىلىكىدە بۇ فىلمنى ئەندىكىش ئىچىدە كۆرۈپ چىقتىم. فىلمدە ئودىپۇسنىڭ رولىغا چىققان ياش ئارتىس، ئۆزىدىن خېلىدا چوڭ لېكىن بەك گۈزەل ئانىسى ئاننا ماگنانى بىلەن قۇچاقلىشاتتى، ئۇنى سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاتتى. Casa D'Italia

رېستوراننىڭ ئىستانبۇللۇق فىلىم سۆيەرلەر ۋە زىيالىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن تاختايلىق سالونى ئانا ۋە ئوغۇل سۆيىشىدىغان كۆرۈنۈش باشلانغاندا تېرەن بىر جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى.

پاسولىنى فىلىمنى فاستا كۆرۈنۈشكە ئالغان بولۇپ، يەرلىك مەنزىرىلەرنى، چىلان تۇپراقنى، خىيالىسىمان بىر قەدىمىي قەلئەنى ئىشلەتكەن ئىدى.

ـ بۇ قىزىل فىلىمنى يەنە بىر كۆرگۈم بار،ـ دېدىم، ئەجىبا DVDسىنى تاپقىلى بولارمۇ؟

ـ ئۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئانىنا ماگنانىنىڭ چاچلىرىمۇ قىزىل ئىكەن،ـ دېدى ئايالىم.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

ئوقـۇرمەنلەر ئايشــە بىــلەن مىنــى دائىــم ئىلمىــي كىنــولارنى كــۆرگىلى بارىــدىغان، تېكىستلەردىن ۋە رەسىملەردىن بـاش كۆتۈرمەيـدىغان، كىتـابىي بىـر جـۈپلەر دەپ ئـويلاپ قالسـا خاتالاشـقان بولىـدۇ. ئايشـەمۇ ئەتىگەنلىـرى مەن بىـلەن ئۆيـدىن چىقىـپ، ھەيـران قــالارلىق ســۈرئەتتە چوڭىيىۋاتقــان قۇرۇلــۇش شــىركىتىمىز ســۇھرابنى باشــقۇرىۋاتاتتى. كەچقۇرۇنلىرى مەن شىركەتتىكى ئىشىمدىن بالـدۇر چۈشـۈپ، سـۇھرابنىڭ نىشانتېشىـدىكى بارغانسېرى ئـادىمى كۆپىيىـپ كېتىۋاتقـان ئىشخانىسـىغا يولۇقـاتتىم. ئەر-ئايـال ئىككىمىـز ئىنژېنېرلار بىلەن خېلى كەچ بولغۇچە ئىشلەپ، ئاندىن بىرەر ئاشخانىدا تامـاق يەپ ئـۆيگە قايتاتتۇق.

پاسـولىنىنىڭ «پادىشـاھ ئودىپـۇس» نـاملىق فىلىمىنـى كـۆرۈپ بىـر يىلـدىن كېيىن، 2011- يىلىنىڭ ئاخىرىدا مائاش ئېلىـپ ئىشـلەۋاتقان شـىركەتتىن چىقىـپ كېتىـپ، پۈتـۈن ۋاقتىمنى سۇھرابقا بەردىم. بـۇ قېتىم ئـۆز ئىشـىم ئۈچـۈن، كۈنبـويى ئىسـتانبۇلدا قۇرۇلـۇش ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچـۈرۈپ، سـۇھرابنىڭ سامسـۇنلۇق شـوپۇرى ھەيـدەۋاتقان شـىركەت ماشىنىسـى قاتنـاش قىسـتاڭچىلىقىدا ئاسـتا كېتىـپ بارغـان چـاغلاردا، مەن يـان تېلېفونـدا خىـزمەت سـۆھبەتلىرىنى ئېلىـپ بـاراتتىم. مەن بىـلەن پاراڭلاشـقان مـال تەمىنلىگـۈچىلەر، قۇرۇلۇش ئورنى مەسئۇللىرى، ئۆي-مۈلۈك سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسـىمۇ ماڭـا ئوخشـاش، شەھەرنىڭ باشقا بىر نۇقتىسـىدا، قىستاڭچىلىقتا قاپسىلىپ قالغـان بـولاتتى. يـاكى بولمىسـا تېخىمۇ يامىنى شەھەرنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان لېكىن ھېلىتىن پىيادىلەر يـولىرى تىقمـا- تىقمـاڭ بولـۇپ كەتـكەن يىڭـى بىـر بۇرجىكىـدە ئېزىـپ قېلىشـاتتى. بـۇنى ۋاسـتىچىلىك ۋە تەنــــەرخ ھەققىـــدىكى تـــالاش-تارتىشـــلىرىمىزنىڭ ئارىســـىدا مەن بىـــلەن تېلېفونـــدا پاراڭلىشىۋاتقان كىشىنىڭ شوپۇر بىلەن تاكاللىششى ياكى يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنـى توختىتىپ بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى سورىشىدىن بىلەتتىم. ھەممە ئـادەم بىـر يەرلەردە قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى، قولىغا پۇل كىرگەنلەر ئېلىۋاتاتتى، شەھەر ئاجايىپ تېز بىر شەكىلدە چوڭىيىۋاتاتتى.

بەزىـدە پىيـادىلەر يولىـدا كېتىــپ بارغــان يوقسـۇللارغا، ياشـلارغا، سـاتارمەنلەرگە، تەرتىپ ساقلىغۇچىلارغا دىققەت قىلىپ قالاتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئەمدى بـاي ۋە ئوتتـۇرا ياشـلىق

بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى، ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانلىقىمنى خىيال قىلاتتىم. ئاندىن ئۆزۈمدىن «ئايالىم بىلەن بولغان دوستلۇقىم ۋە سۇھراب بىلەن ئودىيۇسنىڭ ھېكايىسىغا بولغان ئىشتىن سىرت قىزىقىشىمدىن باشقا ھاياتىمدا گۈزەل بولغان نېمە بار؟» دەپ سورايتتىم. دادامنى خىيال قىلىپ، ئايالىمغا تىلىفون ئۇرۇپ، شەھەرنىڭ قىستاڭچىلىقى ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىشكە تىرىشاتتىم. پەرزەنتسىزلىك ماڭا غەمكىن ۋە كەمتەر بولۇشنى ئۆگەتكەنىدى. بەزىدە بىر بالام بولغان بولسا بۇ چاغقىچە يىگىرمىگە كىرگەن بولاتتى، دەپ ئويلايتتىم.

تاپقان پۇللىرىمىزغا بىر مەزگىل ئايشە بىلەن قىممەت كىيىملەرنى، زىننەت بويۇملىرىنى، ئوسمانلى ئاسارە – ئەتىقىلىرىنى، پەرمانلارنى، چىرايلىق گىلەملەرنى، ئىتالىيەدىن كەلتۈرۈلگەن ئۆي-جاھازلىرىنى ئالدۇق، لېكىن ھەشەمەتلىك ئىستىمال ھەر ئىككىمىزنى بەختلىك قىلالمايۋاتاتتى، ئۆزىمىزنى ساختا ۋە يىرگىنچلىك ھېس قىلىۋاتاتتۇق _ خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېتىۋالغان نەرسىلىرىمىزنى كۆرسىتىدىغان دوستلىرىمىزدىن دەل مۇشۇ سەۋەپتىن نەپرەتلىنىدىغان بىر مىجەزىم بار ئىدى. بەلكىم دادامنىڭ سولچىلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. بايلىقىمىز تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، بىز تېخىچە Renault Megane ماركىلىق ماشىنىمىز بىلەن ھاجىتىمىزدىن چىقىۋاتاتتۇق.

پۇلىمىزنىڭ كۆپ قىسمىغا مەبلەغ سېلىپتىدە يا يېڭى قۇرۇلۇشلار ئۇچۇن يەرلەرنى، ياكى باھاسى ئۆسىدىغان رايونلاردا كونا بىنالارنى سېتىۋالاتتۇق. بولۇپمۇ، شەھەر سىرتىدىكى بوش يەرلەرنى سېتىۋالغاندا، پەرزەنتسىزلىكنىڭ دەردىنى ئىمپىراتورلىقىغا يېڭى دۆلەتلەرنى قوشۇۋېلىپ چىقىرىۋاتقان پادىشاھلاردەك ھېس قىلاتتىم ئۆزۈمنى. سۇھرابمۇ خۇددى ئىستانبۇلدەكلا ھەيران قالارلىق سۈرئەتتە چوڭىيىۋاتاتتى.

ماشىنىمىزغا قايسى يولنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان يول باشلىغۇچ ئورناتقۇزغان ئىدۇق. ئايالىم بىلەن ئىستانبۇلنىڭ بىز پەقەتلا بىلمەيدىغان يېڭى مەھەللىلىرىگە، تاكى ئاراللار ئۇزاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۆپىلىكلەرگە قەدەر يول باشلىغۇچنىڭ ئېكرانىغا قارىغاچ باراتتۇق، شەھەرنىڭ تېز كېڭىيىشىدىن تەسىرلىنىپ، بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش كونا شەھەرنىڭ چېقىلىپ يوق بولۇپ كېتىشىگە قاخشاشنىڭ ئورنىغا، بۇ يېڭى يەرلەرنى بىر خۇشاللىق ۋە قۇرۇلۇش پۇرستى دەپ قارايتتۇق. ئايشە ھەر كۈنى ئىشخانىدا «رەسمىي گېزىت» تىكى مەھكىمە قارارى ئارقىلىق چىقىرىلغان باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئېلانلىرىنى ئوقۇيتتى، «ھۆررىيەت»نىڭ ئۆي-مۈلۈك سەھىپىسى ۋە باشقا مەزمۇنلارنىمۇ ئىز قوغلاپ كۆرەتتى.

بىر كۈنى ئايشە بەك مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئېلانىنى

ئالـدىمغا قويـدى. مەن تېخـى بـۇ ئىشـقا قىزىقىـپ بولغـۇچە ئـۇ يەرنـىڭ ئـورنىنى گۈگـۈل خەرىتىسىدىن ماڭـا كۆرسـىتىپ ئېكراننـى چوڭايتىۋېـدى ئۆنگـۆرەن دېـگەن خەتـكە كـۆزۈم چۈشـتى ۋە يـۈرىكىم سـىيلىپ كەتتـى. لـېكىن تەجرىبىلـىك بىـر قاتىلغـا ئوخشـاش سـوغۇققانلىقىمنى يوقاتمـىدىم. ئېكرانـدىكى ئـوق (ئىسـترېلكا)نـى قولۇمـدىكى چاشـقىنەك (مائۇس) بىلەن يۆتكىگەچ هاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم بۇ بازارغا ئاستا يېقىنلاشتىم.

ئۆنگۆرەن دېـگەن ئىسـىم پـويىز ئىستانىسىسـى مەيـدانىنىڭ ئۈسـتىگە يېزىقلىـق ئىـدى. ئەتراپتىكـى بەزى كـوچىلارنى يادىمغـا ئالالـدىم، لـېكىن بەك ئـاز جـايلارنىلا تونۇيالـدىم، چۈنكى گۈگۈل خەرىتىسى يەر ناملىرىنى ئوتتۇز يىل بـۇرۇن ئۆنگـۆرەنلىكلەر قويغـان ئىسـىم بىلەن («ئاشـخانىلار كوچىسـى») ئەمەس، بەلكـى رەسـمىي ئىسـىملىرى بىـلەن يازغانـدى. ئاۋۋال ئىستانسىسىنى، ئانـدىن مـازارلىقنى تـاپتىم، بىزنـىڭ تۇزلۇكنـىڭ خەرىتىـدىكى ئـورنىنى پەرەز قىلدىم، لېكىن كوچا ئىسـىملىرىنى بىـر-بىـرلەپ ئوقۇيالمـىدىم. شـۇنداق، ھەمـمە يەر كوچا بولۇپ كەتكەنىدى.

ــ مـۇرات بـۇ يەردىـن بىـر يـول ئۆتىـدۇ ۋە ئولتـۇراق رايـونى سېلىشـقا مۇناسـىپ، مەنزىرىلىك بىر يەر، دەيدۇ. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىشـتىن ئـاۋۋال بېرىپ بىر كۆرۈپ باقامدۇق؟

مۇرات مېنى تېھرانغا ئېلىپ بارغان ھېلىقى ساۋاقدىشىم شۇ ئىدى. ئۇمۇ بۇ باس-بـاس ئۆي-مۈلۈك دولقۇنـىدا باشـقا ئىشـلىرىنى تاشـلاپ قۇرۇلـۇش ئىشـلىرىغا كىرىشـكەن ئىـدى، ھـاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقـان پـارتىيەدىكى ئەنئەنىچـى دوسـتلىرىنىڭ سايىسـىدە، بىزدىنمـۇ چـوڭ ئىشـلارنى قىلىۋاتـاتتى، بىـزگە كىيىـنچە باھاسـى ئۆسـىدىغان يەرلەرنـىڭ خەۋىرىنـى بەرگەچ دوستلۇقنى يەتكۈزىۋاتاتتى.

ــ بۇ ئۆنگۆرەن بازىرىدا، بالىلىقىمدا ئاڭلىغان چۆچەكلەرگە ئوخشاش بىر نەسچىلىك بـاردەك تۇيۇلـىدۇ...، ــ دېـدىم ئايشـەگە، ــ ئـۇ يەردە قۇرۇلـۇش قىلىشـنى ئويلىمـاي تـۇر ھـازىرچە. جەزىملەشـتۈرىمەنكى، ئـۇ يەردىكـى ئەڭ ياخشـى مەنزىـرە كېچىلىـرى يۇلتـۇزلار بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان ئاسماندۇر.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

ئۇ يىلى ئىستانبۇل سۇسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتتى. باھاردا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، سۇ ئامبارلىرىغا كۆپ سۇ يىغىلمىغان بولغاچقا، كونىراپ كەتكەن سۇ تۇرۇبىلىرىدىن ھەر ۋاقىتتىكىنىڭ يېرىمىچىلىك سۇ كېلىشكە باشلىغان ئىدى. بەزى مەھەللىلەردە ئاتا-ئانىلار، بالىلىق چېغىمدىكىگە ئوخشاش، يېرىم كېچىلەردە قۇلاقلىرى سۇ كېلىدىغان تۇرۇبىلاردا، ئاۋۋال يۇيۇنۇپ ئاندىن سۈيى چىقىرىۋېتىلىدىغان ئىدىشلارغا سۇ قاچىلىۋالايدىغان ۋاقىتنى كۈتۈشەتتى. قايسى مەھەللىلەرگە قاچان، قانچىلىك سۇ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە سىياسىي دەتالاشلار، غەۋغالار چىقىپ تۇراتتى.

ياز ئاخىرىدا ئىستانبۇلغا بەزى مەھەللىلەر سەل سۇلىرىنىڭ ئاستىدا قالىدىغان، ھاۋا گۈلدۈرلەيدىغان، چاقماق چاقىدىغان بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلەر يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنلەردىن كېيىن دادام بىر كۈنى بىزنى كەچلىك تاماققا چاقىردى. يېڭى ئايالى ئايشەگە ئېيتىرىپتىن بىر خەت ئەۋەتكەن ئىدى. «دادام مۇشۇنچىلىك خەتنىمۇ يازالمىغۇدەك ئەھۋالدىمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

سارىيەرنىڭ ئارقىسىدا، قارا دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىغان تۆپىلىكلەردە يېڭىدىن سېلىنغان بىر بىنادا تۇراتتى. ئۇ يەرگە ماشىنا بىلەن بېرىشقا ئىككى سائەت كەتتى. بەك ئۇزاقتىن قارىغاندا قارا دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىغان كىچىك ۋە يېڭى ئىجارە ئۆيى ھېلىتىن ئۇرۇۋشتا ۋەيران بولغاندەك كونا كۆرۈنەتتى. ئىچى بولسا ، دادامنىڭ بەزىلىرىنى مەن بالىلىق چېغىمدىن تارتىپ بىلىدىغان نەرسە-كېرەكلىرى بىلەن تولغان ئىدى. يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دەسلەپكى سۆھبەتلەردىن، يالغاندىن قىلىنغان چاخچاقلاردىن كېيىن دادامنىڭ ياشانغان، ھارغىن ھالى، نامراتلىقى ئىچىمنى ئېچىشتۇردى.

بالىلىقىمدا مەن ھەممە ئىشقا ھەيرانۇ-ھەس بولىدىغان، يەنە بىردەم كۆرۈۋالاي، بىردەم ئاداش بولۇۋالاي، مېنى قۇچاقلاپ ماڭا چاخچاق قىلسىكەن، دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىغان بۇ كىشى ھازىر نۇرلىرىدىن مەھرۇم قالغان، ئاستىلىغان، مۆكچەيگەن ۋە ھەممىدىن يامىنى ھاياتقا يېڭىلىپ قالغانلىقىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بىر چاغلاردىكى سۆلەتلىك چاپتىكەش ئادەم ئەمدىلىكتە ئۈست-بېشىغىمۇ دىققەت قىلالمايدىغان، سالامەتلىكى بىلەنمۇ كارى بولالمايدىغان ھالغا چۈشكەن ئىدى، بۇ ھالىنى گەرچە ئۆزى ئىشەنمىسىمۇ «سولچىلار كۆرۈنۈشكە ئەمەس، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ» دېگەن

چاخچاققا يۆلەپ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

لېكىن توشقان چىش، كۆلكىسى تاتلىق، كۆكسى يوغان ئايالى بىلەن توختىماي چاخچاقلىشىپ بىر-بىرىگە بېقىشاتتى، جىنسى تۇرمۇشىنىڭ ھەددىدىن زىيادە جىقلىقىنى پۇرىتىپ تۇرىدىغان چاخچاقلارنى قىلىۋاتاتتى. ئۆزۈن ئۆتمەي ئايشەمۇ ئۇلارنىڭ چاخچاقلىرىغا قوشۇلۇپ، مۇھەببەت، نىكاھ، ياشلىق ھەققىدە بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەردىن، قىلمىلەردىن، ئەسلىمىلەردىن بىر سۆھبەت باشلاندى. مەن دادامنىڭ يېنىدا بۇ تېمىلارغا ئەسلا كىرەلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن بىر چەتتە، كۈتۈپخانىنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇرۇپ، قولۇمدا راكى رومكىسى، بالىلىق چېغىمدىن تارتىپ بىلىدىغان دادامنىڭ سولچىل كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ ئوقۇغاچ، داستىخاندا بولۇۋاتقان گەپ- سۆزلەرگە قۇلاق سېلىۋاتاتتىم. دادامنىڭ ئايالى بۇ يىل يازدا بىر مەزگىل سۈدىن بەكلا قىسىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشىگە ماھمۇت ئۇستامنى ئەسلەپ قالدىم.

_ بۇ يەردە، سارىيەر تۆپىلىكىدە ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان ئۇسۇل بويىچە قۇدۇق كولاش ھېلىھەم مۇمكىن،_ دەپ ھاياجان بىلەن قوشۇپ قويىدۇم،_ نوكەشلىك ياغاچ قېلىپ بىلەن بېتون قۇيۇلىدۇ.

_ سەن بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىسەن؟_ دېدى دادام.

_ 1986- يىلى يازدا، سەن بىزنى تاشلاپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن، دەرسخانىغا تۆلەيدىغان پۇلنى تېپىش ئۈچۈن بىر ئاي بىر كونا قۇدۇقچى ئۇستام بىلەن بىللە قۇدۇق كولىغان ئىدىم، - دېدىم،_ بۇنى ئايشەگىمۇ دەپ بەرمىگەن ئىدىم تېخى.

_ نېمىشقا؟ مەدىكارچىلىق قىلغىنىڭدىن نومۇس قىلىپمۇ؟_ دېدى دادام.

قۇدۇقچىلار بىلەن بىللە بىر مەزگىل قارا ئىش قىلغانلىقىمنى دادامنىڭ بىلگىنىدىن مەمنۇن بولدۇم. ئەسلىدە دادام بىزنىڭ باي ئىكەنلىكىمىزدىنمۇ مەمنۇن ئىدى. خاتالىقىم، ھاياجانلىنىپ كېتىپ قۇدۇق كولىغان كۈنلەردىن كېيىن پادىشاھ ئودىپۇس ۋە سوھراب بىلەن رۇستەمنىڭ ھېكايىلىرىنى، قىزىققان ۋە ئوقۇپ چىققان كىتابلىرىمنى، ئايشە بىلەن بىللە بارغان ياۋروپا مۇزېيلىرىنى دادامغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولغىنىم ۋە ئىجتىمائىي تارىخ تېمىسدا ئۆزۈمنىڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىمنى دادامغا ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغىنىم ئىدى.

_ بۇ تېمىلارنى ۋىتفوگېل ھەممىدىن ياخشى چۈشەندۈرگەن،_ دەپ كېسىپلا گەپ قىلدى دادام،_ كىتابى ئاۋۇ يەردە ئىدى. بۇنى ھازىر كىممۇ ئوقۇيدۇ، ئۇنتۇلۇپ كەتتى... ئىستانبۇلدا قېرى بىر سولچىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر كىتابىنىڭ بارلىقىنى بىلسە نېمە دەر بولغىيتتى ئەجبا؟

مەن ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم، نۇرغۇن قېتىم ئىشلەتكەن («دادام بۇنى بىلسە نېمە دەر

بولغىيتتى ئەجبا؟») جۈملە شەكلىنى دادامىڭ ئۈنىڭ ئۈچۈن ئىشلەتكەن بۇ يازغۇچىغا قىزىقىپ قالدىم. كۆزۈم توپا باسقان كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى كىتابلاردا ئىدى.

خېلىدىن كېيىن يەنە بىر رومكا راكى ئىچتىم. ئايالىلار ئۆز-ئارا پاراڭلىشىۋاتاتتى، دادام ئۈستەلنىڭ بىر چېتىدە ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى.

_ دادا...، _ دەپ سوراپ سالدىم، _ ھېلىقى سىېنىڭ زامانىڭدىكى سىياسىي گۇرۇپپىلاردىن ... ماۋچى ئىنقىلاپچىلار قانداقراق بىر گۇرۇپپا ئىدى؟

_ ئۇ گۇرۇپپىدىن بەك جىق ئادەمنى تونۇيمەن، _ دېدى دادام، _ ئۇلارنىڭ قىزلىرىمۇ جىق ئىدى، _ دەپ مەستلىكتە قوشۇپ قويدى كېيىن، خۇددى قوشنا سىنىپتا بەك جىق قىز بالا باركەن دېگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك.

_ قانداق قىزلار؟_ دەپ سورىدى دادامنىڭ ئايالى، ئىېرىنىڭ بۇرۇنقى چاپتىكە-شىلكىلىرىدىن ماختىنىۋاتقاندەك.

ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئۈستىلىق بىلەن ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇنچە ئويلاپ كېلىۋاتقان تېما، يەنى ئەسلىدە دادامنىڭمۇ شۇ سىياسىي يىللاردا ئىبرەتلىك ئەپسانە تىياترخانىسىدا ئىشلىگەنلەر بىلەن تونۇشقانلىقى، ھەتتا قىزىل چاچلىق ئايالنى ياش چېغىدا ئىنقىلابچى تىياتىر سەھنىسىدە كۆرگەن بولۇش ئېھتىماللىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىللە ياتقان ئۇ ئايالغا دادام قانداق قارايدىغان بولغىيتتى؟

لېكىن دادام مەستلىكتىن يېشىلگەن ئىدى، چىرايىدا ئۆزگىچە ۋە سىياسىي ھاياتنى مەندىن يوشۇرىدىغان چاغلاردا پەيدا بولىدىغان ھۇشيار ۋە ئارىلىق ساقلىغان ئىپادە پەيدا بولغانىدى. بىر چاغدا ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا تولىمۇ ئەستايىدىل ھالدا مەندىن ئانامنى سورىدى. ئانامغا گەپزەدە بىر ئۆي ئېلىپ بەرگەنلىكىمنى، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يەكشەنبە كۈنلىرى ئايشە بىلەن بىرىپ يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىمنى، ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كېلىشكە ئۈنىمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. «ئاناڭنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىدىن بەك سۆيۈندۈم.» دەپلا گەپنى يىغىشتۇردى دادام.

كۆپ ئىچىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، قايتقۇچە ماشىنىنى ئايشە ھەيدىدى. بىر چاغدا ئوغلىنىڭ خاتالىقىنى ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن يۈزىگە سالغان ئانىدەك «قۇدۇقچىغا شاگىرت بولغىنىڭنى ماڭا نېمىشقا سۆزلەپ بەرمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. بەلگىراد ئورمانلىقىنىڭ ئىچىدىكى يوللاردىن يېرىم كېچىدە ئۆتىۋېتىپ، تومۇزغىلارنىڭ سايراشلىرى ۋە چۆل رەيھىنى پۇراپ تۇرىدىغان سۆرۈن ھاۋادا، ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

قولۇمدا ۋىتفوگېلنىڭ «شەرق دىكتاتورلىقى» ناملىق مودىدىن قالغان كىتابى بار

ئىدى. لېكىن ئۆيدە ئۇنىڭغا ئەمەس، كومپيۇتېرغا قارىدىم. گۇگۇل خەرىتىسى بىلەن ئۆزگەرگەن يۇقىرىدىن ئاستا يېقىنلاشتىم. ئىستانسا مەيدانىدىكى بىر تورتخانىنىڭ، بىر بانكىنىڭ، ئىستانبۇل يولىدىكى بىر ماي قاچىلاش ئورنىنىڭ ئېلانلىرىنى كۆردۈم. ئۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلەشكە ئۇرۇندۇم ۋە ئۇ يەرلەردە قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ مېڭىشلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

قىزىل چاچلىق ئايال ئۆزگەرگەندە ماڭا يېشىنى توغرا دەپ بەرگەن بولسا ھازىر ئاتمىش ياشقا كىرگەن بولاتتى. دادامنىڭ يېڭى ئايالمۇ شۇ ياشتا ئىدى ۋە ئەسلىدە بۇگۈن قارا دېڭىزغا قارايدىغان كىچىك بىنا ئۆيدە دادامنى قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك خىيال قىلالايتتىم.

ئۇنىڭ نەدە ۋە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئۆزۈمنى چەكلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئارىدا ئۆتۈپ كەتكەن ئوتتۇز يىل مابەينىدە قىزىل چاچلىق ئايالغا ئالاقىدار ھەرقانداق بىر ئىزنى ئۇچراتمىغان ئىدىم. بەزىدە تېلېۋىزوردىكى ئېلانلاردا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ دەۋرىدىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەل ئىچى تىياتىر ئۆمەكلىرىدىن پىنسىيەگە چىققان بىر ئايال ئارتىسىنىڭ سوپۇن، بانكا كارتىسى ياكى پىنسىيە كارتىسى ئىشلىتىۋاتقان بەختىيار بىر ئانىنىڭ، ھەتتا يېقىندىن بۇيان بىر مومىنىڭ رولىغا چىققىنىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمدىن سورايتتىم. فاتىھ، قانۇن، ھۆررەم، ھەرەم تېمىلىرىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا پادىشاھنىڭ يېڭى ئاشىقىغا ھەرەمخانىدا سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۇرتىشنىڭ، نەزەرگە ئىلىنىشنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئۆگىتىدىغان بويى ئېگىز، لەۋلىرى تولغان ھېلىقى ئايال ئۇ بولغىيمىدى ياكى مەن ھاياتىمدىكى تۇنجى ئايالنى تونيالماي قالدىممۇ، دەپ بەزىدە تەڭشىلىپ قالغان كاللام بىلەن كۆزلىرىمنى قىسىپ، ئېكرانغا دىققەت بىلەن قاراپ كېتەتتىم. بەزىدە چەتئەلنىڭ بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئايال باش قەھرىمانغا تۈركچە ئاۋاز بەرگەن كىشىنى ئۇ دەپ قالاتتىم ۋە ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى ئۆزگەرەندىكى سېرىق چېدىر تىياتىرىدا ئويۇنىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان غەزەپلىك مونولوگنى ۋە ئىستانسا مەيدانىدا بىللە ماڭغان چېغىمىزدا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قۇلاق سالغان ئاۋازىنى ئەسلەشكە ئۇرۇناتتىم.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە زىيادە چارچاش ۋە تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان ئىشلارنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇيقۇمدىن ئويغىنىپ كېتىپ، سۈھرابنىڭ ئۆي-مۈلۈك ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر تەجرىبىلىك ئىنژېنېرىدىن ئىپ-خەت ئارقىلىق كەلگەن ئۆزگەرەندىكى سېتىلىدىغان ئۆي-مۈلۈك ئېلانىغا ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتۈم. ماھمۇت ئۇستام بىلەن بىز قۇدۇق كولىغان يەرنىڭ ئەتراپىدا سېتىلىدىغان بىر ئىسكىلات ۋە سېيخ بار ئىدى. ئېلان كارغا

كەلمەيدىغان ئۇتتۇز يىللىق قۇرۇلۇشلاردىن بەكرەك، بۇ يەردە بۇندىن كېيىن سالغىلى بولىدىغان يېڭى بىنالارنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ھەققىدە كۆپرەك توختىلىپ يېزىلغاندى. ئۇخلاۋاتقان ئايشەگە بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەت سالمايلا، سۇھرابتىكى ئادىمىمىزگە بۇ يەرگە قىزىققانلىقىمىزنى ئېيتىپ خەت يازدىم.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

ئايشە بىلەن مەن كارل ئا. ۋىتفولگېرنىڭ «شەرق دىكتاتورلۇقى» ناملىق كىتابىنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، باشتا دادامنىڭ بۇ كىتابنى بىزگە نېمە ئۈچۈن تەۋسىيە قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمىدۇق. كىتابتا دادىلار ۋە ئوغۇللار توغرۇلۇق ھېچنېمە يوق ئىدى. دادامنىڭ 1957 - يىلى نەشىر قىلىنغان بۇ توم كىتابنى تولۇق ئوقۇمىغانلىقى، ئاسىيا جەمىيىتى ھەققىدە مۇھىم بىر سولچى كىتاب دەپلا ئازراق ۋاراقلاپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئودىپۇس بىلەن سۇھرابتىن سۆز ئېچىۋاتسام دادام نېمە ئۈچۈن بۇ كىتابنى ئەسلەپ قالغان بولغىيتتى؟

1957 - يىلىدا سوغۇق ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە نەشىردىن چىققان بۇ كىتابتا قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈنگە مۇناسىۋەتلىك بەك كۆپ نەرسىلەر بار ئىدى. ۋىتفوگېل، ئاسىيادا، جوڭگۇغا ئوخشاش جۇغراپىيەلىك شارائىتى مۇشەققەتلىك دۆلەتلەردە يېزا-ئېگىلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك سۇنى قاناللار، خەندەكلەر، ئېرىق -ئۆستەڭ ۋە باكلار بىلەن ئېلىپ كېلىشنىڭ بيۇكراتسىيە ۋە تەشكىلاتلىنىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى «شەرق دىكتاتورلىقى» دېگەن كىتابتا ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەندۈرۈپ، بۇ خىل تەشكىلاتلىنىشنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق، رەھىمسىز پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمدارلار ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇ ھۆكۈمدارلار بويۇن ئەگمىگەنلەرنى، سۆزلىرىگە قارشى چىققانلارنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار يانلىرىدا، يەنى بيۇكراتلىقىدا ۋە ھەرەملىرىدە قابىل شەخسلەرنىڭ ئەمەس، ئۆزلىرىگە پۈتۈنلەي بويسۇنىدىغان قۇللارنىڭ بولۇشىنى خالايدىغانلىقىنى، پۈتۈن تۈزۈلمىنىڭمۇ مۇشۇنداق مەشغۇلات قىلىدىغانلىقىنى كىتابنىڭ ئاخىرىدا چۈشەندۈرگەن ئىدى ۋىتفولگېر.

_ئاياللىرىغا ۋە ئەمەلدارلىرىغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلغان پادىشاھلار ئاخىرى كېلىپ ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ،_ دېدى ئايشە،_ بۇ يەردە ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. بىلىمىز، تونۇيمىز بۇ ئىنسانلارنى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوردا رەسساملىرى بۇ پەيتنى نېمىشقا بۇنچە ئىشتىياق بىلەن سىزىپ كېتىدىغاندۇ؟

_ چۈنكى پادىشاھ يىغلاۋاتىدۇ، شۇڭا،_ دېدىم،_ رەسىمدىن چىقىپ تۇرغان مەنا پۇشايمانلىق ۋە ئازاب... لېكىن ئەسلى مۇددىئا، سۇلتاننىڭ رەھىمسىز كۈچ-قۇدرىتىنى

گەۋدىلەندۈرۈش، دېمىسىمۇ بۇ رەسىملەرنى ئۇلار پۇل بېرىپ سىزغۇزىدۇ. بىچارە ۋە ئەقىلسىز سۇھرابلار ئەمەس.

_ سۇھرابقۇ ئەقىلسىز، لېكىن ئودىپۇس ئەقىللىقمۇ؟_ دېدى ئايشە.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتۈپ ۋىتفوگېلنىڭ كىتابىغا ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالدۇق: لېكىن دادامنىڭ ياردىمى ۋە بۇ كىتاب ئارقىلىق، دادا ۋە ئوغۇل ئۆلتۈرۈش چۈشەنچىلىرى بىلەن مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت قۇرۇۋالغان ئىدۇق.

شۇ قىشتا ئۆتكۈرەندىكى يەرنى سېتىۋېلىشنى قارار قىلدىم. ئىستانبۇلنىڭ نوپۇسى بۇ تەرەپكە قاراپ دولقۇندەك سۈرۈلۈۋاتاتتى. قارا دېڭىز تەرەپتىكى ئۈچىنچى بوغۇز كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارنىڭ ھاياتلىقىنى بۇ يەرگە توشۇپ كېلىدىغانلىقىنى مۇرات بىزگە بەك بۇرۇنلا ئېيتقان ئىدى. كونا چۆچەكلەر، پالاكەت، ئەسلىمە دېگەندەك باھانىلەرنى ئىجات قىلىشنىڭ ئورنىغا سۇھرابنىڭ زورىيىشىنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى.

ئۆزىمىزنى جىددىي بىر شەكىلدە ئىشقا بېغىشلىۋەتكەن شۇ كۈنلەردە، سۇھرابنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ، پۈتۈن بۇلارنى قالدۇرىدىغان بىرەر بالامنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چەكتىم. بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، ئۇنىڭ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا دادىسىنىڭ يولىدا ماڭمايدىغانلىقى، باشقا بىر ھايات ياشايدىغانلىقى بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇراتتى. لېكىن بەربىر ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولاتتى! ئۇنىڭ ئۇستىگە يازغۇچى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ يېنىدا ئودىپۇس ۋە سۇھرابنىڭ ھېكايىسىنىڭ نە قەدەر ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دادامنىڭ ئايالى يانفونى بىلەن ئايشەگە تېلېفون قىلدى، دادامنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. دەرھال ماشىنىغا چىقتۇق، لېكىن ئىشخانىدىن چىقىپ دەل ئۈچ سائەت ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن دادامنىڭ ئۆيىگە بارالىدۇق. دەرىزىسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، ھەتتا ئاچچىقىم كەلدى ۋە دادامنىڭ ئايالى يىغلاپ ئىشىكنى ئېچىشىغا باشتا ئۇلارنى سوقۇۋشۇپ قالغان چېغى دەپ قاپتىمەن. لېكىن ئۆيگە كىرە-كىرمەيلا دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. بىرسى چىراقنى ياقتى ۋە پەقەتلا كۆرگۈم يوق ئىشنى پۈشايمان ئىچىدە كۆردۈم. دادام، ئاخىرقى قېتىم كەلگەن چېغىمىزدا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاتلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن دىۋاندا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

قاچان جان ئۈزگەن بولغىيتتى؟ بىز يولدا كېلىۋاتقان چاغدا جان ئۈزگەن بولسا بۇ مېنىڭ خاتالىقىم بولاتتى. لېكىن، بەلكىم بىزگە تېلېفون كەلگەندە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دادامغا قارىماي، بۇ سوئالنى بىر رازۋېتچىكتەك تەكرارلاۋاتاتتىم ۋە

يىغلاۋاتقان ئايالدىن بىر جاۋاپ ئالالمايۋاتاتتۇق.

ئۇ كىچە دادامنىڭ ئۆيدە قالدىغانلىقىمىز ئېنىق بولغاندىن كېيىن، توڭلاتقۇدىن كۇلۇپ راكىسى ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدىم. بىر دوختۇر كېلىپ، بىزمۇ بىلىدىغان نەتىجىنى بىر قەغەزگە يازغاندا ئۆلۈم سەۋەبىنىڭ يۈرەك كېسىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ قەغەزنى ئوقۇۋاتقاندا ۋە كېيىن ئۇچىمىز دادامنى ھوجرىسىدىكى پاكىز كارىۋاتقا ياتقۇزىۋاتقاندا يىغلاپ سالارمەنمىكىن دەپ قالغان ئىدىم. بەلكىم يىغلىغاندىمەن، لېكىن ئايالى شۇنچىلىك ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتاتتىكى، مېنىڭ مىشىلداشلىرىم ئاڭلانمايلا قالدى.

يېرىم كېچىدىن خېلى كېيىن ئايالىم دىۋاندا، دادامنىڭ ئايالى ئۆيدىكى يەنە بىر كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندا، دادامنى ياتقۇزغان كارىۋاتتا، ئۇنىڭ يېنىدا ياتتىم. بىچارە دادامنىڭ چاچلىرى، ياڭاقلىرى، قولى، پۈرلەشكەن كۆينىكى ھەتتا ھىدىمۇ ھېلىھەم كىچىك چېغىمدىكىدەكلا ئىدى.

تۇرۇپلا دادامنىڭ بويىنىغا، تېنىگە كۆزۈم چۈشتى: يەتتە ياش چېغىمدا بىر قېتىم ئانام، مەن، دادام ھەيبەلى سۇ ئۈزۈش ئورنىغا دېڭىزغا چۈشۈش ئۈچۈن بارغاندۇق. مېنى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن دەپ، ئانام مېنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئاستا سۇغا قويۇپ بېرەتتى، مەن ئۇچ قەدەم نېرىسىدا ئۆرە تۇرغان دادامغا قاراپ جان -جەھلىم بىلەن تىپىرلىغىنىمچە سۇ ئۈزۈۋاتاتتىم. دادامنىڭ يېنىغا كېلەي دەپ قېلىشىمغا ئۇ مېنى يەنە بىردەم ئۈزسۇن ۋە تېزراق ئۆگەنسۇن، دەپ بىر قەدەم كەينىگە داجىۋالاتتى، مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھاياجان بىلەن «دادا، كەتمە!» دەپ ۋارقىرايتتىم. تولا ۋارقىراپ، جىددىيلىشىپ كەتكىنىمنى كۆرگەن دادام كۈلۈمسىرەپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مېنى خۇددى بىر مۈشۈككە ئوخشاش كۆتۈرۈپ سۇدىن چىقىراتتى ۋە دېڭىزدا تۇرۇپمۇ ئۆزگىچە ھىدى كېلىۋاتقان بويىنىغا ۋە مەيدىسىگە (ئەرزان سوپۇن ۋە پىچىنە ھىدى )، مانا ھازىر مەن قاراپ تۇرۇۋاتقان بويىنىنىڭ دەل مۈشۈ يېرىگە بېشىمنى قوياتتى. ئاندىن ھەر قېتىمدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:

_ ئوغلۇم، ئۇنچىۋالا قورققۇدەك بىر ئىش يوق. قارا، مەن بار مانا، ماقۇلمۇ؟

_ ماقۇل،_ دەيتتىم مەنمۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىمچە ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇشنىڭ ئىشەنچى ۋە خۇشاللىقى بىلەن.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

دادامنى فەرىكۆي مازارلىقىدا يەرلىككە قويدۇق. تۇپراق بېشىدا ئۈچ خىل جامائەت بار ئىدى: ئالدى تەرەپتە، كۆزلىرى ياش يۇقى ئاياللى، بىز ۋە ئۇزاق-يېقىن بارلىق تۇغقانلار؛ كەينى تەرەپتە تۇرغان ۋە دادامدىن بەكرەك مېنى دەپ كەلگەن قۇرۇلۇش سودىگەرلىرى، ئىنژېنېرلار ۋە سودىگەرلەر شۇنداقلا ئىككى ئۆچتىن بىر يەرگە توپلىشىپ تاماكا چەككەچ مىيىت نامىزىنى ساقلىشىۋاتقان كونا سىياسىي دوستلىرى.

شۇنداق سۆزلەپ بەرگۈم بولسىمۇ، تېمىمىز بىلەن ئالاقىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن دەپنە تەپسىلاتلىرىنى زىغىرلاپ ئولتۇرمايمەن. فەرىكۆي مازارلىقىدا جامائەت تارقىلىشقا باشلىغاندا تەتۈر ئۇستىخان، يوغان، لېكىن ئوماق بىر ئادەم كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى.

«سەن مېنى بىلمەيسەن، لېكىن مەن سېنى ئۇزۇندىن بېرى بىلىمەن جەم بەي» دېدى.

كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ «ئەيىپكە بۇيرۇما» دەپ ئىسىم كارتىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى.

لېكىن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىشلىرىمىزغا قايتىدىن كىرىشكەن چېغىمىزدا ئۇ كارتىغا قاراش پۇرسىتىم بولدى. مېنى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيدىغان ۋە ھازىر «مەتبەئەچىلىك ۋە ئىسىم كارتىسى، باغاق ۋە ئېلان ئىشلىرى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سىررى سىياھئوغلۇ زادى كىمدۇ دەپ ئۇن ئالتە يېشىمنىڭ ياز پەسلىدە ئۆنگۆرەندە كۆرگەن كىشىلەرنى ۋە چىرايلارنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. يەنە بىر قۇدۇقچى شاگىرتى ئەلىنىڭ چىرايى دائىم كۆزۈمنىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ماھمۇت ئۇستام ۋە قىزىل چاچلىق ئايالدىن قالسا، ھەممىدىن بەك ئۇ توغرۇلۇق خەۋەر ئالغۇم بار ئىدى.

سىررى بەينى ئەسلىيەلمەي ئۇ ئۆزى باسقان ئىسىم كارتىسىدىكى ئادرېسقا بىر ئې-خەت ئەۋەتتىم. سىررى بەيدىن ھەم كونا ئۆنگۆرەنلىكلەرنى سوراۋشتە قىلماقچى ھەم ھېلىقى يەر ھەققىدە ئۇچۇر ئىگەللىمەكچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆستىگە نۇرغۇن يىلدىن كېيىن، ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا بىر قۇرۇلۇش سودىگىرى سۈپىتىدە بېرىش ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئەمەسمىدى؟

ئون كۈندىن كېيىن نىشانتېشىدىكى ساراي تاتلىق-تۈرۈم دۇكىنىدىكى ئۇچرىشىشىمىز نە قەدەر قىسقا بولغان بولسا، شۇ قەدەر ساراسىملىك بولدى. ئۇنىڭ بۇنىڭ گېپىنى پەقەتلا قىلىشمىدۇق؛ بۇ مېنىڭ خاتالىقىم بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ھەر

دەققىسىدە ھەم ئۇنىڭدىن ھەممە ئىشنى سوراپ بىلىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى، ھەم قورقۇنچ ئىچىدە ھېچنېمىنى سورىغۇم ياكى بىلگۈم كەلمەي قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

سىررى بەي  مىيىت نامىزىدا كۆرگىنىمدىنمۇ بەكرەك تەتۈر ئۇستىخان ۋە سېمىز ئىدى. ئۆڭگۆرەندىكى بىر ئاي جەريانىدا كۆرگەن چىرايلار ئىچىدىن ئۇنى يەنىلا ئەسلىيەلمىدىم. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىمنى پۇشۇرۇشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، مېنى ئۇزۇندىن بۇيان بىلىدىغان تۇرۇغلۇق، مېنى تونۇجى قېتىم مىيىت نامىزى كۈنى كۆرگەنلىكىنى ماڭا بىردەمدىلا دەپ بېرىپ ئۈلگۈردى.

دادامنى تونۇيدىكەن؛ ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن، مىيىت نامىزىغا قاتنىشىپ ئۇنىڭغا بولغان تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن مەمنۇن بولغانىكەن. نامازدا مېنى كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ. چۈنكى دادامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنمەن: ماشائاللاھ، ئۇنىڭدەك قاملاشقان، يۈزى نۇرلۇق، ئاقكۆڭۈل ئىكەنمەن. دادام بەك ۋەتەنسۆيەر، پىداكار ئىكەنتۇق. دۆلەتنى ئۈچۈن ئۆزى ئاتىۋەتكەنىكەن. بۇلارنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلغانىكەن. بۇنىڭغا جاۋابەن قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپتۇ، لېكىن سېتىلماپتۇ؛ قاماقتا يېتىپتۇ لېكىن بەزىلەرگە ئوخشاش ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ. لېكىن مېڭ ئەپسۇس، دادامغا تۆھمەت چاپلىنىپتۇ، ئۆز دوستلىرى ئۇنىڭغا ئازار بېرىپتۇ.

_ نېمە تۆھمەت سىررى بەي؟

_ جەم بەي، كونا سىياسىي غەيۋەتلەر، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەخمىقانىلىقلار بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالماي. سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى. سىزنىڭ شىركىتىڭىز سۇھراب مېنىڭ ئەرزىمەس يېرىمگە قىزىقىپ قاپتۇ، لېكىن ئىنژېنېر ۋە بوغالتىرلىرىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىدۇ. سىز ئادالەتسىزلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان بىر دادىنىڭ ئوغلى،  بىلىپ قىلىشىڭىز كېرەك دەپ ئويلىدىم.

كۋادرات مېتىرىغا قاراپ ھەممە ئادەمگە بېرىلىۋاتقان باھادا پۇل بېرىلمەپتۇ، چۈنكى ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ ئىگىسى دەپ تۇرۇۋالغان باشقا شىرىكلىرىمۇ چىقىپ قاپتۇ. ھالبۇكى بۇ يەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا مىش.

_سىررى بەي، يېرىڭىزنىڭ يەر ۋە چېرتيوژ نومۇرى بارمۇ؟

_ يەر خېتىنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى ئېلىپ كەلدىم. لېكىن شىرىكلىرىمنىڭ گېپىگە كىرىپ خاتا چۈشىنىپ قالمىغايسىلەر.

ماڭا سۇنغان يەر خېتىدىن بۇ يەرنىڭ ئورنىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپ، خىيالىي بىر كەيپىياتتا :_ بىلەمسىز سىررى بەي، مەنمۇ بىر چاغلاردا ئۆڭگۆرەنگە بارغان،_ دېدىم،_

شۇڭا ئۇ يەردىن ئازراق خەۋىرىم بار.

_ ئەلۋەتتە بىلىمەن جەم بەي. 1986- يىلى بىزنىڭكىلەرنىڭ چېدىر تىياتىرىغىمۇ كەپتىكەنسىز. شۇ ئايدا تۇرگاي بەي ئايالى بىلەن مېنىڭ ئارقا تەرەپكە قارايدىغان ئۆيۈمدە، تۇرگاي بەينىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئىستانسا مەيدانىغا قارايدىغان ئۇستىدىكى ئۆيدە تۇرغان ئىدى.

ئۆيدە مەن قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن بىرگە بولغان ۋېۋىسكىچى بوۋا! ئايالى ئىشكىنى ئېچىپ ماڭا تىياتىرچىلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. نېمىدەپ پەرەز قىلالمىغاندىمەن؟

_ سىلەر ماھمۇت ئۇستام بىلەن يۇقارقى تۇزلۇكتە قۇدۇق كولاۋاتقان ئىدىڭلار،_ دېدى. ماڭا يەر خېتىنى كۆرستىپ تۇرۇپ:_ مېنىڭ بۇ كىچىك بىر پارچە يېرىممۇ سىلەر قۇدۇق كولىغان يەرنىڭ سەل نېرىسىدا. ماھمۇت ئۇستامغا ھەشقاللا، ئۇ قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىۋېدى، كارخانا خوجايىنلىرى ئۇ يەرلەرگە دۇم چۈشۈشتى. مەنمۇ ۋېۋىسكىچىلىك دۇكىنىدىن تۇزۇك كىرىم قىلالمايۋاتاتتىم... لېكىن ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى بۇنى قىلىپ يۈرۈپ بىر ئىككى يىلدىن كېيىن بىزمۇ ئۇ يەردىن بىر پارچە يەر سېتىۋالدۇق. بۇ يەر بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بارلىقى ھازىر.

يىللاردىن بۇيان كاللامنىڭ بىر يېرىدە، ياق ھەممە يېرىدە بىلىپ تۇرغان، لېكىن ئىشەنمىگەن بىر ئىشنى، ماھمۇت ئۇستامغا بىر ئىش بولمىغانلىقىنى، ھەتتا قۇدۇق كولاشنى داۋاملاشتۇرۇپ سۇ چىقارغانلىقىنى ئۇققان ئىدىم. بۇ يېڭىلا ئۇققان ئىشنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تاتلىق-تۇرۇم دۇكىنىدىكى ئالدىراش-سالدىراش بىر نەرسە يەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، سودىلىقتا چىققان ئايالالار ۋە گالستۇكلۇق ئەرلەردىن شەكىللەنگەن كىشىلەر توپىغا خيالغا پاتقان ھالدا قارىدىم، لېكىن ئەقلى-خىيالىم ئۆتمۈشتە ئىدى.

ماھمۇت ئۇستامنى بىر كېلىشمەسلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمغا ئوتتۇز يىلدىن بېرى نېمىشقا ئىشەنگەن بولغىيتتىم؟

ئودىپۇسنى ئوقۇغانلىقىم، ھېكايىگە ئىشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئويلىغىم كەلدى. كونا ھېكايىلەرنىڭ كۈچىگە ئىشىنىشىنىمۇ ماھمۇت ئۇستامدىن ئۆگەنگەن ئىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا ئودىپۇسقا ئوخشاش ئۆتمۈشتىكى گۇناھىمنى سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتىم.

_ ماھمۇت ئۇستام بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭىز سىررى بەي؟

مەن قايتىپ كېتىپ ماھمۇت ئۇستام سۇ چىقارغاندا، ھايرى بەي ئۇنىڭغا كۆپ مۇكاپات ۋە يېڭى ئىشلارنى بېرىپتۇ. قۇدۇق كولاش جەريانىدا ئۇستىگە چىلەك چۈشۈپ

كېتىپ بوينى يارىلانغاچقا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت –ئىكرام بىلدۈرىشىپتۇ. ھايرى بەي، ماھمۇت ئۇستامغا يەنە ئىككى قۇدۇق كولىتىپ، ئۇلارنى پەستە بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ بىر ئامبار ياسىتىپتۇ. كېيىن باشقا فابرىكىلار، يۇيۇش ۋە بوياش سېخلىرىمۇ سۇ ئامبارلىرىنى ۋە كولايدىغان، بېتون تۆكىدىغان ئىشلىرىنى ئۇستامغا قىلدۇرۇپتۇ. قۇدۇقچىلىق ئىشى ۋەيران بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بوينى كاردىن چىققانلىقى ئۈچۈن رەھمەتلىك ئۇستام ئۆڭگۆرەنگە يەرلىشىپ قاپتۇ.

_ ماھمۇت ئۇستام قاچان تۆگەپ كەتتى؟

_ بەش يىلدىن ئاشتى،_ دېدى سىررى بەي. ماھمۇت ئۇستامنى دۆڭنىڭ يېنىدىكى مازارلىقتا دەپنە قىلىپتۇ. ئۆڭگۆرەندىكى شاگىرتلار، باشقا ئۇستالار، فابرىكا خوجايىنلىرى، ھەممىسى مېيىت نامىزىغا كېلىشىپتۇ.

_ دادامدەك ياخشى كۆرەتتىم ماھمۇت ئۇستامنى،_ دېدىم قاشلىرىمنى قىزىقسىنىش ئىچىدە كۆتۈرۈپ.

سىررى بەينىڭ قاراشلىرىدىن ماھمۇت ئۇستامغا يامانلىق قىلغانلىقىمنى، ئەسلىدە ئۇنىڭ مەندىن رەنجىگەن ۋە غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. لېكىن ھازىر مەندىن ياردەم تىلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى بەك چوڭايتقۇسى يوقلۇقىنىمۇ سېزىپ تۇراتتىم. ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئۇنى ئۆلتۈردۈم دەپ قېلىپ، جىددىيلىشىپ كېتىپ ئۇنى قۇدۇقنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويغانلىقىمنى بىلەرمىيدى؟

ماھمۇت ئۇستام قۇدۇقتىن قانداق چىققان بولغىيتتى؟ بۇ سۇئاللارنى ۋە قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشنى شۇنداق سورىغۇم كېلىۋاتاتتى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىۋاتاتتىم.

_ ماھمۇت ئۇستا ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق شاگىرتىم، دەپ گېپىڭىزنى قىلاتتى ،_ دېدى سىررى بەي ياخشى بىر گەپ قىلىشقا كۈچەپ.

بەلكىم ماھمۇت ئۇستام، بۇرۇن بۇ سۆزىگە «ئوقۇغان كىشىدىن قورقساڭ بولىدۇ ئەسلى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قوشۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى ۋە دېگىنى توغرا ئىدى. بوينىنىڭ يارىلىنىشىغا مەن سەۋەپچى ئىدىم.

سىررى بەي مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ياتقانلىقىمنى بىلمەيتتى. ئەسلى سورىماقچى بولغانلىرىمنى سورىماستىن، گەپنى ئۆزارتىپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن بۇ ئۈچۈرلارغا ئېرىشتىم: سىررى بەي ۋە ئايالى ئىستانسا مەيدانىغا قارايدىغان ئۇ بىنادىن چىقىپ كېتىپتۇ. چوڭ دەرىزىلىك كىر چىراي بىنا چېقىلىپ ئورنىغا سودا سارايى سېلىنىپتۇ. ھازىر ئۇ يەرگە ياشلار يىغىلىدىكەن. يەر مەسىلىسىنى نەق

مەيدانغا بېرىپ ھەل قىلماقچى بولۇپ ئۆنگۆرەنگە بارسام ئاۋۋال ماڭا شۇ يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويىدىكەن، ئاندىن مېنى ئۆز ئۆيىدە كەچلىك تاماققا تۇتۇۋالماقچى ئىكەن. پائالىيەتلەردىن ۋاز كېچىپتۇ، لېكىن كونا سەپداشلىرى بىلەنمۇ يامانلىشىپ قالماپتۇ. ئۇمۇ پات-پات «ئىنقىلاپچى يۇرت» گېزىتىنى ئېلىپ قويىدىكەن. «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن ھەپىلىشمەن دېمەي، قۇرۇلۇش، ئىنشائاتلاردىكى تەڭسىزلىكلەرنى يازغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.» دېدى.

بۇ ئاخىرقى گېپىدە بىر تەھدىت بارمىدى؟

_ سىررى بەي، مەن بىزنىڭكىلەرگە دەپ قويىمەن، ئادالەتسىزلىككە يول قويمايدۇ. لېكىن مېنىڭمۇ سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. دادامغا زادى قانداق تۆھمەت چاپلانغان، سۆزلەپ بەرسىڭىز...

بۇنداق ئىشلار يالغۇز مېنىڭ دادامنىڭلا بېشىغا كەلمىگەن ئىكەن. ئۇ چاغلاردا تۈركىيە قالاق ئىكەنتۇق. كۆڭلى ياخشى قۇراللىق ماركسىزىمچى _سولچىلار، بولۇپمۇ ئانادولۇدىن كەلگەنلەر ئىنتايىن «فېئودال» ئىكەنتۇق. تەشكىلات ئىچىدىكى قىز-ئوغۇل مۇناسىۋەتلىرىنى، ئوچۇق -ئاشكارا قانات سۆرىشىپ يۈرگەنلەرنى، مۇھەببەتلىشىش ھېكايىلىرىنى ياقتۇرمايدىكەنتۇق. تەشكىلات رەھبەرلىرى كۆڭلەش، جېدەل-ماجرالارغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارغا رۇخسەت قىلمايدىكەن. ئىنقىلابىي تەشكىلاتتا دادامنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئانچە ياخشى تەسىر قالدۇرماپتىكەن.

_ قىز بەك گۈزەل ئىدى، لېكىن ئىنقىلاپچى يۇرتنىڭ ئەڭ ئۇستىدىكى بىر كاتتىباشنىڭمۇ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشكەن ئىكەن،_ دېدى سىررى بەي.

ئىش مۇشۇ سەۋەبتىن چوڭىيىپ كېتىپتۇ ۋە دادام ئۇ تەشكىلاتتىن چىقىپ باشقا بىر تەشكىلاتقا قوشۇلۇپتۇ. قىزغا كۆزى چۈشكەن ئادەم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپتۇ، كېيىن ژانىدارما تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلگەندىن كېيىن، تەشكىلاتتىن چىقىپ كېتەلمىگەن قىز، ئېرىنىڭ ئۇكىسى بىلەن توي قىلىپتۇ. ئەسلىدە دادام بىلەن ئۇ ساراڭ قېتىش قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئەپسۇسلىنىپ كېتىشىنىڭمۇ ئورنى يوقكەن، چۈنكى دادام كېيىن كاللىسىنى ئىشلىتىپ تەشكىلات سىرتىدىن بىر قىز بىلەن توي قىلغان ئىكەن ۋە مەن تۇغۇلغان ئىكەنمەن. دادامۇ ھازىر ھايات بولمىغاچقا، بۇ ھېكايىلەر ئىنشائاللاھ مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلمىغان ئىدى.

_بولدى، كەتتى، سىررى بەي، كۆڭۈل يېرىم بولغۇدەك بىر ئىش يوق. كونا بىر مۇھەببەت ھېكايىسى _ خالاس.

_جەم بەي، ئەسلىدە ئۇلارنى سىزمۇ تونۇيسىز.

_ كىملەرنى؟

_ ئۇ قىز بىلەن كېيىن تويى قىلغان كىشى تۇرگاي ئىدى. مىنىڭ ئۆيۈمدە تۇرغان ھېلىقى تىياتىرچى قىز ئىدى دادىڭىزنىڭ سۆيگىنى.

_نېمە؟

_ھېلىقى قىزىل چاچلىق گۈلجەھان خانىم. ئۇ چاغلاردا چېچى تۇم سېرىق ئىدى. رەھمەتلىك دادىڭىزنىڭ ياش سۆيگىنى ئۇ ئىدى.

_ شۇنداقمۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ئۇلار ھازىر؟

_ كېتىپ قېلىشتى... كېيىن يەنە ئىككى ياز ئەسكەرلەرگە تىياتىر قويۇش ئۈچۈن چېدىرلىرى بىلەن كېلىشتى، كېيىن ئىزدىمىدى. مەنمۇ پائالىيەتتىن چىقىپ كەتتىم. باللىق بولغاندىن كېيىن باشقا ئىشلارغا، باشقا شەھەرلەرگە كەتكەنلەرگە ئوخشاش... ئوغلى بوغالتىر، مىنىڭ ئىشلىرىمنىمۇ قىلىپ بېرىدۇ. ئۆزگۈرەندىكى كونىلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوخشاش بىز تېخىچە شۇ يەردە، يولىڭىزغا قارايمىز.

بىز ئايرىلغىچە ئىككىنچىلەپ قىزىل چاچلىق ئايال ھەققىدە گەپ سورىمىدىم. سىررى بەي كۆڭلۈمگە كەلمىسۇن، دەپ ھېكايىنى سەل نېرى -بېرى قىلىپ، ۋەقەلەرنى ئالتە-يەتتە يىل ئىلگىرىگە، ئانام بىلەن دادامنىڭ تونۇشۇپ تويى قىلىشىدىن ئاۋۋالغا سۈرۈپ قويغان ئىدى. ھالبۇكى مەن سەككىز، توققۇز ياشقا كىرگەندە دادام ئىككى يىل يوقاپ كەتكەنىدى. شۇ قېتىم يوقاپ كەتكىنىدە، دادامنى ئانامنىڭ ئانچە ھۆرمەتلەپ كەتمىگىنىنى، ئۇنىڭغا بەك غەزەپلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئۇ يوقاپ كېتىشىنىڭ بىر سىياسىي تەرىپى بارلىقىنى ئەلۋەتتە بىلەتتۇق، لېكىن يۈز بەرگەن ئۇ ئىشلارنىڭ نومۇسلۇق بىر تەرىپىمۇ بار ئىدى. ئانامنىڭ غەزىپىنىڭ دۆلەتكە ئەمەس، دادامنىڭ سىياسىي دوستلىرىغا قارىتا ئىكەنلىكىدىن ۋە كۈسۈلداشلاردىن چۆشىنىپ يېتەتتىم بۇنى.

تاتلىق-تۈرۈم دۈكىنىدىن سىررى بەي بىلەن بىللە چىقتۇق. خەۋەر تاپقانلىرىمدىن ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالغانىدىم. بۇنچىۋالا سالپىيىپ كەتكەنلىكىمنى كونا ۋېۋىسكىچىدىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. دادىسىز ۋە ئوغۇلسىز بىر ئەرۋاھتەك، كوچىلاردا ئۈزۈندىن-ئۈزۈن ماڭدىم.

# ئۆتتۈز ئالتىنچى باب

ئاخشىمى ئايشەگە يەر ئىشى بىلەن ئۆنگۆرەنىنىڭ كونا ھېكايىلىرىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بىرسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى ئېيتتىم. پۇشايمانلىق ياكى گۇناھكارلىقتىن بەكرەك بىر خىل ئالدانغانلىق تۇيغۇسى، بالا ئورنىغا قويۇلۇشنىڭ كەمسۇندۇرغۇچى تۇيغۇسىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. دادام رەھمەتلىك نېمە دەر بولغىيتتى؟ دادا بالا ئىككىمىزنىڭ يەتتە، سەككىز يىلنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش بىر ئايال بىلەن ياتقانلىقىمىزنى بىلسە نېمە دەر بولغىيتتى؟ بۇنى ئويلاندىم، لېكىن كۆپ ئەمەس. ئايالىمغا يېقىن تۇرۇشنى خالاپ قالدىم. لېكىن خەۋەر تاپقانلىرىمنىڭ مەندىكى تەسىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇردۇم. قىزىل چاچلىق ئايالدىن قورققان ئىدىم.

قىزىقىش روھىمنى غاجاۋاتاتتى، لېكىن خەۋەر تاپىدىغانلىرىمدىن ئۆزۈمنى تارتىۋاتاتتىم. ياخشى بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن تارتقان شۇنچە جاپالىرىمغا قارىماي، نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قېلىۋاتقان بىر خىل پۇشايمان ئىچىمنى قارايتىۋاتاتتى. ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ ئەيىپلەنمەك پەقەت چۈشلەردىلا كۆرۈلىدىغان بىر خىل قورقۇنچ ئىدى. بۇ ئەندىشىنى بەك كۆپ ھېس قىلىۋاتاتتىم.

سۇھراب بىر قۇرۇلۇش شىركىتى سۈپىتىدە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتاتتى، بىزمۇ ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالمايۋاتاتتۇق. ئۆي سېتىش ئىشلىرىنى ئايشەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىنى مەسئۇل قىلغان بىر بۆلۈم قىلىۋالغانىدۇق. خۇددى مۇراتقا ئوخشاش «ۋاي بەيكوزنىڭ ئارقا تەرەپلىرىدە نۇرغۇن يەر سېتىۋالدۇق، لېكىن بىرىپ كۆرۈپمۇ باقمىدۇق تېخى دەيمەن» دېگەندەك گەپلەرنى دېيىشتىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتۇق. «شىلەنىڭ كەينى تەرەپلىرىدە قانداق يەرلەر بار بىلمىدۇق، لېكىن ماشائاللاھ سۇھراب ئۇ يەرتىن نۇرغۇن يەر سېتىۋالدى» دېگەندەك گەپلەرنى دوستلىرىمىزغا دېيىش بىزنى سۆيۈندۈرەتتى، چۈنكى سۇھراب بىزنىڭ ئوغلىمىز ئىدى. بەك جىق ئوغۇلدىن تېزراق چوڭ بولۇۋاتاتتى، ئوخشاش تۈردىكىلەردىن مۇۋەپپىقىيەتلىكرەك بولۇۋاتاتتى ۋە ئاقىلانە قارارلىرى بىلەن دىققەتلەرگە سازاۋەر بولۇۋاتاتتى.

بەزىدە ھاياتىمنىڭ مەنىسىنى ساددىلىق بىلەن ئۆزۈمدىن سورايتتىم، پەرىشان بولاتتىم. بىر بالامنىڭ يوقلۇقى، مەندىن كېيىن بايلىقىمنىڭ ئىگە-چاقىسىز قالىدىغانلىقى بۇنىڭ سەۋەبى بولالارمىدى؟ غەمگە چۆككەنسېرى ئايشەنىڭ دوستلۇقىغا سىغىناتتىم.

ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشىمنىڭ كۈچلۈك، ئەقىللىق بىر ئايالغا يېقىن بولۇش ئېھتىياجىمدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئايشە بايقىغانىدى. ئۇنى پەقەت ئالدىمايدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن خۇپىيانە مەنئۇبى بىر ھاياتىم، پاناھگاھىم، بىر سىرىمنىڭ بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بەزى كۈنلەردە سۇھرابنىڭ ئىشخانىلىرىدا بىر-بىرىمىزنى بىرەر سائەت كۆرمەي قالساق يان تېلېفون بىلەن تېلېفون قىلىپ «نەدىسەن؟» دەپ سورىشاتتۇق. بۇ يېقىنلىق بىزگە ئاتا قىلغان ئۆزئىشەنچ ۋە ئۆزىمىزگە مەپتۇنلۇق 2013- يىلىنىڭ بېشىدا سۇھرابنى بەك كۆپ زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىر خاتالىقنى ئۆتكۈزىشىمىزگە سەۋەپ بولدى.

بىزنىڭكىگە ئوخشاش قۇرۇلۇش ۋە ئىنشائات قانۇنىدىكى ئۆزگەرتىشلەردىن پايدىلىنىپ تېز سۈئەتتە كېڭەيگەن، ئېگىز بىنالار بىلەن قاپلانغان تۇرالغۇلارنى سېلىۋاتقان باشقا چوڭ شىركەتلەر سالغان ئۆيلىرىنى سېتىش ئۈچۈن گېزىت ۋە تېلېۋىزورلارغا زور مىقداردا ئېلان بېرىۋاتاتتى. بىزمۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان بىر ئېلان شىركىتى بىلەن كېلىشتۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيدۇق.

قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ ئېلانىدا كاتتا خوجايىنلارنىڭ ئۆزى كۆرۈنەتتى، سالغان بىنالىرى ھەققىدە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەيتتى. بۇ، بۇرۇنقى چاغلاردا ئېگىز بىنالارنىڭ ئىشەنچلىك شىركەتلەر تەرىپىدىن سېلىنغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى: ئەنە ئاق چاچلىق، گالستۇك تاقىغان خوجايىن ئالدىڭىزدا تۇراتتى؛ يەر تەۋرەپ بولغۇچە ئۆرۈلىدىغان، ئاجىز، ئەرزان بىر قۇرۇلۇش قىلىپ سىلەرنى ئالدايدىغان بىر ئادەم ئەمەس ئىدى ئۇ!

ئېلان شىركىتىدىكىلەرگە كۆرە قېرى خوجايىنلارغا قارىغاندا ئايشە بىلەن مەن ياش، مەلۇماتلىق ۋە زامانىۋى ئىدۇق ۋە بىز بىللە چىقىدىغان بىر ئېلان پائالىيىتى سۇھرابنى سىرتتىن كەلگەن باشقا شىركەتلەردىن دەرھاللا پەرقلەندۈرەتتى، بەك ئىلگىرى باسقۇزاتتى. ئېلانغا چىققۇمىزنىڭ يوقلۇقىنى دېگەن بولساقمۇ، ئاخىرى كېلىپ كاللىمىز ئىشلىمەي قالدى؛ زامانىۋى ۋە سۇھراب دېگەن گەپلەر ئالدىدا بەل قويۇۋەتتۇق.

سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقان چاغلاردىن باشلاپلا خاتا بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ تۇراتتۇق. سۈرەتكە ئېلىش جەريانىدا، بىز ياشاپ باقمىغان سۈنئىي، ياسالما ۋە ياۋرۇپائىي بىر باي ھاياتنى مۇبالىغىلىك بىر شەكىلدە دورىدۇق. گېزىت ۋە ئېلان تاختىلىرىغىمۇ چىقىرىلىدىغان ئېلانلار تېلېۋىزوردا قويۇلار-قويۇلماس ھەم بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ھەم پەرەز قىلغىنىمىزدەك دوست-دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا بىزنى رەسۋا قىلدى. سۇھرابنىڭ ئىستانبۇلنىڭ ئۈچ ئايرىم بۆلۈكىدىكى (كاۋاجىك، كارتال ۋە ئۆنگۆرەن) ئۈچ تۇرالغۇ رايونىدا، باھاسى خېلىلا يۇقىرى ۋە تېخى پۈتمىگەن بىنا ئۆيلەر تېز

سۈرئەتتە سىتىلىۋاتقان كۆڭلەردە، دوستلىرىمىزنىڭ ئېلاندىكى ياسالما قىياپەتلىرىمىز ۋە ساختا ھەرىكەتلىرىمىز ھەققىدە قىلغان مەسخىرە ۋە زاڭلىقلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدۇق. ئاقكۆڭۈلرەك دوستلىرىمىز «بۇنچىۋالا ئالدىغا چىقىۋېلىشىڭلار توغرىمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىزنى ئاگاھلاندۇردى. ئوسمانلىنىڭ، رۇسىيەنىڭ، ئىراننىڭ، جوڭگونىڭ بايلىرى رەھىمسىز دۆلەتتىن قورققانلىقى ئۈچۈن بايلىقلىرىنى ئاشكارىلىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىل تالا-تۈزگە پەقەت چىقماي، تېلېۋىزورنى قويماي بۇ ئېلان پالاكىتىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى ساقلىدۇق. بىر چاغلاردا سۇھراب بىزنىڭ ئوغلىمىز ئەمەس، بىز ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشكەندەك ھېس قىلىپ كەتتۇق ئۆزىمىزنى.

ئۇ كۆڭلەردە سۇھرابنىڭ ئېلان پائالىيىتىنى ۋە بىزنى مەسخىرە قىلىدىغان خەتلەر كېلىپ تۇراتتى. ھەپتىدە سەككىز، توققۇز پارچىسىنى مەن ئېچىپ، كۆپىنچىسىنى ئوقۇپ بولۇپ تاشلىۋېتەتتىم. لېكىن بىر پارچىسىنى يانچۇقۇمدا ساقلىدىم:

جەم بەي،
سېنى ھۆرمەتلىگۈم بار، سەن دادامسەن.
سۇھراب ئۆڭگۆرەندە خاتا ئىش قىلىۋاتىدۇ.
ئوغلۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغۇم كەلدى.
بۇ ئادرېسقا خەت يازساڭ ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن.
ئوغلۇڭدىن قورقما.
_ ئەنۋەر

ئاستىدا ئې _ خەت ئادرېسى بار ئىدى. سىررى سىياھئوغلۇغا ئوخشاش ئازراق غەيۋەت-شىكايەت ۋە تەھدىت بىلەن شىركەتتىن نەپ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئۆڭگۆرەنلىكلەردىن بىرسى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ماڭا سەن مېنىڭ دادامسەن دېيىشى خوشياققان ئىدى. «خاتا ئىش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈم كېلىپ سۇھرابنىڭ ئادۋوكاتى نەجاتى بەيدىن مەسلىھەت سورىدىم.

_ ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئۆڭگۆرەن كىچىك، ئادەتتىكى بىر ھەربىي بازار چېغىدا بىر قۇدۇقچىغا شاگىرت بولغانلىقىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ_ دەپ چۈشەندۈردى ماڭا_ بۇ گەپ ئېلان تارقالغاندىن كېيىن بىر ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتتى. تېلېۋىزورغا ئايالى بىلەن زامانىۋى بىر پاسوندا چىققان قورۇلۇش-ئىنشائات خوجايىنىنىڭ بۇرۇن ئۇلار بىلەن ياشىغانلىقىنى، قۇدۇقلاردا ئىشلەمچىلىك قىلغانلىقىنى بىلىش ئۆڭگۆرەنلىكلەرگە يېقىپ

كېتىۋاتىدۇ. لېكىن يەرلىرىنى ساتىدىغان چاغدا، ئوخشاش ئېپتىخارلىق بىلەن قوبۇل قىلغۇسىز باھا قويۇشۇۋاتىدۇ ۋە تۇنجى باھا تالىشىشتىلا سۆيگۈلىرى نەپرەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ نەپرەتنى چوخچىلاۋاتقان نەرسە، ئېلاندىكى ھالىتىڭىزنى ھەقىقىي دەپ قىلىپ سىزنى زىيادە ساختىپەز، ھەتتا دىنسىز دەپ قىلىشلىرىدىن بەكرەك، ھەممە كىشى بەك ياخشى كۆرىدىغان ماھمۇت ئۇستام بىلەن نۇرغۇن يىلنىڭ ئالدىدا ئاراڭلاردا قاملاشمىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ قىلىشلىرىدۇر. ماھمۇت ئۇستام، ئۆڭگۆرەندە سۇ چىقارغان ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن تولىمۇ ئەزىز بىر مەرتىۋىگە ئىگىدۇر! ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشىڭىز كېرەك. ئۇ يەردە ئوتتۇز يىل بۇرۇن پۈتۈن بىر ياز سۇ تېپىش ئۈچۈن قانداق ئىشلىگەنلىكىڭىزنى بىر سۆزلەپ بەرسىڭىز، سىزنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى شۇ ھامان چۈشىنىپ يېتىشىدۇ ۋە سۈھرابقا كېرەكسىز ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

لېكىن ئۆنگۆرەنگە بېرىشقا نېمىشقىكىن قارار قىلالمايۋاتاتتىم. ئودىپۇس بىلەن سۇھرابنىڭ ھېكايىسىنى يىللاپ ئوقۇپ، تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرىكىمنىڭ قورقۇنچ بىلەن تولغانلىقىنىڭ تەسىرى بار ئىدى بۇنىڭدا.

بەش ھەپتىدىن كېيىن نەجاتى بەي مەن بىلەن ئىشخانىدا يالغۇز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.

ــ ئۆزىنى سىزنىڭ ئوغلىڭىز دەپ قارايدىغان بىرسى بار جەم بەي.

ــ كىم؟

ــ ئەنۋەر. سىزگە خەت يازغان كىشى.

ــ راست شۇنداق بىر ئادەم بارمىكەن؟

ــ شۇنداق. يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە سىز ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن 1986- يىلى ئۆنگۆرەندە بىرگە بوپتىكەنسىز.

ئىستانبۇلنىڭ ئاسمىنىدا پەس ۋە قوغۇشۇن رەڭ بۇلۇتلار بار ئىدى. نىشانتىشىدا، ۋالىي قونۇقى كوچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېگىز ئىشخانا ۋە سودا-ساراي بىناسىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى ئۈچ قەۋىتىگە جايلاشقان سۇھرابنىڭ باش شىركىتىدە، مېنىڭ ئىشخانامدا ئىدۇق.

ــ ئۇ چاغدا سىز ئون ئالتە ياشتا ئىدىڭىز، ــ دېدى نەجاتى بەي مېنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ــ بۇ ئىشقا ئوتتۇز يىل بولاي دەپتۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا بۇرۇنقى چاغلاردا سوتچىلار دەۋاگەر ئانا-بالىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپمۇ قويمايتتى. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، دادىلىق دەۋاسى قىلىش، بىزدە قانۇن بويىچە سۆرەك بىلەن چەكلىنەتتى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بىر يىل...ئۇ چاغدا بولمىسا، بالا ئون سەككىزگە كىرگەندىن كېيىنكى بىر يىل...دېگەنىدەك. بۇ بالىنىڭ ئون سەككىزگە كىرگىنىگىمۇ سەككىز يىل بوپتۇ.

ــ بالىنىڭ گېپى توغرا چىقىپ قالسىچۇ؟

ــ تەكشۈرۈشمىزگە قارىغاندا، بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالغان چاغدا، تىياتىرچى ئانىسى يەنە بىر تىياتىر ئارتىسىنىڭ نىكاھىدا ئىكەن. تۈرك قانۇنى، ئائىلىنىڭ ئورنىنى قوغداش، دادىنىڭ نوپۇزى ۋە ئوبرازىنى زىيىنلىمەسلىك ئۈچۈن، مەيلى كىم نېمە دېسە

دېسۇن نىكاھلىق ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆزلىكىدىنلا بالىنىڭ دادىسى سۈپىتىدە نوپۇسقا ئالىدۇ. دېمىسمۇ ئەكسىچە بولۇشى ئىمكانسىزدۇر:« مەن ئېرىم بار تۇرۇغلۇق باشقا ئەر بىلەن ياتتىم، بالامنىڭ دادىسى ئېرىم ئەمەس، ئۇدۇر» دېگەن ئايال، ئەگەر ئېرى ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى شۇ ھامان پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرمىسە، بۇرۇنقى قانۇن بويىچە تۇرمىگە تاشلىناتتى.

_ بۇ قانۇنلار ئۆزگەردىمۇ؟

_ قانۇندىن ئاۋۋال تىبابەت ئۆزگەردى، جەم بەي. ئەمدى ئاقكۆڭۈل، جاپاكەش سوتچىلارنىڭ دادا بىلەن بالىنى مەھكىمىگە چاقىرتىپ، يانمۇ-يان تىزىپ، ئوخشىشامدۇ دەپ چىرايىغا قارىشىغا، «سەن بۇنىڭ ئانىسىنى تونۇمسەن، سۈرەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىشىغا كېرەك قالمىدى. ھازىر دادا بىلەن بالىدىن قان ئېلىپ، DNA سىنى تەكشۈرۈپلا كىم كىمنىڭ دادىسى، كىم كىمنىڭ بالىسى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغان بولدى. بۇرۇن بۇنداق بىر ئىش جەمىيەتنىڭ ئۆلگىدا كۆمۈلگەن بومبا دەپ قارىلىپ قوبۇل قىلىنمايتتى.

_ بىر بالىنىڭ دادىسىنىڭ باشقا بىرى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش نېمىشقا جەمىيەتنى تەۋرىتىۋېتىدۇ؟

_ جەم بەي، دادىلىق دەۋاسىدا تەجرىبىسى مول دوستلىرىمدىن ئۇققانلىرىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. ياش قىز بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ھامىلدار قىلىپ قويغان؛ قانۇندىن خەۋىرى بولغاچقا قىزنى بىر يىلغىچە «مانا توي قىلىمىز، ئەنە توي قىلىمىز» دەپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرگەن؛ ھامىلدار قىلىپ قويغان قىزنىڭ، ئوسمانلى پاشالىرىغا ئوخشاش يېنىدىكى بىرەرسى بىلەن تويىنى قىلىپ قويغان ئەرلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى... جان سانى كۆپ چوڭ ئائىلىلەردە، تاغىسىنىڭ ياش ئايالىنى ھامىلدار قىلىپ قويغان ياش جىيەنلەر، يېزىدىن مېھماندارچىلىققا كېلىپ چۈشكەن بىنا ئۆيدە خوشنىسىنىڭ، ئۆز ئاكىسىنىڭ ئايالىنى، ھەتتا ئۆز سىڭلىسىنى ھامىلدار قىلىپ قويغانلار... ئائىلە بۇزۇلمىسۇن، نومۇس ئاشكارىلىنىپ كەتمىسۇن، قان تۆكۈلمىسۇن دەپ ھەممە تۇۋاق يېپىق پېتى قالىدىكەن. لېكىن ئادەم بۇنداق ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ...جەم بەي، سىز 1986- يىلى، ئون ئالتە ياش ۋاقتىڭىزدا، بۇ بالىنىڭ ئانىسى گۈلجىھان خانىم بىلەن بىرگە بولغانمۇ؟

_ پەقەت بىر قېتىم شۇنداق بىر ئىش بولغان،_ دېدىم،_ لېكىن بىر قېتىمدىلا ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىغا تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

_ دادىلىق دەۋالىرىنى جىق كۆرگەن، تۇتقان نەرسىسىنى يۇلۇپ ئالالايدىغان، ئەڭ

يامان ئادۋۇكاتتىن بىرنى تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ ياش ۋە تىرىشچان ئادۋۇكات، ئۆزىمۇ نۇرغۇن يىللارغىچە باشقا بىر ئادەمنى دادا دەپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ توغرا، ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولسا، بۇ دەۋاغا قول تىقمىغان بولاتتى.

_ كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كىم بىلەلىسۇن،_ دېدىم،_ گۈلجىھان خانىم ھاياتمىكەن؟

_ ھاياتكەن.

_ مەن ئون ئالتە ياش ۋاقتىمدا چاچلىرى قىزىل ئىدى.

_ ھېلىھەم شۇنداق، ھېلىھەم گۈزەل. يولدىشى تۇرگاي بەي ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۆلارنىڭ نىكاھتىن تەلىيى كەلمەپتۇ، لېكىن ھېلىھەم ھايات ۋە تىياتىردىن مېھرى ئۈزۈلمەي ياشاۋېتىپتۇ. ئېرىدىن ئىنتىقام ئېلىشتىن بەكرەك، قىينىچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئوغلى ئۈچۈن بىر كىرىم مەنبەسى تېپىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغانلىقى ئېنىق. DNA سىنىقى ۋە بىر يىل چەكلىمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىدىن خەۋەردار بولسا كېرەك...

_ بالا نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

_ ئۆزىنى سىزنىڭ ئوغلىڭىز دەپ قارايدىغان كىشى، ئەنۋەر، مەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا بوغالتىرلىقتا ئوقۇپتۇ. بويتاق. ئۆنگۆرەندە كىچىك بىر بوغالتىرلىق ئىشخانىسى بار... مىللەتچى ياشلىق تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ ئالاقىسى باركەن. كۈرتلەر بىلەن سولچىلارغا ئۆچ ئىكەن. دادىسىغا ۋە ھاياتقا ئاچچىقى باركەن.

_ دادىسى دەپ تۇرگاي بەينى دەۋاتامسىز-يا؟

_ شۇنداق.

_ نەجاتى بەي، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

_ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا نېمە بولغانلىقىنى سىز مەندىن ياخشى بىلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولالمايمەن، جەم بەي. لېكىن بىز گېپىنى قىلىشىۋاتقان ئايال بىلەن بىرگە بولغانلىقىڭىزنى ئەسلىيەلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، قان تەكشۈرتۈپ باققىنىڭىز ياخشى...بۇ دەۋانى ئالاي، جىق گەپ قىلىپ ئولتۇرماي ئاۋۋال ئۆلاردىنمۇ قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەلەپ قىلاي. ھە راست، ئاۋۋال مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بۇيرۇقى چىقارتاي. ھېلى بىكار سۆھرابنىڭ خوجايىنى دەپ قاملاشمىغان خەۋەرلەرنى چىقىرىپ بىزنى بىئارام قىلىشمىسۇن.

_ ئايشە خانىممۇ ھازىرچە بىلمەي تۇرسۇن، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئاۋۋال ئەنۋەر بەي بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسىڭىز. بۇنى ئۆزىمىز مەھكىمىنىڭ سىرتىدا، چىرايلىقچە

كېلىشۋالساق.

ـ ئادۋۇكاتىنىڭ دېيىشىچە، دەۋاگەرنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى ياكى ئۇچرىشىپ قالغۇسى يوقكەن!

شۇئان بۇ گەپكە كۆڭلۈمنىڭ قاتتىق يېرىم بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە ئەسلىدە «ئوغلۇم» نى كۆرگۈم كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

قولى، چىرايى، ھەركەتلىرى مېنىڭكىگە ئوخشامدىغاندۇ ئەجىبا؟ ئۇچرىشىپ قالساق كۆڭلۈمدە قانداق تۇيغۇلار پەيدا بولار بولغىيدى؟ راستىنلا قاشىستا مىللەتچىلەر بىلەن ئېغىز -بۇرۇن يالىشىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرگەن يەرلەشكەندۇ؟ قىزىل چاچلىق ئايال بۇلارغا قانداق قارايدىغاندۇ؟

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

ئىككى ئايدىن كېيىن چاپا تىبابەت فاكۇلتېتىدا قان بەردىم. دوختۇرخانىنىڭ مەھكىمىگە يازغان دوكىلاتىدىن سوتچى جاكارلاشتىن بۇرۇن خەۋەر تاپقان نەجاتى بەي نەتىجىنى ماڭا تېلېفوندا بىلدۈردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سوتچى، ئەنۋەرنى بارلىق قانۇنىي نەتىجىلەر بىلەن مېنىڭ ئوغلۇم سۈپىتىدە نوپۇسقا ئېلىشقا ھۆكۈم چىقاردى. پۈتۈن بۇ مەھكىمە، قان ئالدۇرۇش، نوپۇسقا ئېلىش جەريانلىرىنىڭ بىرەرسىدە بولسىمۇ دوختۇرخانىدا ياكى مەھكىمىدە ئوغلۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خۇپىيانە خىيال قىلدىم. بىر-بىرىمىزنى كۆرسەك، تونۇجى ئىنكاسىمىز قانداق بولار بولغىيتتى؟

ئادۋوكات نەجاتى بەيگە كۆرە، ئوغلۇمنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسىنىڭ يوقلۇقىنى ياخشى ئىش دەپ قارىساق بولاتتى. بۇ خىل ئەھۋاللاردا قانچە ياشتا بولۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر ئوغۇللار دادىلارغا غەزەپلىنەتتى. نوپۇسقا ئېلىنار-ئېلىنمايلا، ئۇزۇندىن بېرى جاپادا ياشاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا ئوغۇل ۋە ئانىنىڭ تۆلەم تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلىش ھەققى بولاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇنى ھازىرغىچە قىلمىغانلىقىمۇ ياخشى ئەھۋال ئىدى. بەلكىم بىزنى قىستاپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش نىيەتلىرى يوق ئىدى. ئادۋوكات بۇ گەپنىڭ مېنى بەك ئۈمىتۋار قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مېنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى: بارلىق دادىلىق دەۋالىرى ئاخىرقى ھېساپتا بىر ئىقتىسادى دەۋا بولاتتى. تارىختا، مېنىڭ دادام بۇ مۇھىم ۋە باي ئادەم ئەمەس، ئاۋۇ نامرات ۋە ئادەتتىكى ئادەمدۇر، دەپ دەۋا –دەستۇر بولۇپ باقمىغانىدى. سۇھرابنىڭ مەبلەغلىرىگىمۇ مەسئۇل نەجاتى بەي، بۇ باھانىدە ئۆنگۆرەندە شىركەتنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پائالىيەت ئۆتكۈزىشىمىز كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى.

ئاۋۋال بۇلارنى ئايشەگە دەپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. بىر كۈنى «سەن بىلەن گەپ ئارىسىدا ئەمەس، كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار» دېدىم ئايالىمغا.

«نېمە ئىش؟» دېدى خەۋەردىن ئالدىنئالا قورققان ئايشە. لېكىن بۇ ئىشنى، قۇدۇقنىڭ تېگىدە تاشلاپ قويغان ماھمۇت ئۇستامغا ئوخشاش ئۆزۈمدىن ۋە ھەممە ئادەمدىن يوشۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم.

_ بىر ئوغلۇم باركەن،_ دېدىم ئايشەگە ئۆيدە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىككى رومكا

راكى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا. ۋە ھەممە ئىشنى ھېچبىرىنى يوشۇرماي، شۇ پېتى سۆزلەپ بەردىم. بىردەمدىلا بۇ ئىش مېنى قانچىلىك راھەتلەندۈرگەن بولسا، ئايشەنىمۇ شۇ قەدەر بىئارام قىلدى.

_ئەلۋەتتە، بالىغا مەسئۇل بولۇشلىك كېرەك،_ دېدى ئايشە ئۈزۈنغىچە ئۇن چىقارماي تۇرغاندىن كېيىن،_ لېكىن بۇ خەۋەردىن بەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇنى كۆرگۈڭ بارمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئايالىم باشقا سوئاللارنى تىزىۋەتتى: قىزىل چاچلىق ئايالنى كۆرگۈم، ئوغلۇم بىلەن دوست بولغۇم، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغۇم بارمىيدى؟ يىللاردىن بېرى دۇنيادىكى ئودىپۇس ۋە رۇستەم بىلەن سوھراب ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى مۇشۇ سەۋەپتىن تەتقىق قىلىۋاتقانمىدۇق؟

بولۇشىغا ئىچىپ، خۇدىمىزنى يوقاتقۇدەك مەست بولۇپ كەتكەن ئۇ كېچىسى، ئۆزىمىزدىن يوشۇرۇپ قالالمىغان ئەسلى تېما ھەققىدىمۇ پاراڭلاشتۇق: باشقا بالىمىز بولمىغانلىقى ۋە تۈرك قانۇنىدا ۋەسىيەتنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سوھرابنىڭ ئۈچتەن ئىككىسى ئۆزلىكىدىنلا بۇ ئوغۇلغا قالاتتى. ئايشە مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە(ياش پەرقىمىز چوڭ بولمىغاچقا بۇ مۇھىم بىر ئېھتىماللىق ئىدى)، مەندىن كېيىن سوھراب تامامەن بىز چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ بالىنىڭ بولاتتى.

_ كېچە چۈشۈمدە ئوغلۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم،_ دېدى ئايشە ئەتىسى ئەتىگەندە.

مىراس، قانۇن، ئادۋوكات ھەققىدە پاراڭلاشقان يەنە بىر ئاخشامنىڭ ئەتىسى ئەتىگىنىدە تېخىمۇ ئوچۇق ۋە ئۇدۇللا قىلىپ مۇنداق دېدى: _ دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، لېكىن بەزىدە ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكۈم كېلىدۇ. بۇ ھارامىلىقنىڭ ئىسمىمۇ سوھراب بولغان بولسا تولۇق بولغان بولاتتى.

_ ئۇ سەت سۆزنى ئىشلەتمە،_ دېدىم ئايالىمغا،_ بالىنىڭ بىر گۇناھى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ كىملىكى ئېنىق ھازىر.

بالام تەرەپتە تۇرغانلىقىم ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى بۇزاتتى، جىمىپ قالاتتى. بىر مەزگىل ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭدىن خۇپىيانە كۆرۈشكەن-كۆرۈشمىگەنلىكىمنى سوراپ ئاغزىمنى تاتلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەي دەپ:_ ئۇ بالىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق،_ دېدىم،_ غەلىتىلا بىر بالا بوپتۇ.

_ سەن ئۇنى قانداقراقتۇ، دەپ قىزىقتىڭمۇ؟ ئۇنى كۆرگۈڭ بارمۇ؟

_ ياق،_ دەپ يالغان سۆزلىدىم ئايالىمغا ۋە بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىشىم

كېرەكلىكىنى، چۈنكى ئوغلۇمغا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە قىزىقىۋاتقانلىقىمنى ۋە يېقىن ھېس قىلىۋاتقانلىقىمنى جەزىملەشتۈردۈم.

ئۈچ ئايدىن كېيىن بىر كۈنى مۇرات ئافىنادىن تېلېفون قىلدى. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر قېتىم مېنى تېھرانغا چاقىرغانلىقىنى، مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ پەقەتلا پۇشايمان قىلمىغانلىقىمنى ئەسلىتىۋەتكەندىن كېيىن، كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېنى Grande Bretagne مېھمانخانىسىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى قوشۇپ قويدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئافىنادا كۆرۈشكەن چېغىمىزدا، گرېتسىيەنىڭ ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇشتا ئىنگلىزلار قارارگاھ قۇرغان مېھمانخانىنىڭ ھاۋالىق كۈتۈش زالىدا ماڭا ئافىنادىكى ئۆي-مۈلۈك باھاسىنىڭ يېرىم باھاغا دېگۈدەك چۈشكەنلىكىنى، بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ يېرىمىنىڭ ئەرزان بىنا سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقان گېرمانىيەلىك سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ، شەھەر مەركىزىدىكى سېتىلىدىغان بىنالارنىڭ رەڭلىك رەسىمىنى ماڭا كۆرسىتىشكە باشلىدى.

تۈنجى كۈنى مۇرات ۋە ۋاستېچىسى بىلەن ئافىنادا سېتىلىدىغان بىنالارنى ئايلاندۇق. بىر چۈشتىن كېيىنلىكى بىر تاكسىنى كىرا قىلىپ ساۋاقدىشىمنى بىر سائەت يىراقلىقتىكى تېبئابى شەھىرىگە ئاپاردىم. بۇ يەردىمۇ تاشلىنىپ قالغان تۆمۈر يوللىرىنى، يوگىمەچ ۋە ئۆمۈچۈك بېسىپ كەتكەن كونا ۋاگونلارنى، بوش فابرىكىلارنى، ئايروپىلان ئىسكىلاتلىرىنى كۆردۇق. پادىشاھ ئودىپۇس ياشىغان شەھەرمۇ، خۇددى ئىنگرېس ۋە گۇستاۋ مورېئونىڭ رەسىملىرىدىكىگە ئوخشاش، تىك بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ يەردە قەھۋە ئىچىۋېتىپ، مۇرات پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆتكۈرەندە سېتىۋالغان يەرلىرىنى ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئىستانبۇلدا ھەممە ئىشنى مەندىن تېز ۋە تەپسىلىي ئويلىشىدىغان ئادۋوكاتلىرىمىز بۇنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، مۇرات بەي قويغان باھانىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى دېيىشتى. لېكىن سۇھرابقا كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، مېنىڭ ئۇ يەردە كونا كۈنلىرىمنى ئەسلىتىدىغان، شىركىتىمىزنىڭ ياخشى نىيىتىنى ۋە مېنىڭ ماھمۇت ئۇستامنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئۇ پائالىيەتنى ئەمدى قىلساق ياخشى بولاتتى.

نەجاتى بەيدىن، ئايشەگە چاندۇرماي ئۆتكۈرەندىكى پائالىيەتنى ئېلىپ بارساق، گۈلجىھان خانىم بىلەن ئەنۋەر بەينىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى تىلىڭ-تىڭلاپ بېقىشنى، زۆرۈر تېپىلغاندا شەخسىي رازۋېتچىكلاردىن ياردەم سورىشنى تەلەپ قىلدىم.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نەجاتى بەي ماشا ئۆزى تويلىغان بارلىق ئۈچۈرلارنى يەتكۈزدى: قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ئوغلى بىر-بىرى بىلەن بەك يېقىن ۋە دوستانە ئىكەن. لېكىن دادىلىق دەۋاسىدىن كېيىن بەك ئاز كۆرۈشۈشۈپتۇ. قىزىل چاچلىق گۈلجىھان خانىم، نەجاتى بەينىڭ كۆرۈشۈش تەكلىپىگە باشتا «ياق» دەپتۇ، كېيىن «ھېچكىمگە دېمەيسىز» شەرتىنى قويۇپتۇ، لېكىن كېيىن يەنە كۆرۈشۈشتىن ۋاز كېچىپتۇ. ئىستانبۇلدا، باكىركۆيدە، رەھمەتلىك ئېرى تۇرگاي بەيدىن قالغان بىر ئۆيدە تۇرۇۋېتىپتۇ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىغا ئاۋاز بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

ئادۋۇكات نەجاتى بەينىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، ئوغلۇم ئەنۋەر ھەم ئېلان پائالىيىتىگە نارازى بولغانلىقى، ھەم دادىسىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى باشقىلارنىڭ ھازىرچە بىلىشىنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشمايتتى. ئوغلۇم ئەنۋەر بەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر بوغالتىر ھېسابلانمىسمۇ، لېكىن ئۆنگۆرەندە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن دۇكاندارلارنىڭ ھېساب-كىتاب دەپتەرلىرىنى تۇتىدىكەن، باج تۆلەش ئىشلىرىغا قارىشىدىكەن. ئوغلۇم، بەزىلەرگە كۆرە ئانىسىنىڭ كۆزىگە بەك قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە باشقىلارغا كۆرە ئەسەبىي، خۇيى سەت بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىچە توي قىلمىغان ئىدى. ئانىسىنىڭ تىياتىر ئىشتىياقىغا قايىل بىر قىسىم ياشلار بىلەن بىرىش –كېلىش قىلاتتى ۋە نەجاتى بەي ماشا ئالغاچ كەلگەن «ھىلال»، «بۇلاق» دېگەندەك مۆتىدىل ئەنئەنىچى ژورناللاردا شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان ئىدى. ئۆيدە ئايشەگە كۆرسەتمەي بۇ شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئەجىبا دادام ساق بولغان بولسا، دىنچى ژورناللاردا شېئىر ئېلان قىلدۇرغان نەۋرىسى ھەققىدە نېمە دەر بولغىيتتى، دەپ سورىدىم ئۆزۈمدىن.

شۇ كۈنلەردە سۇھرابنىڭ ئېلان بۆلۈمىدىن ئۆنگۆرەندىكى پائالىيەتنى تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدىم: ئايشەگە بۇ پائالىيەتكە قاتناشمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم: ھەم ئۆنگۆرەنگە بېرىش ماشا قورقۇنچلۇق تۇيۇلغانلىقى، ھەم بۇ پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈشنىمۇ خالىمىغان ئايشەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىق ئۈچۈن.

پائالىيەت كۈنىگە ئۇدۇللاپ ئەنقەرەگە بارىدىغان بىر باھانە ئويلاپ چىقتىم. شەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن شىركەتكە بېرىپ، ئەنقەرە بارىدىغان ئىشنى تۇيۇقسىزلا ئەمەلدىن قالدۇردۇم . ئۆنگۆرەنگە بارغان سۇھراب خىزمەتچىلىرىنىڭ ھاياجىنى ماشا تەسىر قىلغانىدى. نەجاتى بەيدىن مېنىڭ چۈشتىن كېيىن ئۆنگۆرەنگە بارىدىغان گۇرۇپپىغا قوشۇلغانلىقىمنى ئايشەدىن مەخپىي تۇتۇشىنى ئۆتۈندۈم. ئاندىن كاللامنىڭ بىر يېرىدە ئوتتۇز يىلدىن بېرى خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشنى _ ئۆنگۆرەنگە پويىز بىلەن بېرىش ئارزۇيۇمنى خىزمەتداشلارغا ئېيتتىم. ئىشخانىدىن چىقىشتىن بۇرۇن كانچىلار ۋە قۇرۇلۇش

سـودىگەرلىرىنىڭ تەلـىپىگە بىنـائەن دۆلەت تەرىپىـدىن بېـرىلگەن كىرىككـالە مـاركىلىق تاپانچامنى ۋە كىنىشكىسىنى يېنىمغا ئېلىۋالدىم. ئۇن بەش كـۈن بـۇرۇن سـۇھرابنىڭ بـوش بىر قۇرۇلۇش مەيدانىدا سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان شىشـىلەرگە ئـوق ئېتىـپ تاپانچامنى سىناپ باققانىدىم. بىرەر ئىش چىقىپ قالارمۇ، دەپ قورقۇپ تۇراتتىم، ئەلۋەتتە.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

ئۆڭگۈرەڭگە بارىدىغان پويىز قەلئەلەر بىلەن مارمارا دېڭىزى، يۈز يىللىق ئەگرى-بۈگرى بىنالار، يېڭى بىتون مېھمانخانىلار، باغچىلار، ئاشخانىلار، كېمىلەر، ماشىنىلار ئارىسىدىن سىلكىنگىنىچە ئىلگىرىلەۋاتقاندا قورسىقىمدا بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بىر ئاغرىقنى سېزىۋاتاتتىم. نەجاتى بەي ئۇ چۈشتىن كېيىن ماڭا ئەنۋەر بەينىڭ بۇ پائالىيەتكە كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆڭگۈرەندىمۇ بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئوغلۇمنىڭ دادىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ ئۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلماي تۇرالمايۋاتاتتىم. ماھمۇت ئۇستام ۋە گۈناھىم بىلەن يۈزلىشىش قورقۇنچۇم، ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئوغلۇم بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئالاقزادىلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. پويىز ئۆڭگۈرەندە ئاستىلىغاندا، بىزنىڭ تۇزلۇكنى بېتون بىنالارنىڭ ئارىسىدىن كۆرەلمىدىم، لېكىن تۇرۇپلا بۇ يەردە بىر ئۇچرىشىشىم باردەك ھېس قىلىپ كەتتىم.

ئىستانسىدىن چىقىپلا كونا ئۆڭگۈرەننىڭ يوقالغانلىقىنى شۇ ھامانلا كۆردۈم: قىزىل چاچلىق ئايال قايسى قەۋەتتە بولغىنىتى دەپ قارايدىغان بىنا چېقىلغانىدى، ئورنىغا مەيداننىڭ ھەممە يېرىنى ھامبۇرگ بولكىسى يېيىشىۋاتقان، پىۋا ياكى ئايران ئىچىشىۋاتقان ياشلار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن قايناق بىر سودا-ساراي سېلىنغان ئىدى. مەيدانغا قارايدىغان بىنالارنىڭ بىرىنچى قەۋەتلىرى بانكىلار، كاۋاپچىلار ۋە ساندۇيچ دۇكانلىرى بىلەن تولغانىدى. ئىستانسا مەيدانىدىن بىر چاغلاردىكى رومەلى قەھۋەخانىسى جايلاشقان يەرگە، ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئولتۇرغان ئۈستەل جايلاشقان پىيادىلەر يولىغا ئەسلىمىلىرىمدە نۇرغۇن قېتىم قىلغىنىمدەك يادىغا ماڭدىم، لېكىن كېچىلىرى چاي ئىچكەنلىرىمىزنى ئەسلەتكۈدەك ھېچنىمىنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇرۇنقى كىشىلەر بۇرۇنقى بىنالىرى بىلەن كېتىپ قېلىپ، ئورنىغا شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنلىرى كۆڭۈل ئاچىدىغان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرىدىغان، خۇشال، قىزىققاق بىر توپ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىنالىرى كەلگەنىدى.

ئاشخانىلار كوچىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ھەپتە ئاخىرى بولۇشىغا قارىماي ئەتراپتا نە بىرەر ئەسكەر، نە ئۇلارنى كۈزىتىپ تۇرغان بىرەر ژاندارمىنى كۆرەلمىدىم. تاقىچى ۋە تۆمۈرچى دۇكانلىرىنى ۋە ماھمۇت ئۇستام داۋاملىق تاماكا ئالىدىغان دۇكاندارنىمۇ بولۇشى

كېرەك بولغان ئورنىدا كۆرەلمىدىم، لېكىن باغلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى چېقىلغانلىقى ۋە ئورنىغا بىر-بىرىگە ئوخشاش بەش ئالتە قەۋەتلىك بىنالار سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىمىلىرىمنى تۇغرا كوچىلاردا ئىزدەۋاتامدىم-يوق، بۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيۋاتاتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆتكۆرەنگە قايتىپ كېلىشنى كاللامدا بەك چوڭ بىلىۋالغانلىقىمنى جەزىملەشتۈردۈم. كونا بازارنىڭ ئورنىغا ئىستانبۇلنىڭ ئېگىز بىنالار بىلەن تىقما-تىقماڭ بولۇپ كەتكەن ئادەتتىكى بىر بېتون مەھەللىسى قەد كۆتۈرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ بۇرۇنقى كىشىلەردىن بەزىلىرىنى تونۇيالىدىم: قۇدۇقچى شاگىرتى ئەلى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، ئوچۇق-يورۇق ۋە دوستانە ئىدى. سىررى سىياھئوغلۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سىمىز ئەر-ئايال بىلەن چاي ئىچتىم. نەجاتى بەي ۋە سۇھرابنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى. ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېقىنى دېيىلگەن بىر تورتخانا خوجايىنى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەر ئىككىمىزنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان زورلاشلىرى ئاستىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ماھمۇت ئۇستام ياتقان مازارلىقنى بويلاپ دۆڭدىن چىقىۋاتقان چاغدا يەر ۋە تۇرالغۇ بىنا ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆتكۆرەندە ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىمنى، قورققۇدەك جىق ئىشنىڭ قالمىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۈم.

ئوتتۇز يىل بۇرۇن بوش بىر ئېتىزلىق بولغان دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى «بىزنىڭ تۈزلۈك»، ئالتە، يەتتە قەۋەتلىك بىنا ئۆيلەر، ئىسكىلات بىنالىرى، سېخلار، ماي قاچىلاش ئورۇنلىرى، بىرىنچى قەۋەتى ئاشخانا، كاۋاپچى دۇكانلىرى ۋە تاللا بازارلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر بېتون ئورمانلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈۋاتقانىدا يولنى قىسقارتىپ ماڭغان ئەگرى -بۈگرى چىغىر يوللار ئېگىز بىنالار تۈپەيلىدىن كۆرۈنمەي قالغاچقا، بىز قۇدۇق كولىغان يەرنى تېپىشتا قىينىلىۋاتاتتىم.

سۇھرابنىڭ تىرىشچان ئۆي ساتقۇچىلىرى مېنى ئارا كوچىلاردىن ئۆتكۈزۈپ پائالىيەت ۋە تاماق ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان توي-مەرىكە زالىغا ئەكىرىشتى. زالنىڭ دەرىزىلىرىدىن بىزنىڭ تۈزلۈكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، گازارمىنىڭ ۋە يىراقتىكى كۆكۈش تاغلارنىڭ قەيەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم. بىزنىڭ قۇدۇق گازارما تەرەپتە، يېرىم كىلومېتىر نېرىدا بىر يەرلەردە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەممە ئىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھازىرلا شۇ يەرگە بارغۇم كېلىۋاتاتتى.

يېڭى ئايىردروم ۋە بوغۇز كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدىكى يوللىرىنى ئۆتكۆرەنگە تۇتاشتۇرىدىغان تۆت چۈنەكلىك ئاسفالت يول كونا ئۆتكۆرەن ئىستانسىسى تەرەپتىن

ئەمەس، بىزنىڭ قۇدۇق تەرەپتىن يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ تۆپىلىكتىكى يەر ۋە ئۆي باھاسى ئۆرلىگەن ئىدى. پائالىيەتكە كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆنگۆرەنلىك ئەمەس، تېز بەرپا بولۇۋاتقان بۇ رايوندا ئۆي ئېلىشنى ئويلىشىۋاتقان، ماشىنىسى بار يېڭى بايلار ئىدى. سۇھرابنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى كۆرسىتىۋاتقان تۈرلۈك بىنا مودېللىرىغا، يۇقىرىدىن كۆرۈنىدىغان مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكىگە، كۆلچەكلەرگە، باللار باغچىسىنىڭ چوڭلۇقىغا قانچىلىق دىققەت قىلغانلىقىنى ئىچىمدىكى بىئارامچىلىق تۈيەيلىدىن بىلەلمەيۋاتاتتىم. سۇھرابنىڭ بەيكوز، كارتال ۋە باشقا رايونلاردىكى يېڭى بىنالىرىدىن ئۆي سېتىۋالغان بىر جۈپ ئەر-ئايالنى ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىنى سۆزلىتىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملەر بۇ پائالىيەتكە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىككە «سۇھرابچە ھايات شەكلى» دېگەن بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقا تەرەپتە ئولتۇرغان ۋە پائالىيەتكە ئۆي ياكى يەردىن بەكرەك كۆڭۈل-ئېچىشنى دەپ كەلگەنلەرنى ئورنىدىن قوزغىۋەتكەن ئىدى. مەسخىرە ئارىلاش بىر، ئىككى سوئال ئاڭلىدىم. كەينى تەرەپتىكى كىشىلەر بەلكىم تەشكىللىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى؛ مېنى ئوسال قىلىپ، ھەتتا رەسۋا قىلىپ سۇھرابنىڭ ئۆي سېتىشىغا پالتا ئۇرماقچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

مەن خەۋەر بەرمىگەن ئىدىم، لېكىن كونا ئۆنگۆرەنلىكلەر مېنى ساقلاۋاتاتتى. مەنمۇ قىسقىلا ئىككى ئېغىز سۆز قىلدىم. ئىستانبۇلنىڭ بۇ گۈزەل چېتىگە، ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇستام بىلەن قۇدۇق كولىغىلى كەلگەنلىكىمنى سۆزلىدىم. ئوتتۇز يىل بۇرۇن بۇ يەردىن سۇ چىقىرىپ، پۈتۈن بۇ يەرلەرنىڭ گۈللىنىشىگە، سانائەت ۋە كۆپچىلىكنىڭ بۇ يەرگە ماكانلىششىغا باشلامچى بولۇپ بەرگەن ماھمۇت ئۇستامنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيتتىم. بۇ يەردە مودېللىرى كۆرسىتىلگەن يېڭى بىنالار ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت مەنزىلىنىڭ بىر داۋامى ئىدى.

يۈز، يۈز يىگىرمە ئەتراپىدا ئادەم كەلگەن ئىدى. كەينى تەرەپتە يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان ياش يىگىتلەرنىڭ بۇ يەرگە كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەنلىكىنى، نىيىتى يامان بولسىمۇ بۇنى يوشۇرمىغانلىقلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك ئەمەسلىكىنى سېزىۋاتاتتىم، ھەقىقىي يامان نىيەتلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىكى جىمجىت ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، سالوننىڭ كەينى تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتىم.

مەندىن بۇرۇنقى سۆز قىلغانلارغىمۇ بولغىنىدەك مەندىنمۇ مەن تېخى «سوئال سورايدىغانلار بارمۇ؟» دېمەستىنلا سوئال سوراشقا باشلاشتى. پۇل تۆلەش شەرتلىرى ھەققىدىكى بىر سوئالغا پائالىيەت باشقۇرغۇچىسى جاۋاب بەردى. يەنە باشقا بىر جۈپ

ئەر-ئايالنىڭ پۇلنى ھازىر تاپشۇرسا ئۆينى قاچان ئالالايدىغانلىقى ھەققىدىكى سۇئالىغىمۇ يەنە شۇ باشقۇرغۇچى جاۋاپ بېرىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ياشانغان بىر ئايالنىڭ جاھىللىق بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋالغان قولىنى كۆرۈپ يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى.

ئەقلىم نېمىشقىكىن كۆزلىرىم ئالللىقاچان پەرق ئەتكەننى بىر ئاز كېچىكىپ ئاڭقىرغان ئىدى: ئۇ يەردە ئولتۇرغان خانىم، چاچلىرىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك قىزىل چاچلىق ئايال ئىدى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. كۆپچىلىكنىڭ شاۋقۇنلىرى ئىچىدە دۈشمەنلەرچە ئەمەس، دوستانە كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، قولىنى جاھىللىق بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېلىۋاتاتتى. نۆۋەتنى ئۇنىڭغا بەردىم.

_ سۇھرابنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بەك قايىلمىز جەم بەي،_ دېدى،_ سىزنىڭ بۇ بىنالارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىچىگە بىر تىياتىرخانا سېلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەتراپىدا ئولتۇرغان بىر قانچە كىشى بۇ گەپنى ئالقىشلىدى. لېكىن قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ماڭا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ياكى گېپىدە ئىككىنچى بىر مەنا ياكى ئىما-ئىشارەت ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېچكىمنى كۆرمىدىم.

سۇئاللار تۈگەپ، كىشىلەر بىنا مودېللىرى بار تەرەپكە مېڭىپ تارقىلىشقا باشلىغاندا بىر-بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇق.

ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. يىللار قىزىل چاچلىق ئايالنى تۈگەشتۈرەلمىگەن ئىدى؛ ئەكسىچە، چىرايىدىكى گۈزەل ۋە ئوتلۇق ئىپادىنى، بۇرنىنى، ئاغزىنى، ئۆزگىچە خاس تولغان ۋە يۇمۇلاق لەۋلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن ئىدى. ھارغىن ۋە چۈس ئەمەس، راھەت ۋە خۇشال ئىدى. ھېچبولمىغاندا شۇنداق كۆرۈنگۈسى باردەك قىلاتتى.

_ تەرەپبازلىق قىلىپ سىزنى چۆچۈتتۈم جەم بەي. بەزىلىرى ئوغلۇمنىڭ ئاغىنىلىرى بولغان ياشلاردىن بىر تىياتىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەۋاتىمىز بۇ يەردە... ئۇلارنى سىزگە تونۇشتۇرغۇم كەلدى. خەۋەر قىلمىغان بولسىمۇ، سىزنىڭ بۇگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

_ ئەنۋەر بەي يوقمۇ؟

_ يوق.

تىياتىر گۇرۇپپىسىدىكى ياشلار ئايرىم بىر چەتتە تۇرۇشاتتى. نەجاتى بەي كىشىلەرگە چاندۇرماستىن قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن مېنى كۆزلەردىن خالى بىر چەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، چاي بۇيرۇۋېتىپ بىزنى يالغۇز قالدۇردى.

_ جەم بەي، ئـــوغلىمىز ئەنۋەرنـــىڭ دادىســـى ســـىزمۇ، تۇرگـــايمۇ...بۇنىڭغـــا خىلـــى يىللارغىچە جەزىم قىلالمىدىم، لېكىن ئـۇنچە بەك قىزىقىپمـۇ كەتمـىدىم. ئىچىمـدە ھەمىشـە بىر گۇمان بـار ئـىدى. لـېكىن مەھكىمـىگە بارسـام ھېچنىمىنـى ئىسـپاتلىيالمايتتىم، پەقەت ھەممە كىشىنى بىئـارام قىلاتـتىم، سـىزنى ۋە ئـۆزۈمنى رەسـۋا قىلاتـتىم. مېنـىڭ بۇنـداق بىـر نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى سىزمۇ بىلىسىز...

قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىگە يۈتۈۋالغۇم باردەك قۇلاق سېلىۋاتاتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن زالدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىـدە بىـرگە دىققەت قىلىۋاتقـانلار بـارمۇ، دەپ قـاراپ قويۇۋاتـاتتىم. ھـازىر كـۆز ئالدىمـىدىلا تۇرۇشـى، كىچىـك قوللىرىنـىڭ يەنە تېـز-تېـز ھەرىكەتلىنىشى، ئوتتۇز يىل بۇرۇن ئىستانسا مەيدانىـدا مەن بىـلەن بىللە ماڭغـان چاغـدا كىيگەن ئۇزۇن كۆڭلەك بىلەن ئوخشاش ھـاۋارەڭ بىـر كىيىمنـى كىيىۋېلىشـى؛ چىرايىنىـڭ، تىرناقلىرىنىـڭ ئۇبـدان ئاسـرالغانلىقى ۋە ماڭـا سـۆزلەپ بېرىۋاتقـان ھەمـمە نەرسـە مېنـى ھەيران قالدۇرىۋاتاتتى.

_ دادىســىنىڭ كىــم ئىكەنلىكــى ھەققىــدىكى گۇمــانىمنى، ئەلــۋەتتە، ھەر ئىككىســىگە چاندۇرمىدىم،_ دەپ داۋام قىلدى،_ ئۇنىڭدىن بـۇرۇن مەن ئاكىسـىنىڭ ئايـالى بولغـانلىقىم ئۈچــۈن تۇرگــاي ماڭــا ۋە ئوغلۇمغــا ياخشــى مۇئــامىلە قىلمــايتتى. بىــز ئايرىلغانــدىن ۋە تۇرگاينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن  بىيولوگىيەلىك دادىسىنىڭ ئەسلىدە سىزدەك ئۇتتۇق قازانغـان، پــارلاق بىــر كىشــى بولۇشــى مــۇمكىنچىلىكىنى چۈشەندۈرۈشــىم، ئەنــۋەرنى دەۋالىشىشــقا كۆندۈرۈشــىم بەك تەس بولــدى. ئــاخىرى دەۋا قىلــدى لــېكىن بــۇ ســەۋەپتىن بەك كــۆپ جېدەللەشتۇق. ئوغلىمىز ئەنـۋەر ھاياتىـدا بەك ئۇتـۇق قازىنىـپ كېتەلمـىدى، لـېكىن بېشـى تىك، زىل ۋە بەك ئىجاتچان  چوڭ بولدى. شېئىرمۇ يازىدۇ.

_ نەجــاتى بەي ســۆزلەپ بەردى، بەزىلــىرى ئــېلان قىلىنىپتــۇ، ژورنــاللارنى تېپىــپ ئوقۇدۇم. شېئىرلار گـۈزەل. لـېكىن پىكىرلىرىنـى ۋە ئـۇ ژورنـاللاردىن يېتىرقـىدىم. ئەپسـۇس، ياش شائىرنىڭ رەسىمىنىمۇ قوشۇپ ئېلان قىلىشماپتۇ.

_ ھە، ئەلـۋەتتە، سـىزگە ئوغلىمىزنىـڭ رەسـىمىدىن يـوللاپ بېـرەي،_ دېـدى قىزىـل چـاچلىق ئايـال،_ پىكىرلـىرى مـۇھىم ئەمەس. بۈگـۈنى قېرىشـىپ دىنچىلارنىـڭ ژورنىلىغـا يوللايـدۇ، ئەتىسـى ئەسـكەرلەر ۋە بـايراق ھەققىـدە شـېئىر يازىـدۇ... نەزىـرى ئۇسـتۇن ۋە خاراكتېرلىك بالا بولدى، لېكىن بەك قېرىشقاق. ئۇنىڭغا يـول كۆرسـىتىدىغان كۆچلۈك بىـر دادا لازىم.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر قانچەيلەن بىز تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

_ ئەنـۋەر دادىسـى بىـلەن تونۇشـۇپ ئـۈنى ياخشـى كۆرۈشـى كېـرەك،_ دېـدى قىزىـل

چاچلىق ئايال،_ بۇگۇن ئۇنى بۇ يەرگە چاقىردىم، لېكىن كەلمىدى. بۇگۇن كەلگەن ياشلاردىكى تىياتىر ھەۋىسىنى مەن ئويغاتتىم. يەكشەنبە كۈنلىرى ئىستانبۇلدا ئۇچرىشىپ تىياتىرغا بارىمىز، بەزىلىرى ئەنۋەرنىڭ دوستلىرى.

كىشىلەر بىزگە يېقىنلاشقاندا، قىزىل چاچلىق ئايال ئۇۋي ھەققىدە ئۇچۇر ئىلىۋاتقان ھۇشيار بىر خېرىدار قىياپىتىگە كىرىپ، تۇرۇپتۇلۇك ھەرىكەتلەر بىلەن چېيىنى ئوتلىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىشىلەر بىلەن بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن نەجاتى بەيىنىڭ يېنىغا باردىم. قىزىل چاچلىق ئايال ۋە تىياتىرسۆيەر ياشلارنى ئاخشام ئۇچۇن تەييارلانغان تاماققا تەكلىپ قىلىشنى تاپىلىدىم.

_ ھەممە ئىش بەك جايىدا بولدى،_ دېدى ئادۇۋكات نەجاتى بەي خۇددى زىممىسىدىكى بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك خۇشاللىق بىلەن،_ ئەمدى ئۆنگۆرەندە سۇھرابنىڭ ئارتۇق بىر مەسىلىسى قالمايدۇ.

_ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ،_ دېدىم،_ چۈنكى بۇ يەر ئەمدى ئۆنگۆرەن ئەمەس، ئىستانبۇل.

# قىرقىنچى باب

تەشۋىقات پائالىيىتىدىن كېيىن تويى-مەرىكە زالىدا ھاراق-شاراپلىق بىر كەچلىك تاماق بېرىش ئېلانچىلارنىڭ پىكرى ئىدى. تاماقنى ئاشخانىلار كوچىسىدىكى ھېلىھەم ئېچىلىۋاتقان ئازاتلىق ئاشخانىسى تەييارلاۋاتاتتى. سامسۇڭلۇق قىرى خوجايىن بىلەن ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى پاراڭلىشىۋېتىپ، قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن بىر كۈنى ئاخشىمى بىر ئۆستەلدە بىللە ئولتۇرغانلىقىمىزنىمۇ ئەسلىدىم. تاماق ۋاقتىدا قىزىل چاچلىق ئايال ۋە تىياتىرچى ياشلاردىن يىراق تۇرۇشنى ۋە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىستانبۇلغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. بىردىنبىر ئىستىكىم، قايتىشتىن ئاۋۋال ماھمۇت ئۇستام بىلەن كولىغان قۇدۇقىمىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىدى. نەجاتى بەي بۇ ئىستىكىمگە «بۇ ئاسان» دەپ جاۋاپ بەردى، لېكىن ئۆنگۆرەننىڭ كونىلىرىدىن بىرەرسىنى، مەسىلەن ئەلىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ تورىلاشنىڭ ئورنىغا قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ يېنىغا بېرىشى مېنى بىئارام قىلدى.

_ سەرھات تىياتىرسۆيەر ياش دوستلىرىمنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى، ئەڭ پىشقىنىدۇر،_ دېدى يېنىمغا كەلگەن قىزىل چاچلىق ئايال،_ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆنگۆرەندە سوفوكلېسنى ئويناشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

_ قۇدۇقنىڭ ئورنىنى قانداق بىلىسىز؟،_ دەپ سورىدىم سەرھات بەيدىن.

_ سۇ چىققاندىن كېيىن بۇ قۇدۇق داڭلىق بولۇپ كەتتى،_ دېدى تىياتىرسۆيەر سەرھات بەي،_ ماھمۇت ئۇستام كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزگە قۇدۇقچىلىق ھېكايىلىرى ۋە چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە ئامراق ئىدى.

_ ئۇ چۆچەكلەر ھازىر ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

_ كۆپىنچىسى ئېسىمدە.

_ ئاۋۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى سەرھات بەي،_ دېدىم،_ بەلكىم سەل تۇرۇپ تاماقتىن كېيىن، مېنى قۇدۇقنىڭ تۇۋىگە دىككىدە باشلاپ بارارسىز.

_ ئەلۋەتتە...

خۇددى ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى بىر ئاخشىمىدەك ئالدىمىدا كۈلۈپ راكىسى، ئاق ئېرىمچىك، زاكۇسكىلار ۋە ئۈستەلنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا قىزىل چاچلىق ئايال بار ئىدى.

ئوتتۇز يىلدا راكنى دادامدەك ياخشى كۆرۈپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان يىگىتنىڭ بوش رومكىسىغا راكى قۇيغاچ، ئۆزۈممۇ گۈپ-گۈپ ئىچىۋاتاتتىم. قىزىل چاچلىق ئايال ۋە ياش تىياتىرچىلار بار تەرەپكە قاراپمۇ قويماۋاتاتتىم.

بىر چاغدا راكىسۆيەر ۋە سىپايە سەرھات بەيدىن كىچىك چېغىدا ماھمۇت ئۇستامدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەرنىڭ ئىچىدە ھازىر قايسىسىنىڭ بەكرەك ئېسىدە قالغانلىقىنى سورىدىم.

_ ھەممىدىن بەك ئوغلىنى بىلمەيلا ئۆلتۈرۈپ سالغان پالۋان رۇستەمنىڭ ھېكايىسى ئېسىمدە قاپتۇ..._دېدى ھوشيار سەرھات بەي.

ماھمۇت ئۇستام بۇ ھېكايىنى نەدىن ئاڭلىغان بولغىيتتى؟ ھە راست، مەندىن ئاۋۋال ئۇمۇ بارغان ئىدى سېرىق رەڭلىك تىياتىر چېدىرىغا، لېكىن ئۇ پارچە –پۇرات ئويۇندىن بەك جىق بىر نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا بۇ ھېكايىنى قىزىل چاچلىق ئايال سۆزلەپ بەرگەن بولسا كېرەك. بەلكىم تۇغۇلىشىدىنلا بىلىدىغاندۇ.

_ نېمىدەپ رۇستەمنىڭ ھېكايىسى ئېسىڭىزدە قالغاندۇ؟ قورققانلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ؟

_ ماھمۇت ئۇستام دادام بولمىسا، _ دېدى ئوچۇق سەرھات بەي،_ نېمىدەپ قورققۇدەكمەن؟

_ ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى بىر يازدا ماھمۇت ئۇستامنى دادامدەك كۆرگەنىدىم...،_ دېدىم،_ دادام بىزنى تاشلاپ كەتكەنىدى. مەنمۇ قۇدۇق كولىغىچە ئۇنى ئۆزۈمگە دادا قىلىۋالغانىدىم. سىزنىڭ دادىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز قانداق؟

_ يىراق،_ دېدى سەرھات بەي ئالدىغا قاراپ تۇرۇپ.

ئەجەبا قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن تىياتىرچى دوستلىرىنىڭ يېنىغا قايتقۇسى بار بولغىيمىدى؛ بۇ جىمغۇر ياشنىڭ ئىشلىرىغا بەك ئارىلىشىپ كەتتىمۇ-يا؟ ئۇستەللەردە ئولتۇرغانلار ھاراق ئىچىپ كەيپى چاغ بولۇشقانىدى. زالدا ھاراق-شاراپلىق يۇرتداشلار سورۇنلىرىدا ۋە مۇسابىقىدىن كېيىن مەيخانىغا كىرىشكەن ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا كۆتۈرۈلىدىغان شاۋقۇن بار ئىدى.

_ ماھمۇت ئۇستام بىلەن قانداق تونۇشتۇڭ؟

_بالىلارنى چۆرىسگە يىغىپ ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۆيگە ئۆزۈم بارغان ئىدىم. كاردىن چىققان بويىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا قورقۇپ كەتكەن ئىدىم ئەسلىدە...

_ قۇدۇقتىن كېيىن ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرستىپ قويامسەن؟

_ ئەلۋەتتە...نەچچە قېتىم ئۆيي ئالماشتۇردى، بەزىلىرى چېقىلدى. قايسىسىنى كۆرستىپ قوياي؟

_ مــاھمۇت ئۇســتامنىڭ ھېكايىلىرىــدىن قورقــاتتىم،_ دېــدىم،_ ئــاخىرى كېلىــپ ھېكايىلەر توغرا چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن...

_ توغرا چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟_دەپ سورىدى.

_ يەنـى ھېكايىــدىكى ئىشــلار ھاياتتــا بېشــىمغا كەلگەنلىكــى ئۈچــۈن. يەنە بىرســىگە مـاھمۇت ئۇسـتامنىڭ قۇدۇقـىدىن قورقـاتتىم. ئەڭ ئاخىرىـدا، بىـر كـۈنى ھەددىـدىن زىيـادە قورقۇپ كېتىپ، ئۇنى تاشلاپ قاچتىم. بۇ ھېكايىنى بىلەمتىڭ؟

_ بىلەتتىم،_ دېدى كۆزۈمگە قاراپمۇ قويماستىن.

_ قانداق بىلىسەن؟

_ماڭا گۈلجىھان خانىمنىڭ ئوغلى ئەنۋەر سۆزلەپ بەرگەن. ئـۇ بـۇ يەردە بوغـالتىرلىق قىلىدۇ. ماھمۇت ئۇستام ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسىدەكلا. بىر-بىرىگە بەك ئامراق ئىـدى ئـۇلار بىر مەزگىل.

يىگىتنىڭ چىرايىدا نىيتى يامانلىقنىڭ ياكى كاززاپلىقنىڭ بىـرەر ئـالامىتى يـوق ئىـدى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ھـېس قىلـدىم ۋە بىـردەم ئـۇن چىقارمىـدىم. راكـى ۋە تاماكا پۇراپ تۇرغان كېچىنىڭ تىرەنلىكىنى كاللامنىڭ ئىچىدە ھېس قىلىۋاتاتتىم.

خېلـى بىـر ۋاقىتـتىن كېـيىن :_ ئەنـۋەر بەي بـۇ ئاخشـام بـۇ يەرگە كەلـدىمۇ؟_ دەپ سورىدىم تۇيۇقسىزلا.

_ قانداق دەيسىز؟_ دېدى سەرھات. بۇ خۇددى بىر چۈشىنىكسىز، ھەتتا پەرۋاسىز بىر سـۇئالدەك ماڭـا بىـردەم ھەيرانلىـق ئىچىـدە قارىـدى. نە پائىـلىيەتتە، نە ئۇسـتەللەرنىڭ بىرەرسىدە مەن ئوغلۇم بولۇپ قېلىشنى ئىستىگەن ھېچكىم يوق ئىدى.

_ ئەنۋەر بۇ يەرگە كەلمىدى،_ دېدى يىگىت،_ سىزگە كېلىمەن دېگەنمىدى؟

جاۋاپ بەرمىدىم، لېكىن يىگىت ئىچىمدىكى بىئارامچىلىقنى سېزىۋالغان ئىدى.

_ ئۇ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ!_ دېدى.

_ نېمىشقا؟

بۇ قېتىم سەرھات سۇئالىمغا جاۋاپ بەرمىدى.

# قىرق بىرىنچى باب

ئوغلۇمنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇزۇنغىچە ئويلىدىم. دېمەك دادىسىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەم ئاچچىقلىنىشىمنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ ئوغلۇمنى كۆرگۈم كېلىۋاتاتتى، ھەم بېشىمغا بىرەر بالا-قازا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆڭگۆرەندىن كەتكۈم كېلىۋاتاتتى.

_ سەرھات بەي، قېنى بەك كەچ بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ماشىنا بىزنىڭ قۇدۇقنى كۆرسىتىپ قويۇڭ ئەمسە،_ دېدىم.

_ ئەلۋەتتە.

_ لېكىن ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلى. سىز ئاۋۋال چىقىڭ. دۆڭ بېشىدا مېنى ساقلاڭ. بەش مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ سىزنى شۇ يەردە تاپاي.

ئاخىرقى لوقمىسىنى يۇتۇۋېتىپ چىقىپ كەتتى. قىزىل چاچلىق ئايال ئۇستەلنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا ئولتۇرۇپ ماشىنا سەپسېلىۋاتاتتى. يەنە بىر قانچە ئوتلام راكى ئىچتىم، بىر پارچە ئاق ئېرىمچىك يېدىم ۋە تېشىغا چىقىپ قاراڭغۇ دۆڭ بېشىدا سەرھاتنى تاپتىم.

يول باشلىغۇچىم ۋە مەن كوچىلارنى، قاراڭغۇلۇقلار ۋە ئەسلىمىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇن-تىن چىقارماي ماڭدۇق. بىز چىقىۋاتقان دۆڭنىڭ بىزنىڭ تۈزلۈكنىڭ قەيىرىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ۋە قۇدۇقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بۇنى ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتتا ھەممە يەرنىڭ بېتون قورۇلۇشلار، تاملار، ئىسكىلاتلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، خاتالىقنى كاللامنىڭ ئىچكەن راكىنىڭ تەسىرىدە ئېسىلىپ كەتكەنلىكىگە ئارتىپ قويۇۋاتاتتىم. كاللامنىڭ ئېسىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا ئوغلۇمنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانلىقى ئىدى ئەلۋەتتە.

رەڭسىز بىر تامنى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق؛ دەرەخلىرى نېئون لامپىلارنىڭ نۇرىدا ھالرەڭ كۆرۈنىۋاتقان بېتون بىر گۈللۈكنىڭ ۋە ئامبارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. تاقاق بىر ساتىراشخانىنىڭ ئەينەكلىك تېمىدا ئۆزۈمنىڭ ۋە ياش يولباشلىغۇچىمنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ، بويىمىزنىڭ تەڭلىكىنى بايقىدىم.

_ ئەنۋەر بەي بىلەن تونۇشقىلى قانچىلىك بولدى؟_ دەپ سوراپ سالدىم تىياتىرسۆيەر يول باشلىغۇچىم سەرھاتتىن.

_ ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ. مەن كونا ئۆنگۆرەنلىكمەن.

_ قانداقراق ئادەم ئۇ؟

_ بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

_ دادىسى تۇرگاي بەيىنى تونۇيتتىم،_ دېدىم،_ ئوتتۇز يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردە ئىدى.

_ ئەنۋەرنىڭ دەردى مېنىڭچە ئۇنىڭ دادىسى ئەمەس، دادىسىزلىقىدۇر،_ دېدى ئەقىللىق سەرھات،_ چۈش، ئىچ مىجەز، غەلىتە بىر كىشىدۇر ئەنۋەر.

_ مەنمۇ دادىسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتقان، لېكىن چۈش، ئىچ مىجەز، ھەتتا باشقىلاردىن پەرقلىقمۇ ئەمەسمەن،_ دېدىم راكى ئاتا قىلغان دانالىق بىلەن.

_ سىز ئەلۋەتتە پەرقلىق بىر كىشى، چۈنكى سىز دېگەن باي،_ دېدى ھازىرجاۋاپ سەرھات،_ ئەنۋەرنىڭ دەردى بەلكىم سىزدەك باي بولماسلىق بولۇشى مۇمكىن.

بىردەم ئۈنچىقمىدىم. مەمەدان سەرھات بۇ گېپى بىلەن، ئەنۋەر يوقسۇل ۋە بۇ سەۋەپتىن دەرتلىك دېمەكچىمۇ؟ ياكى بولمىسا، ئەنۋەر سىزدەك بۇ ھاياتتا پەقەت پۇل تېپىشنىلا ئويلايدىغان ئىنسانلارنى ياقتۇرمايدۇ ۋە بۈگۈنكى پائالىيەتكە بۇ سەۋەپتىن كەلمىدى دېمەكچىمۇ-يا؟

ئىككىنچى ئىھتىمال كاللامغا كىرىۋېلىۋاتاتتى، بىز كولىغان قۇدۇقتا ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمىزنى يەرنىڭ تۈزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىلىۋاتاتتىم. ئوتتۇز يىل بۇرۇن كۆرگەن يانتاقلارنى، ياۋا ئوت-چۆپلەرنى پىيادىلەرنىڭ يولىنىڭ گىرۋەكلىرىدە، بوش يەرلەردە يەنە كۆردۈم. تۇرۇپلا بوينى پۈرلىشىپ كەتكەن بىر تاشپاقا بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ زامان ۋە ھايات ھەققىدە ئويلارغا غەرق بولۇشنى ئىستەپ قالدىم. «قارا، ئوتتۇز يىلدا نېمىلەر يۈز بەردى!» دەيتتى تاشپاقا. «سېنىڭ ئۈچۈن قاملاشمىغان پۈتۈن بىر ئۆمۈر. مېنىڭ ئۈچۈن بولسا مەن ھەتتا ھېس قىلىپمۇ باقمىغان بىر زامان پارچىسى.»

قىزىل چاچلىق ئايال، ئوغلىمىز ئەنۋەرگە دادامنىڭ، يەنى بوۋىسىنىڭ سىياسىي ئېتىقادى تۈپەيلىدىن تۈرمىلەردە ياتقان رومانتىك بىر ئىدىئالىست ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن بولغىيمىدى ئەجەبا؟ ئوغلۇمنىڭ دادىسىنى، بوۋىسىدىنمۇ ناچار ۋە ساختا بىر ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ئېھتىماللىقى جېنىمغا تېگىۋاتاتتى. مېنى بۇ خىل روھى ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان مەمەدان سەرھات بەيگىمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا، يولنىڭ بۇ ئەگمىنى ئېسىمگە ئالدىم:_ مانا،_ دەۋەتتىم،_ بىزنىڭ قۇدۇقتا ئاز قالغان جايدىكى ئەگىم دەل مۇشۇ.

_ شۇنداقمۇ؟_ دېدى ھۇشيار سەرھات،_ نېمە دېگەن تاسادىپىيلىق. ماھمۇت

ئۇستام بىر مەزگىل تۇرغان ئۆيمۇ ئەنە ئاۋۇ يەردىلا.

_ نەدە؟

كۆلەڭگىدىن شەكىللەنگەن قولى بىلەن قاراڭغۇلۇقتا پەقەتلە كۆرۈنمەيۋاتقان بىر ئىسكىلات، فابرىكا ۋە بىرمۇنچە ئۆيلەرنى ئىشارەت قىلدى. مەن بولسام بىر چاغلاردا ئاستىدا چۈشلۈك ئۇيقۇمنى ئۇخلىغان ياڭاق دەرىخىنى پەرق ئەتتىم. ئوتتۇز يىلدا يوغىناپ كەتكەن ئىدى، لېكىن بىر فابرىكىنىڭ تېمىنىڭ ئىچىدە قالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا، دەل مەن قاراپ تۇرغان تەرەپتە، كونا زامانلاردىن قالغان بىر ئۆينىڭ غۇۋا چىرىقى ياندى.

_ ماھمۇت ئۇستاملار بۇ يەردە ئۇزۇن تۇردى،_ دېدى سەرھات،_ ئەنۋەر بىلەن ئانىسى گۈلجىھان خانىم ھېيت-بايراملاردا بۇ يەرگە كېلەتتى. مەن ئەنۋەر بىلەن ماھمۇت ئۇستامنىڭ مۇشۇ بېغىدا تونۇشقان.

يىگىتنىڭ گەپىنى يەنە ئەنۋەرگە ئېلىپ كېلىشىدىن گۇمانلاندىم، لېكىن ئەقلىم مەن ئوتتۇز يىل بۇرۇن كەلگەن بۇ بوش ۋە شورلۇق يەرنىڭ بېتون ۋە تاملارغا ئايلىنىپ كېتىشىگە، بۇ يەردە بۇنچە كۆپ ئىنسانىنىڭ (بۇ چاغدا توپىرەڭ بىر ئىت تەھدىتكار بىر ئەلپازدا كېلىپ بىزنى پۇراپ قويدى) ھايۋاننىڭ ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمەي، بالدۇراق بۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بىر ئىش سۈپىتىدە قاراش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچەپ كېتىۋاتاتتىم. ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىن قېپقالغان بىر ئەسلىمىنى قايتۇرۇپ كەلتۈرگۈدەك بىرەر تاش، بىرەر دەرىزىنى كۆرۈپ، تونۇش بىر ھىدنى ھىدلىيالارمىيدىم؟

_ «قۇرئان كەرىم»دىكى دادىسىنى قۇدۇققا ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان يۈسۈپ ھېكايىسىنى ماھمۇت ئۇستام بىزگە بۇ ئۆيدە سۆزلەپ بەرگەنىدى،_ دېدى جاھىل سەرھات بەي.

_ نە قۇرئاندا، نە شاھنامەدە بۇنداق بىر ھېكايە يوق،_ دېدىم مەن.

_ قانداق بىلىسىز؟_ دېدى سەرھات،_ سىز دىندارمۇ؟ قۇرئان ئوقۇمسىز؟

ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپلا تۇرىدىغان ھالىدىن بۇ يىگىتنىڭ ئوغلۇمنىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچراپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئۇنچىقمىدىم. كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى ۋە بۇ يەرگە كېلىشنىڭ خەتەرلىك بىر ئىش بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغانىدىم.

_ ماھمۇت ئۇستامنى ياقتۇراتتىم، شۇ يىلى يازدا ماڭا دادامدەك قارىغانىدى،_ دېدىم.

_ خالىسىڭىز سىزگە ئەنۋەرنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرسىتىپ قوياي،_ دېدى يول باشلىغۇچىم.

_ يېقىنمۇ؟

يان كوچىغا قايرىلىۋېدى سەرھاتنىڭ كەينىدىن ماڭدىم: ئىشكىدە چىراقمۇ يانمىغان بۇ بىنالارنىڭ، ئوك، سول ئىككى تەرەپكە خالىغانچە توختىتىپ قويۇلغان يوك

ماشىنىلىرىنىڭ ۋە مىنىبۇسلارنىڭ، بىر كىچىك جىددى قۇتقۇزۇش ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ ۋە دورىخانىنىڭ، بىر ماشىنا تىوختىتىش مەيدانىنىڭ ۋە ئىشكى ئالدىدا مىۇز تەلەت ئىشىك باقارلىرى تاماكا چېكىپ تۇرۇشقان ئىسكىلاتلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، پۈتىۈن بىۇ نەرسىلەرنىڭ بىزنىڭ تۆزلۈككە قىستىلىپ، چىڭدىلىپ بولسىمۇ سىغىپ كەتكەنلىكىگە ھەيرانۇ-ھەس قالغان ئىدىم.

_ئەنۋەرنىڭ ئۆيى بۇ يەردە،_ دېدى سەرھات،_ ئىككىنچى قەۋەت، سول تەرەپتىكى دەرىزە.

يۈرىكىم بىر نەچچە قېتىم غەلىتە ۋە يېنىك شەكىلدە سېلىپ كەتتى. ئىچىمدىكى ئوغلۇمغا بولغان ئىستىكىمنى، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىش ئارزۇيۇمنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

_ چىراقلىرى يېنىقكەن ئەنۋەر بەيىنىڭ،_ دېدىم مەستچىلىكتىكى ئازادىلىك بىلەن،_ بىرىپ ئىشىكنى چېكىپ باقامدۇق؟

_ چىراق يېنىق بولسىلا ئۆيدە بولغان بولمايدۇ،_ دېدى ھەممە ئىشنى ئويلىيالايدىغان سەرھات،_ ئەنۋەر بۇ ھاياتنا يالغۇزلۇقنى تاللىۋالغان. كېچىلىرى سىرتقا چىققان چاغلىرىدا چىراقلىرىنى ئۆچۈرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەم ئوغرى-يالغانلار ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۆيدە ئادەم باركەن، دەپ قالىدۇ، ھەم ئۆزى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ نە قەدەر يالغۇز ئىكەنلىكى يادىغا كەلمەيدۇ.

_ دوستىڭىزنى ناھايىتى ياخشى تونۇيدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئەنۋەر سىزنى كۆرسە چۆچۈپ كەتمەيدۇ.

_ ئەنۋەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

بۇنى ئوغلۇمنىڭ يۈرەكلىك ئىكەنلىكى مەنىسىدە چۈشىنىپ پەخىرلىنىشىم كېرەكمىدى؟ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم: _ نېمە دەپ يالغۇز بولسۇنكى؟_ دېدىم،_ ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بىر ئانىسى، سىزدەك يېقىن دوستلىرى تۇرۇپمۇ...

_ ياق، ھېچكىم بىلەن يېقىن ئەمەس ئۇ...

_ دادىسىز چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

_ بەلكىم، لېكىن ئىشىكنى چېكىشتىن بۇرۇن يەنە بىر ئويلىنىۋېلىڭ ئىشقىلىپ...__ دېدى ئوغلۇمنىڭ ئېھتىياتچان دوستى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئىشىك قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى، ھەر بىرى ئايرىم پوچۇركا ۋە چوڭ-كىچىكلىكتە يېزىلغان ئىسىملارنى تېز-تېز ئوقۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىزلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم؛ گويا سېھىرلىنىپ قالغان ئىدىم:

## 6. ئەنۋەر يەنسئەر
## (ئەركىن بوغالتىر)

قوڭغۇراقنىڭ تۈگمىسىنى ئۈچ قېتىم باستىم.

_ يېرىم كېچىدە تەكلىپسىز كەلگەن مېھمانغا ئەنۋەرنىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت ئوچۇقتۇر، ئىچىدە بولسا ئاچچىدۇ.

لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى. ئوغلۇمنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى، مېنىڭ بۇ يەرگە ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىمنى بىلىپ، قېرىشىپ ئىشىكنى ئاچمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ھەم ئۇنىڭغا ھەم ئىككى بىسلىق گەپلەرنى نەشتەردەك ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان سەرھاتقا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

_ ئەنۋەر بەينى نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆرگۈڭىز كېلىپ كەتتى؟_ دەپ سورىدى قىزىققاق ۋە كۇشكۇرتكۇچى سەرھات. قۇلىقىغا بەزى ئۇششاق سۆزلەر كىرىپ قالغان بولسا كېرەك.

_ قۇدۇقنى كۆرسىتىپ قويغىنە بولدى ماڭا، بالدۇراق ئۆيگە قايتاي،_ دېدىم.

باشقا بىر كۈنى، ئوغلۇمنى كۆرگىلى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي كېلىشنى ئويلاۋاتاتتىم ئىچىمدە.

_ دادىسىز چوڭ بولساڭ ئالەمنىڭ بىر مەركىزى ۋە چەك-چېگرىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي، ھەممە ئىشنى قىلالايمەن دەپ قالىسەن..._ دېدى سەرھات،_ لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن، نېمە قىلىشىڭنى بىلەلمەي، دۇنيادىن بىر مەنا، بىر مەركەز تېپىشقا ئۇرۇنۇپ، ساڭا ياق دەيدىغان بىرىنى ئىزدەشكە باشلايسەن.

ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي، بىزنىڭ قۇدۇققا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمىزنى، ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان ئىزدەشلىرىمنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

# قىرق ئىككىنچى باب

_ مانا سىزنىڭ قۇدۇقىڭىز مۇشۇ يەرنىڭ ئىچىدە،_ دېدى سەرھات ۋە يۈزۈمگە دىققەت بىلەن قارىدى. بىر فابرىكىنىڭ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئىدۇق.

_ ھايرى بەيىنىڭ ئۆلۈمىدىن ۋە ئوغلىنىڭ بويىاش، يۇيۇش سىخلىرى بىلەن توقۇمىچىلىق سىخلىرىنى بىنگالغا يۆتكىشىدىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش تامامەن توختىدى. بەش يىلدىن بۇيان بۇ يەرنى ئىسكىلات سۈپىتىدە ئىشلىتىۋاتىدۇ، لېكىن سىزگە ئوخشاش قۇرۇلۇش سودىگەرلىرى بىلەن كېلىشىپ ئېگىز تۇرالغۇ بىنا سېلىش ئويلىرىمۇ يوق ئەمەس.

_ مەن بۇ يەرگە يېڭى قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن ئەمەس، ئەسلىمىلىرىم ئۈچۈن كەلدىم.

سەرھات ئىشىك باقارنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ مېڭىشىغا، قارا سۇۋاق تاملارنىڭ ئۈستىدىكى «ئازىم توقۇمىچىلىقى ت ئا ش » دەپ يېزىلغان ئەينەكلىك ۋىۋىسكىغا ۋە دىققىتىمنى تارتقان ھەممە نەرسىگە ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى چاغنى ئەسلەشكە تىرىشقاچ قارىدىم. بۇ يەرنىڭ ھايرى بەيىنىڭ يېرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغان بىردىنبىر نەرسە فابرىكا تاملىرىنىڭ چەكسىزلىككە قاراپ ئۇزىراپ كېتىشى ۋە ئون ئالتە يېشىمدا ھېس قىلغىنىمغا ئوخشاش، ئاسماننىڭ ماڭا يېقىندەك تۇيۇلۇشى ئىدى.

بىر ئىتنىڭ غەزەپلىك قاۋىشىنى ئاڭلىدىم. سەرھات قايتىپ كەلدى.

_ ئىشىك باقار مېنىڭ تونۇشۇم، لېكىن ھازىر ھېچكىم يوقكەن،_ دېدى،_ ئىتنىمۇ قويۇۋەتمەپتۇ، ھېلىغىچە كېلىدۇ.

_ كەچ قېلىۋاتىمىز.

_ ئاۋۇ تەرەپتە تامنىڭ پەس بىر يېرى بار ئىدى، قاراپ باقاي،_ دېدى سەرھات ۋە ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى.

تامنىڭ ئۇ تەرىپى پۈتۈنلەي قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى ۋە ئارقىدىكى ئۆگزىلەرگە ۋە تۈۋرۈكلەرگە چۈشۈپ تۇرغان چىراق يورۇقى ئىتنىڭ كۈچەپ قاۋاشلىرىغا قارىماي مېنى خاتىرجەم قىلىۋاتاتتى، قۇدۇقنى كۆرۈپلا قايتىدىغانلىقىمنى خىيال قىلىۋاتاتتىم. لېكىن سەرھاتتىن بىر خەۋەر يوق ئىدى. ياش يول باشلىغۇچىم كېچىكىم قېلىۋاتىدۇ دەپ

تاقەتسىزلىنىۋاتاتتىم، دەل شۇ چاغدا يانچۇقۇمدىكى تېلېفون سايرىدى، ئايشە ئىدى.
_ ئۆنگۈرەندە ئىكەنسەن،_ دېدى،_ شىركەتتىكىلەر دەپ بەردى.
_ شۇنداق.
_ مېنى تاشلاپ قويىدۇڭ جەم، كۆڭلۈمگە ئازار بەردىڭ. خاتا ئىش قىلىۋاتىسەن.
_ قورققۇدەك بىر ئىش يوق. ھەممە ئىش جايىدا پۈتتى.
_ قورققۇدەك كۆپ ئىش بار. ھازىر نەدە سەن؟
_ ياش يول باشلىغۇچىم بىلەن، ماھمۇت ئۇستام بىلەن كولىغان قۇدۇققا كەلدۇق.
_ ئۇ كىم؟
_ يول باشلىغۇچىم كونا ئۆنگۈرەنلىك بىر ياش. مەمەدان لېكىن ياردەم قىلىۋاتىدۇ.
_ كىم تېپىپ بەردى ساڭا ئۇنى؟
_ قىزىل چاچلىق ئايال،_ دېدىم ۋە تۇرۇپلا مەستلىكتىن يېشىلىپ كېتىپ ئويلاندىم.
_ يېنىڭدىمۇ ئۇ ھازىر؟
_ كىم، قىزىل چاچلىق ئايالمۇ؟
_ ياق، ئۇ ساڭا تېپىپ بەرگەن ياش بالا يېنىڭدىمۇ؟
_ يېنىمدا ئەمەس، تامدىن ئۆتىدىغان يەر ئىزدەۋاتىدۇ. بىر قورۇق فابرىكىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەكچى مېنى.
_ جەم، دەرھال قايت!
_ نېمىشقا؟
_ ئۇ بالىدىن يىراق تۇر. ئۇ سېنى تاپالمىسۇن.
_ نېمىشقا بۇنچە قورقىسەن؟_ دېدىم لېكىن تېلېفوندىن كېلىۋاتقان قورقۇنچ ماڭىمۇ يۇقۇۋاتاتتى.
_ بىز سەن بىلەن شۇنچە يىللاردىن بېرى قايسى ھېكايىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز؟_ دېدى ئايشە،_ سەن ئۆنگۈرەنگە ئوغلۇڭنى كۆرگىلى بارىدىڭ ئەلۋەتتە. مېنىمۇ شۇڭا يېنىڭغا ئېلىۋالمىدىڭ. ساڭا ئۇ يول باشلىغۇچىنى كىم تونۇشتۇردى؟ قىزىل چاچلىق ئايال! ئەمدى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭمۇ؟
_ كىمنىڭ؟ سەرھاتنىڭمۇ؟
_ ئۇنىڭ ئوغلۇڭ ئەنۋەر بولۇش ئېھتىماللىقى زور، قاچ ئۇ يەردىن جەم!
_ ئۆزۈڭنى بېسىۋال. بۇ يەردە كىشىلەر خاتىرجەم. ماھمۇت ئۇستامنىڭ گېپى جىق بولۇنمىدى.
_ گېپىمنى ئوبدان ئاڭلا،_ دېدى ئايشە،_ ھازىر ساڭا ئۇ يەردە سىياسىي بىر باھانە

بىلەن پىچاق تىققۇزىۋەتسە ياكى يالغاندىن مەست بولۇۋېلىپ، ئۇر-ئۇرغا سېلىپ بىرسىگە ئاتقۇزىۋەتسە قانداق قىلىسەن؟

_ قانداق قىلاتتىم ئۆلىمەن ئۇ چاغدا،_ دەپ كۈلدۈم.

_ ئۇ چاغدا سۇھراب، پۈتۈن شىركەت قىزىل چاچلىق ئايال بىلەن ئوغلىنىڭ بولىدۇ،_ دېدى ئايشە،_ۋە شۇڭا، بۇ كىشىلەر كۆزىنى مىت قىلماستىن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ.

_ مىراسىنى دەپ بۇ ئاخشام مىنى كىم ئۆلتۈرەتتى؟_ دەپ سورىدىم،_ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى؛ ھەتتا ئۆزۈممۇ.

_ ئۇ بالا يېنىڭدىمۇ؟

_ ياق دېدىمغۇ!

_ ساڭا يالۋۇراي. ئاۋۋال ئۇ سېنى تاپالمايدىغان بىر يەرگە دەرھال ئۆتۈۋال.

ئايالىمنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. قارشى تەرەپتىكى بىر دۇكاننىڭ قاراڭغۇ بوسۇغىسىغا ئۆتىۋالدىم.

__ ئەمدى سۆزۈمگە قۇلاق سال،_ دېدى ئايشە،_ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئودىپۇس بىلەن دادىسىنى، رۇستەم بىلەن سۇھرابنى ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا ئويلىغانلىرىمىز ئەگەر توغرا بولغان بولسا...ئۇ يىگىت سېنىڭ ئوغلۇڭ بولسا، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ سېنى! غەربلىك ئىسيانكار بىر شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن...

_ ئۇ ئۇنداق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەنمۇ رۇستەمگە ئوخشاش ئاسىيالىق بىر ھۆكۈمران دادا بولىمەن ۋە بۇ بىئەدەپ ئەۋلادىمدىن بۇرۇن قول سېلىپ مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن،_ دېدىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

_ ئەلۋەتتە سەن ئۇنداق بىر ئىش قىلمايسەن،_ دېدى ئايشە مەست ئېرىنىڭ گەپلىرىنى راست دەپ قېلىپ،_ جايىڭدىن مىدىرلىما. مەن ماشىنا بىلەن ھازىرلا بارىمەن.

قاراڭغۇ ۋە زېرىكىشلىك ئۆڭگۆرەن كېچىسىدە قەدىم كىتابلارنىڭ، ئەپسانىلەرنىڭ، رەسىملەرنىڭ ۋە كونا مەدەنىيەتلەرنىڭ نۇرى ئۇ قەدەر يىراقتا ئىدىكى، ئايالىمنىڭ ئالاقىزادىلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىم. لېكىن خېلى ئۇزۇنغىچە جايىمدىن مىدىرلىمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن يول باشلىغۇچىم سەرھاتتىن ھېچقانداق شەپە كەلمىگەندى قورقۇشقا باشلىدىم. سەرھات ئوغلۇممىدۇ راستىنلا؟ جىمجىتلىق ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى، مىنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغان يىگىتكە ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

_ جەم بەي، جەم بەي،_ دەپ توۋلىدى ئەڭ ئاخىرىدا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن.

بىردەم جىددىيلىشىپ ئۇن چىقارماي تۇرۇۋالدىم. ياش يىگىت توۋلاۋەردى.

بىردەمدىن كېيىن يىگىت ئۆزى غايىپ بولغان يەردە، تامنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا

كۆرۈندى. ئاستا-ئاستا يېقىنلىششقا باشلىدى. شۇنداق، بويى مەن بىلەن تەڭ ئىدى ۋە مېڭىشلىرىدا، قوللىرىنى سىلىشىدا دادامنى ئەسلىتىدىغان بىر نەرسىلەر بار ئىدى. بۇ مېنى قورقۇتتى.

مېنى قويۇپ كەتكەن يەرگە كېلىپ يەنە ئىككى قېتىم «جەم بەي!» دەپ توۋلىدى.

چىرايىنى كۆرەلمەيۋاتاتتىم ۋە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ قارىغۇم كېلىۋاتاتتى. يىللار ئۆتۈپ بىر يىگىتتىن مېنىڭ بالام ئىدى دەپ قورقۇپ مۆكۈۋېلىش چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يانچۇقۇمدىكى تاپانچىغا ئىشەندىم ۋە چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم.

_ نەدە ئىدىڭىز؟_ دېدى،_ ئىچىگە كىرگۈڭىز بولسا ماڭا ئەگىشىڭ.

ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تامنى بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى. كوچىغا راۋۇرۇس قاراڭغۇ چۈشكەندى. يىگىت مېنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن خالى ۋە قاراڭغۇ بىر يەرگە ئېلىپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. كاشكى چىرايىغا يېقىندىن بىر قاراپ باققان بولسامچۇ! ئاياغ تىۋىشىغا ئەگىشىپ قاراڭغۇلۇققا قاراپ ئىلگىرىلىدىم.

تامنىڭ پەس يېرىگە كەلگىنىمىزدە سەرھات مۆشۈكتەك بىرلا سەكرەپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئاندىن ئىسسىق ۋە ھۆل قولىنى تۇتۇپ(ئوغلۇمنىڭ قولىمدۇ، دەپ ئويلىدىم بىردەم) تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتۇم. شۇنداق، بۇ يەر بىزنىڭ تۆزلۈك ئىدى. ئىچى بوش فابرىكىدىكى ئىشىك باقارنىڭ ئىتى زەنجىرنى ئۈزىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا توختىماي قاۋاۋاتاتتى.

زەنجىرنى ئۈزۈۋەتسە ئۇنى تاپانچام بىلەن ئېتىۋېتىشنى ئويلاپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي فابرىكا بىنالىرىنىڭ ئارىسىدا ماڭدىم. ھايرى بەي بىلەن يىگىت پۈتبول ئايىغى كىيگەن ئوغلى، قۇدۇقتىن سۇ چىققاندىن كېيىن بۇ يەردە خىيال قىلغانلىرىدىنمۇ چوڭ بوياش ۋە يۇيۇش سېخلىرىنى قۇرۇپ چىققانىدى. يېقىنقى ئون يىلدا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ جۇڭگو، بېنگال ۋە يىراق شەرققە يۆتكىلىشىدىن بۇرۇن باشقا ئۇششاق-چۈششەك بىنالارنىمۇ سالغانىدى. مەرمەر پەلەمپەيلىك مەمۇرىيەت بىناسىغا ئوخشاش بۇ يەرلەرمۇ ھازىر تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، كارغا كەلمەيدىغان ماتېرىياللار، قۇرۇق ساندۇقلار، توپا ۋە دات باسقان نەرسە-كېرەكلەر تاشلاپ قويۇلىدىغان بىر ئىسكىلات سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقانىدى. بەزىلىرى خارابىدەك كۆرۈنەتتى.

بىزنىڭ قۇدۇق ھايرى بەي ھەر قېتىم كەلگىنىدە بىر كۈنى سالدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدىغان ئىشچىلار ئاشخانىسىنىڭ ئىچىدە قالغانىدى. ئەينەكلىرى سۇنۇق بۇ بىنا ئىسكىلات سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلمىگەن ئىدى. بىنانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى نېئون لامپىنىڭ

نۇرىدا يول باشلىغۇچىمغا ئەگەشتىم ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرى، داتلاشقان تۆمۈرلەر، تۇرۇبىلار ۋە خىيالىي نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ بىزنىڭ قۇدۇقنىڭ بېتون ئاغزىغا كەلدۇق.

_ بۇ قۇلۇپ بۇزۇق،_ دېدى يول باشلىغۇچىم. ۋە ئېگىلىپ قۇدۇقنىڭ بېتون ئاغزىغا بىر ھالقا بىلەن سىلىپ قويۇلغان قۇلۇپنى كوچىلاشقا باشلىدى.

_ بەك ياخشى بىلىدىكەنسەن بۇ يەرنى،_ دېدىم.

_ ئەنۋەر مېنى بەك جىق ئەكەلدى بۇ يەرگە.

_ نېمىشقا؟

_ بىلمەيمەن،_ دېدى. تېخىچە قۇلۇپ بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى،_ سىزنىڭ نېمىشقا كەلگۈڭىز كەلدى؟

_ ماھمۇت ئۇستام بىلەن بۇ يەردە ئىشلىگەنلىرىمىزنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمىدىم،_ دېدىم.

_ ئىشىنىڭكى ئۇمۇ چوقۇم ئۇنتۇپ قالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ گەپ مېنىڭ ماھمۇت ئۇستامنى ناكار قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن تىقىلغان بىر نەشتەرمىيدى؟

ياش يولباشچىم قۇلۇپنى تېخىمۇ ياخشى كوچىلاش ۋە كۈچ يىغىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، يۈزىگە كۈچلۈك بىر نۇر چۈشتى ۋە ئەجىبا بۇ مېنىڭ ئوغلۇممىدۇ دەپ دىققەت بىلەن يۈزىگە قارىدىم. ئىچىمدە سۇسراپ كەتكەن، بىخ سۈرۈشكە تەييار بىر سۆيگۈمۇ بار ئىدى.

لېكىن ئۈمىتسىزلىنىپ قالدىم. شۇنداق، بەلكىم بۇ بالىنىڭ يۈز-كۆزى ۋە چىراي ئىپادىلىرى خۇددى بويىغا ئوخشاشلا ماڭا ئوخشاپ قالاتتى، لېكىن خاراكتېرىنى، كونىلار شەخسىيەت دەپ ئاتىغان نەرسىسىنى ياقتۇرمىغان ئىدىم. ئايشە خاتالاشقان ئىدى. ئوغلۇم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەقىللىق يول باشچىممۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرمىغانلىقىمنى شۇ ھامان ھېس قىلغانىدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ئەمدى ئۇمۇ ماڭا دۈشمەندەك قاراشقا باشلىغانىدى.

_ مەن بىر قاراپ باقاي بۇ قۇلۇپقا،_ دەپ تىزلاندىم ۋە يېرىم-يارتا قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قۇلۇپنى كۈچەپ ئېچىشقا ئۇرۇندۇم.

# قىرق ئۈچىنچى باب

قۇلۇپنى ئېچىش ئۈچۈن تىزلىنىش، ۋىجدانىمدا تېز سۈرئەتتە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان گۇناھ تۇيغۇلىرىمنى بىردەم يېنىكلەتتى. نېمىدەپ كەلگەن بولغىيتتىم بۇ يەرگە؟ قۇلۇپ بىردىنلا ئېچىلدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم، ھالقىسىدىن چىققان قۇلۇپنى يىگىتكە ئۇزاتتىم.

_ قاپقاقنىمۇ ئاچە قىنى،_ دېدىم ئۆيىنىڭ ئىچىدە قالغان بىزانس قۇدۇقنى گېرمانىيەلىك ساياھەتچىگە كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقان يېزىلىققا گەپ قىلىۋاتقاندەك. ئۇمىتسىزلەنگىنىمگە ئوخشاش، يول باشلىغۇچىمىنىڭ مەغرۇر ھالىمۇ ماتەم تەسىر قىلغانىدى.

ھەپىلىشىپ باقتى، لېكىن داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر قاپقاقنى ئاچالمىدى. ئۇنىڭ ھەپىلىششىنى بىردەم تاماشا قىلىۋەتكەندىن كېيىن، چىداپ بولالماي مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇتتۇم. بىرلىكتە كۈچەپ بىر تارتىشىمىزغا قۇدۇقنىڭ قاپقىقى بىزانستىن قالغان مىڭ يىللىق بىر زىنداننىڭ ئىشىكىدەك غىچىلداپ ئېچىلدى.

يىراقتىن چۈشۈۋاتقان نېئون لامپىسىنىڭ نۇرىدا بىر ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى كۆردۈم ۋە ئالاقزادە بىر كەسلەنچۈكنىڭ چاقنىشى دىققىتىمنى تارتتى. كۆچلۈك زەي پۇرىقى دىمىقىمنى ئېچىشتۇرىۋېدى خاتىرەمنىڭ تېرەنلىكلىرىدىن «يەرنىڭ مەركىزىگە ساياھەت» دېگەن سۆزلەر ئۈستىگە چىقتى.

قۇدۇقنىڭ تېگى شۇنچىلىك ئۇزاقتا ئىدىكى، كۆرۈنمەيۋاتاتتى. لېكىن بىردەمدىن كېيىن كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇققا كۆندى. قۇدۇقنىڭ تېگىدە نۇرنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان يىغىلىپ قالغان سۇ ياكى لاي-لاتقىنى كۆردۈم. شۇنچىلىك يىراقتا ئىدىكى، ئادەم ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كېتەتتى.

سەرھات بىلەن قۇدۇقنىڭ تېگىگە جىمجىتقىنە ۋە كەمتەرلەرچە قاراۋاتاتتۇق. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى يالغۇز قورقۇتۇپلا بولىدى قىلمايتتى، كىشىنى بۇنى قازغۇچ ۋە گۆرجەك بىلەن كولىغان كىشىگە ئىختىيارسىز ھەيرانلىق ئىچىدە قايىل قىلدۇرىۋېتەتتى. ئوتتۇز يىل بۇرۇن، پەستە تۇرۇپ مېنى ئازارلىغان ماھمۇت ئۇستام كۆزئالدىمدا گەۋدىلەندى.

_ بىشىم قېيىپ كەتتى،_ دېدى ياش يول باشلىغۇچىم،_ چۆشۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئادەمنى دەم تارتىدىكەن بۇ چوڭقۇرلۇق.

_ نېمىشقىكىن خىيالىمغا ئاللاھ كەلدى،_ دېدىم تۇرۇپلا يېقىندەك ھېس قىلىپ قالغان بۇ يىگىتكە بىر سىرىمنى دەپ بېرىۋاتقاندەك پىچىرلاپ تۇرۇپ،_ ماھمۇت ئۇستام بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بىر ئادەم ئەمەستى. لېكىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن قۇدۇق كولاۋاتقان چېغىمىزدا مەن يەرنىڭ ئاستىغا قاراپ ئەمەس، ئاسمانغا، يۇلتۇزلارنىڭ قېشىغا، ئاللاھنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ قېتىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولغانىدىم.

_ ئاللاھ ھەر يەردىدۇر،_ دېدى مەمەدان سەرھات،_ھەم ئۈستىدە، ھەم ئاستىدا، ھەم شىمالدا، ھەم جەنۇپتا، ھەممە يەردە.

_ ھەئە، شۇنداق.

_ ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئىشەنمەيسەن 'ئۇ' نىڭغا؟

_ كىمگە؟

_ ئاللاھۇتەئالاغا،_ دېدى،_ ھەممىنى ياراتقان ئاللاھقا.

_ سەن نېمە بىلىسەن مېنىڭ ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلىكىمنى؟

_ ھەر ھالىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ...

بىردەم بىر-بىرىمىزنى كۆزەتكەچ جىم بولدۇق. ئالدىمكى ياشنىڭ غەزەپ-نەپرىتىدىن ئۇنىڭ ھەققەتەن ئوغلۇم بولۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئوغلۇمنىڭ خاراكتېرى بار، سەپرا بىر ئادەم بولغانلىقى مېنى سۆيۈندۈردى. لېكىن قۇدۇقنىڭ بېشىدا غەزەپ-نەپرىتىنىڭ ماڭا توغرىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتىم.

_ ياۋروپالاشقان تۈرك بايلىرى لائىكلىكنى « سەن نېمە ئارلىشىسەن مېنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە» دېگەن باھانە بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشىدۇ،_ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى سەرھات،_ لېكىن ئۇلار لائىكلىكنى ئاللاھ بىلەن ھېچقانداق ئالاقە ئورناتماي، كالللىسىغا كەلگەن ھەرقانداق ئەسكىلىكنى زامانىۋىلىق دەپ تۇرۇپ خاتىرجەم قىلىشىۋېلىش ئۈچۈن خالىشىدۇ.

_ سېنىڭ زامانىۋى كىشىلەردە نېمە دەردىڭ بار؟

_ ئەسلىدە مېنىڭ ھېچكىم ۋە ھېچنىمىدە بىر دەردىم يوق!_ دېدى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ،_ئۆزۈمنى دۈشمەنلەر بىلەن، سولچى، ئوڭچى، دىنچى، زامانىۋىلىقچى قاتارلىق زىتلىقلار بىلەن سۇيىەتلىمەي، پەقەت ئۆزۈملا بولۇشنى ئىستىگەنلىكىم ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي شېئىر يېزىۋاتىمەن. باپا ئىشىكىم چېكىلىدى، شېئىر يېزىۋاتاتتىم، ئاچمىدىم.

نېمە دەۋاتقانلىقىنى تۇزۇك چۈشەنمىدىم. لېكىن كىتابلاردىن ئېلىنغان بىر بەس-مۇنازىرىنىڭ بۇ يىگىتنىڭ غەزىپىنى باسالايدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

ـ سىنىڭچە زامانىۋىلىق ئەسكى بىر نەرسىمۇ؟ـ دەپ سورىدىم مەسىلەرچە ساددىلىق بىلەن.

ـ زامانىۋى كىشى شەھەر ئورمىنىدا غايىپ بولغان كىشىدۇر. بۇ دادىسىز قېلىش دېمەكتۇر. دادىسىنى ئىزدىگەننىڭمۇ پايدىسى يوق ئەسلىدە. ئەگەر بىرى زامانىۋى بىر شەخس بولسا، شەھەردىكى ئادەم دېڭىزىدا دادىسىنى تاپالمايدۇ. دادىسىنى تاپالىسا ئۇ ئايرىم بىر شەخس بولالمايدۇ. زامانىۋىلىقنىڭ فرانسۇز بەرپاچىسى جىن جەكۇس روسسۇ بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن تۆت بالىسىنى زامانىۋى بولسۇن دەپ قەستەن تاشلىۋېتىدۇ، ئۇلارغا دادىلىق مېھرىنى بەرمىگەن ئىدى. روسسۇ باللىرىدىن ئەنسىرەپمۇ قويمىغان، بىرەر قېتىم ئىزدەپمۇ قويمىغان ئىكەن. سەنمۇ مېنى زامانىۋى بولسۇن دەپ تاشلىۋەتكەنمىتىڭ؟ شۇنداق قىلغان بولساڭ، توغرا قىپسەن.

ـ نېمە؟

ـ خېتىمگە نېمشقا جاۋاپ قايتۇرمىدىڭ؟ـ دېدى ماڭا يېقىنلاشقاچ.

ـ قايسى خەتكە؟

ـ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى ناھايىتى ياخشى بىلىسەن.

ـ ئەيپكە بۇيرۇما، راكىنىڭ تەسرىدە ئەسلىيەلمىدىم. سېنىڭ ئېسىڭدە بولغاندىكىن دەپ بەرگىن، بىزمۇ تاماققا قايتايلى.

ـ ئوغلۇڭ سۆپىتىدە ئىمزا قويۇپ ساڭا ئەۋەتكەن خېتىمگە نېمشقا جاۋاپ قايتۇرمىدىڭ؟ ئاستىغا ئې-خەت ئادرېسىمنىمۇ قالدۇرغانىدىم.

ـ سىز نېمىنى ئىمزالىدىم دېدىڭىز؟

ـ ئويۇن كۆرسىتىپ سىزلىشىپ كېتىشىنىڭ لازىمى يوق،ـ دېدى سەرھات،ـ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئالللىقاچان بىلىپ بولدۇڭ.

ـ چۈشەنمىدىم، سەرھات بەي.

ـ مېنىڭ ئىسمىم سەرھات ئەمەس. مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەنۋەر.

ئۇزۇنغىچە لام-جىم دېمىدۇق. فابرىكىنىڭ دەرۋازىسىدىكى ئىتمۇ نېمشقىكىن جىمىپ قالغان بولغاچقا تېرەن بىر جىمجىتلىق بولدى. تۇرۇۋپلا نۇرغۇن يىلنىڭ ئالدىدا، دادام بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن بەزىدە ئۇنىڭ چىرايىنى قانداق ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. بۇ تۇيغۇ تۇرۇۋپلا توك كېتىپ قالغانغا ياكى بىردەم كور بولۇپ قالغانغا ئوخشايتتى.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراۋاتقاندا، ئەنۋەرمۇ مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىشكە ئۇرۇنىۋاتاتتى. بىر خىل ئۈمىتسىزلىك ئىچىمدە يۈكسىلىۋاتاتتى. تۈرك فىلىملىرىدىكىگە ئوخشاش «ئوغلۇم!» دەپ ئۇنى قۇچاقلىيالمايدىغانلىقىمنى ئالللىقاچان چۈشەنگەن ئىدىم.

_ دېمەك ئەسلى ئويۇن كۆرستىدىغىنى سەن ئىكەنسەن،_ دېدىم ئاخىرىدا،_ مېنىڭ ئوغلۇم ئەنۋەر نېمىدەپ سەرھاتنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى خالىغۇدەك؟

_ دادىسىنى ياخشى كۆرەمدىكىن ... دادىسىغا قېنى ئىسسىمدىكىن دەپچۇ ؟ دادىلىق مەن ئۈچۈن مۇھىم بىر نەرسە.

_سېنىڭ ئۈچۈن نېمە دادا دېگەن؟

_ ئانىسىنىڭ قارنىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئوغلىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قوغداپ ئىگە چىقىدىغان، كۈچلۈك، شەپقەتلىك بىر كىشىدۇر دادا دېگەن. دۇنيانىڭ مەركىزى ۋە باشلىنىش نۇقتىسىدۇر ئۇ. بىر داداڭنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسەڭ، ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ ئۇزۈڭنى ياخشى ھېس قىلىسەن، ئۇنىڭ ئۇ يەردە بارلىقىنى، كېلىپ سېنى شەپقەت بىلەن قوغدايدىغانلىقىنى بىلىسەن. مېنىڭ ئۇنداق بىر دادام بولمىدى.

_ مېنىڭمۇ ئۇنداق بىر دادام بولمىدى، ئەپسۇس،_ دېدىم سوغۇققانلىق بىلەن،_ لېكىن بولغان بولسىمۇ مېنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ، كۈچى ۋە شەپقىتى بىلەن مېنىڭ شەخسىيىتىمنى ئېزىۋەتكەن بولاتتى!

دادىسىنىڭ بۇ تېمىلارنى ئالدىنئالا ئويلىشىپ قويغانلىقىنى چۈشەنگەن ئەنۋەر كۆزلىرىنى ئاچتى. ئەمدى گەپلىرىمگە ھۆرمەت ۋە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈندۈم.

_ ئەجىبا دادامغا ئىتائەت قىلغان بولسام بەختلىك بولغان بولۇرمىدىم؟_ دەپ ئاۋازلىق خىيال قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇم،_ بەلكىم ياخشى بىر ئوغۇل بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى، لېكىن ياخشى بىر شەخسىيەت (شەخس) بولالمايتتىم.

چۈشەنچىلىرىمنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى:_ بۇ شەخسىيەت ھېرىسمەنلىكى ۋە ھاياجىنى تۈپەيلىدىن ياۋروپالاشقان بايلىرىمىز شەخسىيەت بولۇشنى دېمەيلا تۇرايلى، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بولالمىدى،_ دېدى،_ ياۋروپالاشقان تۈرك بايلىرى ئالللاھقا ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۆزلىرىنى بىر نەرسە چاغلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ شەخسىيەتلىرى بەك مۇھىمدۇر. كۆپىنچىسى، باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئەمەسلىكلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالللاھقا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى تىلغىمۇ ئېلىشالمايدۇ. ھالبۇكى، ئېتىقاد دېگەن ھەممە ئادەمدەك بولۇش ئىشىدۇر. دىن كەمتەرلەرنىڭ جەننىتى ۋە تەسەللىسىدۇر.

_ قوشۇلىمەن.

_ يەنى ئاللاھقا ئىشىنىمەن دېمەكچىمۇ سەن؟ بۇ ياۋروپالاشقان تۈرك بايلىرى ئۈچۈن مۇشكۇل بىر ئىشتۇر.

_ شۇنداق.

_ راستىنلا قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بولساڭ، نېمىدەپ ماھمۇت ئۇستامنى بۇ تېگى يوق قۇدۇققا تاشلاپ قويدۇڭ، قانداق چىدىدىڭ؟ ئېتىقادلىق ئادەم ۋىجدانلىق بولىدۇ.

_ بۇنى كۆپ ئويلاندىم. بالا ئىدىم ئۇ چاغدا مەن.

_ ياق. تېخى شۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئاياللار بىلەن يېتىپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تومپايتىپ قويىدىكەنسەنتۇق.

بۇ ھازىر جاۋاپلىق مېنى چۆچۈتتى. «سەن ھەممە ئىشنى بىلىدىكەنسەن» دەپ غۇدىرىدىم.

_ ھەئە، ماھمۇت ئۇستام ماڭا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن،_ دېدى ئەنۋەر دۈشمەنلەرچە،_ ئۇستامنى سەن ھاكاۋۇر بولغانلىقىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن بەكرەك بىر شەخسىيەت چاغلاپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ تېگىدە تاشلاپ قويدۇڭ. سېنىڭ مەكتىپىڭ، ئۇنىۋېرسىتېتىڭ، ھاياتىڭ ئۇ يوقسۇل ئادەمنىڭ ھاياتىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئىدى.

_ بۇ ھەممە ئادەم ئۈچۈن شۇنداقتۇر.

_ بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس!

_ توغرا دەيسەن،_ دېدىم قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن چېكىنىپ تۇرۇپ.

ئۇزۇن بىر جىمجىتلىق بولدى. ئىت يەنە قاۋاشقا باشلىدى.

_ قورقۇۋاتامسەن؟_ دەپ سورىدى ئوغلۇم.

_ نېمىدىن؟

_قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشتىن.

_ بىلمەيمەن،_ دېدىم،_ تاماق يەۋاتقانلار ئەنسىرەپ قالدى ھەقچان. ئەمدى قايتايلى ...مەن ئوغلۇمدىن بۇنداق بىھۆرمەتلەرچە بىر پاراڭلىشىش تەرزىنى كۈتمىگەن ئىدىم...

_ سىز بىلەن قانداق پاراڭلىشىشىم كېرەك ئىدى جېنىم دادا؟_ دېدى مەسخىرىۋازلارچە،_ ئىنتائەتكار بىر ئوغۇل بولسام، ياۋروپالاشقان بىر شەخسىيەت بولالمايمەن. ياۋروپالاشقان بىر شەخسىيەت بولسام، ئۇنداقتا ئىتائەتكار بىر ئوغۇل

بولالمايمەن. ياردەم قىلىڭ ماڭا.

_مېنىڭ ئوغلۇم ھەم بىر پىشقان شەخسىيەت بولىدۇ، ھەم دادىسىغا ئۆز ئىستىكى بىلەن ئىتائەت قىلىدۇ_ دېدىم_ شەخسىيىتىمىزنىڭ كۈچى پەقەت ئەركىنلىكتىنلا ئەمەس، تارىختىن ۋە ئەسلىمىلىرىمىزدىنمۇ كېلىدۇ. بۇ قۇدۇق ھەقىقىي بىر تارىخ، ھەقىقىي بىر ئەسلىمىدۇر مەن ئۈچۈن. مېنى بۇ يەرگىچە ئېلىپ كەلگىنىڭگە رەھمەت ئەنۋەر بەي. لېكىن بۇ سۆھبەت ئەمدى بەس، يېتەر.

_ نېمىشقا قايتقۇڭ كېلىپ قالدى؟ قورقۇۋاتامسەن؟

_ نېمىدىن قورققۇدەكمەن؟

_قۇدۇقتا ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەمەس، مېنىڭ ھازىر سېنى تۇتۇپ پەسكە تاشلىۋېتىشىمدىن قورقۇۋاتىسەن،_ دېدى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدىم: _ داداڭغا نېمىدەپ بۇنداق بىر ئىشنى قىلغۇدەكسەن؟_ دېدىم بىردەمدىن كېيىن.

_ ماھمۇت ئۇستامنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن..._ دەپ ساناشقا باشلىدى،_ مېنى تاشلىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن. نىكاھلىق ئانامنى ئالدىغانلىقىڭ ئۈچۈن. شۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلۇڭنىڭ خېتىغا جاۋاپ قايتۇرۇپمۇ قويمىغانلىقىڭ ئۈچۈن... سېنىڭ ئارزۇيىڭدىكىدەك بىر شەخسىيەت بولۇش ئۈچۈن. ۋە ئەلۋەتتە سېنىڭ مىراسىڭ ماڭا قالىدىغانلىقى ئۈچۈن...

بۇ سەۋەبلەر تىزىملىكىنىڭ ئۇزۇنلىقى مېنى قورقۇتقان ئىدى. ئوغلۇم بولغان كىشىنى پەيلىدىن ياندۇرماقچى بولدۇم:_ سېنى مەھكىمە-مەھكىمە سۆرۈپ يۈرىشىدۇ، تۈرمىنىڭ كامىرلىرىدا چىرىپ كېتىسەن،_ دېدىم دىققەت ۋە شەپقەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ،_ ئۆمرۈڭ قاماقتا سېنى يوقلاپ كېلىدىغان ئاناڭنى كۈتۈش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادا قاتىلى بولۇش ۋە دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش بىزدە ئەمەس، ياۋروپادا شەرەپلىك بىر ئىشتۇر. سېنى ئاناڭدىن باشقا ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت دادا قاتىللىرىنى مىراستىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ.

_ ئادەم بۇنداق ئىشلارنى ئاقىۋىتىنى ئويلىشىپ قىلمايدۇ،_ دېدى ئوغلۇم،_ ئاقىۋەتلەرنى ئويلىساڭ ئەركىن بولالمايسەن. ئەركىنلىك تارىخ ۋە ئەخلاقنى ئۇنتۇشتۇر. سەن نېچىشنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟

سۈكۈت قىلىشنى قارار قىلغانىدىم.

_ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا سېنى قولۇڭدىن تارتىپ قۇدۇققا تاشلىۋەتسەم...ۋە دادام ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ كەتتى دېسەم ھېچكىم ئەكسىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ.

_ توغرا دەيسەن.

_ ساڭا ئاچچىقىم كەلگەن چاغلاردا سېنى كور قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ ئىچىمدىن،_ دەپ قوشۇپ قويدى ئوغلۇم دىققەت بىلەن،_ بىر دادىنىڭ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان تەرىپى ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ھەمىشە سېنى كۆرۈشى!

_ دادىنىڭ بېقىشى گۈزەل بىر نەرسە بولسا كېرەك.

_ ھەقىقىي بىر دادا بولسا! ھەقىقىي دادا ئادىل بولۇشى كېرەك. سەن ھەقىقىي بىر دادىمۇ ئەمەسسەن. ئاۋۋال كۆزلىرىڭنى كور قىلىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

_ نېمىشقا؟

_شائىرمەن، مېنىڭ ئىشىم سۆزلەر بىلەن ئويناش. لېكىن ھەقىقىي پىكىرلەرنىڭ سۆزلەردىن ئەمەس، رەسىملەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلىمەن. سۆزلەر بىلەن ئويلىيالمىغان ئەسلى پىكىرلەرنى كۆزۈمنىڭ ئالدىغا پەقەت بىر رەسىم سۈپىتىدە كەلتۈرەلەيمەن. ھازىر سېنى كور قىلىۋەتسەم، ئەنە شۇ چاغدا مەن سەن ئىستىگەندەك بىر شەخسىيەت بولىمەن. بىلەمسەن نېمىشقا؟ چۈنكى شۇ چاغدا ئۆزۈم بولىمەن ۋە ئۆز سۆزلىرىمنى يېزىپ، ئۆز ئەپسانىلىرىمنى سۆزلەيمەن.

دۈشمەنلەرچە ھالىتى ۋە مەمەدانلىقىنى ماڭا قارشى ئىشقا سېلىشى كۆڭلۈمنى بۇزغانىدى. ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قۇچاقلىشىم، ئۇنى ھەقىقىي بىر دادىدەك سۆيۈشۈم كېرەك ئىدى. لېكىن ئۈمىتسىزلىك ۋە پۇشايمانلىقتا چۆكۈپ كېتىپ، خاتا بىر گەپ قىلىپ سالدىم:

_ سەنمۇ ھەقىقىي بىر ئوغۇل ئەمەسسەن،_ دېدىم،_ ھەددىدىن زىيادە سەپرا ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىتائەتكار ئىكەنسەن.

_ قانداق ئىتائەتكار ئىكەنمەن، ئىسپاتلا!

ئەسەبىيلەرچە بىر ھەرىكەت قىلىۋىدى بىر قەدەم ئارقامغا داجىدىم. ئۇمۇ ماڭا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

شۇ چاغدا يەنە بىر خاتا ئىش قىلدىم ۋە چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدىن كىرىككالە ماركىلىق تاپانچامنى چىقاردىم، چاخچاق قىلغاندەك كۆرسىتىپ تۇرۇپ قولۇپىنى ئاچتىم.

_ ئوغلۇم، جايىڭدا تۇر. مېنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىما، قارا ئوق چىقىپ كېتىدۇ!- دېدىم.

_ سەن ئۇنى ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيسەن،_ دېدى ۋە ماڭا ئېسىلىپ تاپانچىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى زەي پۇراپ تۇرغان يېرىم-ياتا قاراڭغۇ يەرگە يىقىلدۇق ۋە دادا-ئوغۇل بوغۇشۇشقا باشلىدۇق. ئاۋۋال ئۇ ئۈستۈمگە چىقىۋالدى، كېيىن مەن ئۇنى بېسىۋالدىم، ئاندىن يەنە ئۇ ئۈستۈمگە چىقتى ۋە تاپانچامنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنى

تۇتۇپ قۇدۇقنىڭ بېتونغا ئۇرۇشقا باشلىدى...

# ئۈچىنچى بۆلۈم

ئوتتۇز، ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇن، يەنى 1980-يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بىز سەھنىگە چىققان چەت شەھەرلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئاخشىمى بىزنىڭ تىياتىر ئۆمىكىمىز ۋە يەرلىك بىر سىياسىي تەشكىلاتتىن كەلگەن بىر توپ كىشىلەر، ئىچىشكەچ كەچلىك تاماق يەۋاتساق، ئۈزۈن ئۈستەلنىڭ يەنە بىر بېشىدا ماڭا ئوخشاش يەنە بىر قىزىل چاچلىق ئايال پەيدا بولدى. ئۈستەلدە ئولتۇرغانلار شۇئان بىر ئۈستەلدە ئىككى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ ئولتۇرىشى؛ بۇ تاسادىپىيلىق ھەققىدە پاراڭلىششقا باشلىدى. بۇ خىل ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى قانچە پىرسەنت، بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بىشارىتىمۇ، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ دېگەندەك سۇئاللار سورىلىۋاتاتتى:

_ مېنىڭ چېچىم تەبىئىي قىزىل،_ دېدى ئۈستەلنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئولتۇرغان قىزىل چاچلىق ئايال تۈيۈقسىزلا. ھەم كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىلاتتى، ھەم مەغرۇرلىنىۋاتاتتى:_ قاراڭلار، چېچى تەبىئىي قىزىل بولغانلارنىڭكىگە ئوخشاش مېنىڭ يۈزۈمدە، بەدىنىمدە سەپكۈن بار. تېرەم ئاق ۋە كۆزلىرىم يېشىل.

ھەممەيلەن بۇ ئايالغا قانداق جاۋاب بېرەر، دەپ ماڭا قارىدى.

_ سىزنىڭ چېچىڭىز تۇغما قىزىل ئىكەن، مېنىڭكىسى بولسا ئۆزۈمنىڭ قارارى،_ دېدىم شۇ ھامانلا.

ھەر دائىم بۇنداق ھازىر جاۋاپ ئەمەستىم، لېكىن بۇ مەن بەك كۆپ ئويلانغان بىر ئىش ئىدى:_ سىزنىڭكىسى ئاللاھ بەرگەن، تۇغۇلۇشتىن تەقدىر –پىشانە بولۇپ پۈتۈۋېتىلگەن بىر نەرسە، مېنىڭكىسى بولسا ئەقىل بىلەن روياپقا چىققان بىر تاللاش.

ھاراق سورۇندىكىلەر مېنى ھاكاۋۇر دەپ قالمىسۇن دەپ گېپىمنى ئۈزارتمىدىم. چۈنكى مەسخىرىۋازلارچە، دۆتلەرچە كۈلۈشلەر ئاللىقاچان باشلانغانىدى. جاۋاپ بەرمىگەن بولسام، سۆكۈتىم «ھەئە، چېچىمنى بويىغانىدىم» دەپ بويۇن قىسىپ قالغانىدەك مەنا بېرىپ قوياتتى. ھەم خاراكتېرىمنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشاتتى، ھەم مېنى چاكىنا ھەۋەسلەر بىلەن ياشايدىغان بىر دورامچۇق، دەپ قېلىشاتتى.

بىزدەك كېيىن قىزىل چاچلىق بولغانلار ئۈچۈن، چېچىمىزنىڭ رەڭگى بىر خاراكتېر ھېساپلىناتتى. بىر قېتىم چېچىمنى قىزىلغا بوياتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنى قىزىل چېچىمغا مۇناسىپ ياشاش ئۈچۈن تىرىكەشتىم.

يىگىرمە بەش ياش چاغلىرىمدا، كونا چۆچەك ۋە ئەپسانىلەردىن ئىبرەت ئىزدەيدىغان بىر تىياتىرچى ئەمەس، زامانىۋى بىر ئارتىس، چۈس لېكىن بەختلىك بىر سولچى ئىدىم. ئۈچ يىللىق مەخپىي مۇناسىۋېتىمىزدىن كېيىن، مەندىن ئون ياش چوڭ،

ئۆيلۈك-ئوچاقلىق، قاملاشقان ۋە ئىنقىلابچى سۆيگىنىم مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ھالبۇكى بىللە ھاياجان بىلەن كىتاب ئوقۇغان چاغلىرىمىزدا نە رومانتىك، نە بەختلىك ئەمەستۇق! ئەسلىدە ئۇنىڭغا ھەم ئاچچىقىم كېلەتتى، ھەم قايىل بولاتتىم، چۈنكى مەخپىي مۇھەببىتىمىز ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، تەشكىلاتتىكى بىزنى تونۇيدىغان ھەممە ئادەم مۇھەببەت ھېكايىمىزگە ئارىلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ھەسسەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئاقىۋىتىمىزنىڭ ھەممەيلەن ئۈچۈن ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشۋاتاتتى، شۇ ئارىلىقتا، يەنى 1980 - يىلىدا يەنە بىر ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بەزىلەر يەر ئاستىغا مۆكۈنۈشتى؛ بەزىلىرى كېمىلەر بىلەن گىرىتسىيەگە، ئۇ يەردىن گېرمانىيەگە قېچىپ سىياسىي سۈرگۈن بولۇشتى؛ بەزىلىرى بولسا تۈرمىگە كىرىپ قىيىن-قىستاققا ئېلىندى. مەندىن ئون ياش چوڭ سۆيگىنىم ئاكىن، شۇ يىلى ئۆيىگە، ئايالىغا، بالىلىرىغا ۋە دورىخانىسىغا قايتىپ كەتتى. ماڭا كۆزى چۈشتى، سۆيگىنىمنىڭ يامان گېپىنى قىلدۇ، دەپ ئاچچىقىم كېلىدىغان تۇرخان بولسا دەردىمنى چۈشىنىپ ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭ ئىنقىلابچى يۇرت ئۈچۈنمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ توي قىلدۇق.

لېكىن مېنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىم ئېرىم ئۈچۈن بىر روھى تۇسالغۇ بولۇپ قالدى. مۇشۇ سەۋەپتىن ياشلارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيۋاتقاندەك ئويلاپ قالاتتى، لېكىن مېنى «يەڭگىلتەكلىكىم تۈپەيلى ئەيپلىمەيتتى. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق سۆيگىنىم ئاكىنغا ئوخشاش تېز ئاشىق بولۇپ، تېز ئۇنتۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇۋېلىشتا قىينىلىشقا باشلىدى. نەدىكى بىر چاغلاردا ئۆزىگە قوش بىسلىق گەپلەرنىڭ قىلىنغانلىقىنى، نەشتەر ئۇرۇلغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنقىلابچى يۇرتتىكى دوستلىرىنى ھەرىكەتكە ئۆتمىدى، دەپ ئەيىپلەشكە ئۆتتى ۋە قوراللىق تەشكىلات قۇرۇش ئۈچۈن مالاتياغا كەتتى. ئۇ ئۇ يەردە ئويغىتىشقا تىرىشقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئۇنى قانداق چېقىپ قويغانلىقىنى ۋە ئېرىمنىڭ ژاندارملار تەرىپىدىن بىر دەريا بويىدا قورشاۋغا ئېلىنىپ قانداق ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھاياتىمدىكى بۇ ئىككىنچى چوڭ مەھرۇملۇق مېنى سىياسىيدىن تېخىمۇ سوۋۇتىۋەتتى. بەزىدە ۋاللىقتىن پىنسىيەگە چىققان دادام بىلەن ئانامنىڭ يېنىغا، ئۆيۈمگە قايتاي، دەپ ئويلاپ قالاتتىم، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. ئۆيگە قايتسام، ھەم مەغلۇپ بولغانلىقىمنى قوبۇل قىلغان، ھەم تىياتىردىن قول ئۈزگەن بولۇپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۆزلىرىگە قوشۋالىدىغان بىرەر تىياتىر ئۆمىكى تېپىشىم تېخىمۇ قىيىن بولاتتى. پەرەز قىلىنغاننىڭ ئەكسىچە بۇندىن كېيىن تىياتىرنى سىياسىي ئۈچۈن ئەمەس،

تىياتىر ئۆچۈن ئوينىماقچى بولۇۋاتاتتىم.

بىزنىڭكىلەرنىڭ ئارىسىدا قىلىۋىدىم، خۇددى ئوسمانلى دەۋرىدە ئىران بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كەتكەنچە پەقەت قايتىپ كەلمىگەن لەشكەرلەرنىڭ ئايالىغا قىلىنغىنىدەك، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئېرىمنىڭ ئۆكسى بىلەن توي قىلدىم. ئەسلىدە تۇرگاي بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى سەييارە ئۇمەك تەشكىللەشكە كۆشكۈرتمەك مېنىڭ ئويۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ نىكاھىمىز بىز ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن بىر مەزگىل تولىمۇ بەختلىك ئۆتتى. ئىككى ئەردىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، تۇرگاينىڭ ياشلىقى، بالىلىقى ئەبەدىيلىكنىڭ بىر خىل ۋەدىسىدەك تۇيۇلغان ئىدى. قىشلىرى ئىستانبۇل، ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە، سولچىل تەشكىلاتلارنىڭ زاللىرىدا، تىياتىر سەھنىسى دېگىلى بولمىغۇدەك مەجلىسخانىلىرىدا ئويۇن قويساق؛ يازلىرى دوستلىرىمىز بىزنى تەكلىپ قىلغانلىكى بازارلارغا، دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا، ھەربىي گازارمىلار ۋە يېڭى قۇرۇلغان زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ ئەتراپلىرىغا بېرىپ چېدىرلىرىمىزنى قۇرۇشقا باشلايتتۇق. بىز ئىككى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ بىر ئۇستەلدە ئۇچرىشىشىپ قىلىشىمىز بۇ يىللارنىڭ ئۇچىنچىسىدە يۈز بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن چېچىمنى قىزىلغا بوياتقانىدىم.

ئەسلىدە بۇ قارارىم بەك ئويلىشىپ چىقىرىلمىغانىدى. «چېچىمنىڭ رەڭگىنى تامامەن ئۆزگەرتىمەن» دېگەن ئىدىم شۇ كۈنى باكىركۆيدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ساتىراشقا، لېكىن رەڭ ھەققىدە كاللامدا تېخى بىر ئوي يوق ئىدى.

_چېچىڭىز قوڭۇر ئىكەن، سىرىققا بويىساق يارىشىدۇ سىزگە.

_ قىزىلغا بويا چېچىمنى،_ دېدىم بىردىنلا،_ ئاشۇنداق بولسا ياخشى بولىدۇ.

ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ رەڭگى بىلەن ئاپلېسىن رەڭگىنىڭ ئارىسىدا بىر خىل قىزىلغا بويىدى. كۆزگە بەك چېقىلاتتى؛ ئېرىم تۇرگايدىن تارتىپ ئەتراپىمدىكى ھېچكىمدىن بىر نارازىلىق ئىپادىسى چىقمىدى. بەلكىم ئوينىماقچى بولۇۋاتقان بىرەر ئويۇنغا تەييارلىق قىلىۋاتقان چېغى، دەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قىزىل چاچلارنى، ئارقمۇ-ئارقا بەختسىز مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەنلىكىمگە باغلاپ چۈشەندۈرگەنلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇ مەزگىلدە ماڭا «نېمە قىلسا ھەقلىق» دېگەندەك كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشۋاتاتتى.

بۇ مۇئامىلىلەردىن ئۆزۈم قىلغان ئىشنىڭ مەنىسىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدىم: ھەقىقىيلىق ۋە تەقلىتچىلىك تۈركلەر جېنىدەك ياخشى كۆرىدىغان تېمىلاردۇر. ھاراق ئۇستىلىدىكى يەنە بىر قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ مەغرۇر ئىتىرازىدىن كېيىن، چېچىمنى ساتىراشخانىدا سۈنئىي بوياقلار بىلەن ئەمەس، بازاردا ئۆزۈم تارتقۇزۇپ

ئەكەلگەن خېنىدە ئۆز قولۇم بىلەن بوياشقا باشلىدىم. چېچى تەبىئىي قىزىل ئايال بىلەن ئۇچرىششىنىڭ نەتىجىسى بۇ بولدى.

تىياتىر چېدىرىغا كەلگەن سەممىي ۋە سەزگۈر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ئەسكەرلەرگە بەك دىققەت قىلاتتىم، ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ تۇيغۇ ۋە خىياللىرىغا سەممىيلىك بىلەن كەڭرى ئېچىۋېتەتتىم. ئۇلارنىڭ رەڭلەرنىڭ پەرقىنى، ساختىلىق بىلەن ھەقىقىلىقنى، سەممىي تۇيغۇلار بىلەن قۇرۇق گەپلەرنى پىشقان ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك تېز ئايرىيالايتتى. چاچلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن تەييارلىق خېنە بوياق بىلەن بويىمىغان بولسامتىم بەلكىم جەم مېنى بايقىمىغان بولاتتى.

ئۇ مېنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنى بايقىغانىدىم. دادىسىغا بەك ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلىپلا تۇراتتى. كېيىن ماڭا مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ دەرىزىسىگە تەلمۈرۈپ قارىغانلىقىنى كۆردۈم. بەك تارتىنچاق ئىدى، بۇمۇ ماڭا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. نومۇس قىلمايدىغان ئەرلەردىن قورقىمەن. بۇنداقلار بىزدە بەك كۆپ. نومۇسسىزلىق يۇقىدىغان بولغاچقا، بەزىدە بۇ دۆلەتتە بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. كۆپىنچىسى سىزنىڭمۇ نومۇسسىز بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. جەم ئەدەپلىك ۋە تارتىنچاق ئىدى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بولسا، تىياتىرغا كېلىپ ئويۇن كۆرگەن كۈنى ئىستانسا مەيدانىدا ماڭغاچ سۆزلەپ بەرگەن چېغىدا بىلگەنىدىم.

ھەيران قالدىم، لېكىن كاللامنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتىم. ھاياتتا تاسادىپىيلىق دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىمنىڭ ئەسلىدە بىر مەنىسى بولىدىغانلىقىنى تىياتىردا بىلگەنىدىم. ھەم ئوغلۇمنىڭ ھەم دادىسىنىڭ يازغۇچى بولماقچى بولۇشى ئادەتتىكى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەستۇر. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، بۇ يەردە، ئۆتنگۈرەندە ئوغلۇمنىڭ دادىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىم بىر تاسادىپىيلىق ئەمەستۇر. ئوغلۇمنىڭمۇ، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش دادىسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىشى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەستۇر. تىياتىر سەھنىسىدە يىللاپ يىغلىغاندىن كېيىن، ھاياتتا ئىچ-ئىچىدىن يىغلايدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قېلىشىم تاسادىپىيلىق ئەمەستۇر.

1980-يىلدىكى ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، بىزنىڭ ئەل ئىچى تىياتىر ئۆمىكىمىز پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى. بېشىمىزغا بالا-قازا كەلمىسۇن دەپ سولچىلىقىمىزنى سەل يوشۇردۇق. كىشىلەرنى چېدىرغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، قىسقا مونولوگلىرىمىغا مەسنەۋىدىن، كونا تەسەۋۋۇپ ھېكايىلىرى ۋە چۆچەكلىرىدىن، خۇسرەۋ بىلەن شىرىندىن، كەرەم بىلەن

ئاسـسـلىدىن تەسـسرلىك كۆرۈنـسۈش ۋە دىيـالوگلارنى ئالـدىم. لـسېكىن ئەڭ چـسوڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى، يەشىلچام ئۈچۈن مىلودىراما يېزىپ بېرىدىغان كونا بىر سېنارىست دوستىمىز «ھەر زامان ياقتۇرىلىدۇ ۋە مودا بولىدۇ» دەپ تەۋسىيە قىلغان رۇستەم بىلەن سۇھرابنىڭ ھېكايىسىدىن ئۆزلەشتۈرگەن، كۆزى ياشلىق قېرى ئايالنىڭ مونۇلوگى ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۇق.

تېلېۋىزوردىكى ئېلانلارنى دورىغان ۋە مەسخىرە قىلىدىغان نومۇرلىرىمىدىن كېيىن، ئۇسسۇل ئويناپ، بەل تولغىشىمىغا، قىسقا يوپكام ۋە ئۇزۇن پاچاقلىرىمغا ھەيران قېلىپ جاسارەتلەنگەن، ئەخلاقسىز گەپلەرنى قىلغان، ئەھۋالىغا قاراپ بەزىدە ماڭا ئاشىق بولغان ياكى جىنسىي تەسەۋۋۇرلارغا چۆمۈلۈپ كەتكەن ئۇ بارلىق ئارسىز ئەرلەر(ھەتتا «ئاچە، ئاچە!» دەپ تـوۋلاپ كېتىدىغان ئەڭ پەسكەشلىرىمۇ)، سەھنىدە سۇھرابنىڭ ئانىسى تەھمىنەنىڭ، ئېرىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆتۈرگەن نالە-پەرياتىنى ھەر قېتىم مەنمۇ كۆتۈرگىنىمدە بىردىنلا تېرەن ۋە ۋەھىمىلىك جىمجىتلىققا چۆكۈپ كېتىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئاۋۋال ئاۋازىمنى ئۆزۈپ-ئۆزۈپ، كېيىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يىغلاشقا باشلايتتىم. يىغلاۋېتىپ تاماشىبىنلارغا تەسىر قىلىۋاتقان كۈچۈمنى ھېس قىلاتتىم، پۈتۈن ھاياتىمنى ئارتىسلىققا ئاتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن سۆيۈنەتتىم. سەھنىدە ئۈستۈمدە يىرتىق ئۇزۇن قىزىل كۆڭلەك، تارىخىي زىبۇ-زىننەتلىرىم، بېلىمدە ئەسكەرلەرنىڭ بەللىكى، بېلىكىمدە كونا زامانلاردىن قالغان بىلەكلىك بىلەن سەھنىدە ئانىلارنىڭ دەردىگە يىغلاۋاتقىنىمدا، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ئەرلەرنىڭ ئۆكسۈپ تىترىشىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ نەملەنگەنلىكىنى، گۇناھ تۇيغۇلىرىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. ياقا-يۇرتلۇق، ياش، چۈس تاماشىبىنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈچلۈك، بۇيرۇقۋاز رۇستەمنىڭ ئەمەس، ئىختىيارسىز ھالدا ئوغلى سۇھرابنىڭ ئورنىغا قويىدىغانلىقىنى مەن جېدەلنىڭ بېشىدىلا ئۇلارنىڭ ئوغۇل تەرەپتە تۇرغانلىقىدىن بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. لېكىن ئۆزلىرى ئۈچۈن يىغلىيالىشى ئۈچۈن، ئاۋۋال قىزىل چاچلىق ئانىسىنىڭ سەھنىدە ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ يىغلىشى كېرەك ئىدى.

بارلىق بۇ تېرەن ئازابلارنى ياشاۋېتىپ، نۇرغۇنلىغان ھەيرانلىرىمنىڭ كۆزلىرىنىڭ لەۋلىرىمگە، بوينۇمغا، كۆكسىمگە، پاچاقلىرىمغا ۋە ئەلۋەتتە قىزىل چاچلىرىمغا قاراۋاتقانلىقىنى؛ پەلسەپۋى ئازاب بىلەن جىنسىي ئىستەكنىڭ كونا چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرەتتىم. ھەر قېتىم ئېڭىشكىنىمدە، ئالغان ھەر قەدىمىمدە ۋە ھەر بېقىشىمدا تاماشىبىنلارنىڭ ھەم ئەقلىگە ۋە تۇيغۇلىرىغا،

ھەم ياشقىنە تەنلىرىگە خىتاب قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىمنى كۆرەلىگەن ئاشۇ پەيتلەر قالتىس چاغلىرىم ئىدى، لېكىن بۇ ئەھۋال كۆپ كۈزۈلمەيتتى. بەزىدە ياش بىر يىگىت ئۇن سىلىپ يىغلاپ كېتەتتى، ئاندىن بۇ باشقىلارغا يۇقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرى ئالقىش ياڭرىتىشقا باشلايتتى، سۆزلىرىم ئاڭلانماي قېلىپ ئۆز-ئارا غەۋغا كۆتۈرىشەتتى. بىر نەچچە قېتىم چېدىردىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەبىيلىشىشىنى كۆردۈم؛ ھۆكىرەپ يىغلاۋاتقانلار بىلەن ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلار، ئالقىشلىغانلار بىلەن تىللىغانلار، ئورنىدىن تۇرۇپ قىيا-چىيا قىلغانلار بىلەن جىم ئولتۇرۇپ كۆرۈۋاتقانلار بىر-بىرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەنىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ خىل ھاياجان ۋە قارامىلىقلارنى ياخشى كۆرەتتىم، ئارزۇلايتتىم، لېكىن كىشىلەرنىڭ زوراۋانلىقىدىن قورقاتتىم.

بىر مەزگىلدىن كېيىن يىغلايدىغان ئايالنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان باشقا بىر سەھنە ئىزدىدىم. ھەزرىتى ئىبراھىم، ئاللاھقا ئىتائىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوغلىنى بوغۇزلاۋاتقاندا، ھەم يىراقتا تۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدىم ھەم قولىدا ئويۇنچۇق قوي كۆتۈرىۋالغان پەرىشتىنىڭ رولىغا چىقتىم. لېكىن بۇ ھېكايىدە بىر ئايالنىڭ ئورنى يوقتى؛ تەسىرلەندۈرەلمىدىم. كېيىن ئودىپۇسنىڭ ئانىسى ئىئوكاستەنىڭ مونولوگىنى ئۆزۈم ئۈچۈن قايتىدىن يازدىم... بىر ئوغۇلنىڭ دادىسىنى بىلمەستىن ئۆلتۈرۈپ سالغانلىق ھېكايىسى كىشىلەرنى ئانچە بەك ھاياجانغا سالالمايۋاتاتتى، لېكىن بىر چۈشەنچە سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇۋاتاتتى. مۇشۇنچىلىكىمۇ بەلكىم كۇپايە ئىدى. كاشكى ئوغۇلنىڭ كېيىن قىزىل چاچلىق ئانىسى بىلەن ياتقانلىقىنى پەقەتلا تىلغا ئالمىغان بولسامتىم. بۇنىڭ پالاكەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بۇگۈن دېيەلەيمەن. تۇرگاي مېنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. لېكىن نە ئۇنىڭ، نە تەييارلىق جەريانىدا «ئاچا، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىغان چايچى بىلەن «ھەجەپ كۆزۈمگە سىغمىدى-يا بۇ!» دەپ گەپ سوقۇۋالغان رېژىسسور يۇسۇفنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدىم.

قىزىل چاچلىرىم بىلەن ئودىپۇسنىڭ ئانىسى ئىئوكاستەنىڭ رولىغا چىقىپ، ئۇقۇشماي ئوغلۇم بىلەن ياتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئىچ-ئىچىمدىن چىقىرىپ يىغلىغان گۈدۈل بازىرىدا، 1986-يىلى تۇنجى كۇنلا تەھدىتكە ئۇچرىدۇق، ئەتىسى يېرىم كېچىدە تىياتىر چېدىرى يىنىپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆچۈرۈشكە ئاران ئۈلگۈردۇق. بىر ئايدىن كېيىن سامسۇندا ساھىلدىكى تەنەكە مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا قۇرغان چېدىرىمىز، ئودىپۇسنىڭ ئانىسىنىڭ مونولوگىدىن كېيىنكى  سەھەردە بالىلار تەرىپىدىن تاش –بوران قىلىنىدى. ئەرزۇرۇمدا غەزەپلەنگەن مىللەتچى ياشلارنىڭ «يۇنان ئويۇنى» دەپ ئەيىپلەشلىرىدىن ۋە تەھدىتلىرىدىن بىزار بولغانلىقىم ئۈچۈن مېھمانخانىدىن چىقالمىدىم،

چېدىرنى بولسا جەسۇر ۋە دۇرۇست ساقچىلار قوغدىدى. بەلكىم چوڭ شەھەرلەرنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر ئۇچۇق سۆزلۈك سەنئەتكە تېخى تەييار بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاۋاتاتتۇق، دەل شۇ مەزگىلدە ئەنقەرەدە تەرەققىياتچى ۋەتەنسۆيەرلەر تەشكىلاتىنىڭ قەھۋە ۋە راكى پۇراپ تۇرىدىغان كىچىك سەھنىسىدە ئويۇنىمىز ئۈچ قېتىملىق ئوينالماستىنلا «خەلقنىڭ ئار-نومۇس ۋە هايا تۇيغۇلىرىغا مۇخالىپ» دەپ توختىتىپ قويۇلدى. ئەر كىشىلەر بىر-بىرىگە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان تىل-هاقارەت «ئاناڭنى» دەپ باشلىنىدىغان دۆلىتىمىزدە سوتچىنىڭ قارارىنى خاتا دەپ قارىمىدىم.

بۇ ھەقتە يىگىرمە ياش چاغلىرىمدا ئوغلۇمنىڭ بوۋىسى ئاكىنىغا ئاشىق بولغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش قىلاتتۇق. ئەرلەرنىڭ مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان تىللىرىنى ئۆتتۈرا مەكتەپتە، ھەربىيلىكتە ئۆگەنگەنلىكىنى سۆيگىنىم يېرىم ھەيرانلىق، يېرىم خىجىللىق ئىچىدە ئەسكە ئېلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ماڭا دەپ بېرەتتى، ئارقىسىدىن «قىززىق!» دەيتتى، ئاندىن «ئاياللارنىڭ ئېزىلىشى» دېگەن ئومۇمىي تېمىدىن گەپ باشلاپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جەننىتىگە بارغاندا بارلىق بۇ مەينەتچىلىكلەرنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. سەۋر قىلىشىمىز، ئىنقىلاب قىلىشى ئۈچۈن ئەرلەرنى قوللىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن تۈرك سولچى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك ھەققىدە گەپ قىلماقچى دەپ قالماڭلار مېنى ھەرگىز. مېنىڭ ئاخىرقى مونولوگلىرىم پەقەت غەزەپلىكلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شېئىري ۋە نەپىس بولۇشى كېرەك. ئوغلۇمنىڭ كىتابىدىمۇ مۇشۇنداق بىر كەيپىيات بولسىكەن، مېنى سەھنىدە كۆرگەن چاغلىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش كىتابىتىمۇ بۇ تۇيغۇلارنى ھېس قىلسىكەن، دېگەن ئۈمىتتىمەن. بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى دادىسىدىن، بوۋىسىدىن باشلاپ بىر كىتابتا ھېكايە قىلىپ بېرىش پىكرىنى ئەنۋەرىمگە مەن بەردىم.

ئەسلىدە مەكتەپكە كىرىش يېشىغا كەلگەندە، ئىچىدىكى ياخشىلىقنى ۋە ئىنسانىيلىقنى يوقىتىپ قويمىسۇن، ئەرلەرنىڭ سەتچىلىكلىرىنى ئۆگەنمىسۇن دەپ ئەنۋەرىمنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي ئۆزۈم تەربىيەلىمەكچى بولغانىدىم. تۇرگاي بۇ ئويلىرىمغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايتتى. ئوغلىمىز باشلانغۇچ مەكتەپكە باكىركۆيدە كىرگەندە، بىز تىياتىرنى تاشلاپ، تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىۋاتقان تەرجىمە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا ئاۋاز بېرىشكە باشلىغان ئىدۇق. ئۆنگۆرەنگە ئۇ يىللاردا بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى سىررى سىياھئوغلۇ ئىدى. سولچىلىق، سوتسىيالىستىك هاياجانلار ئاخىرلاشقان بىلەن دوستلار كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتۇق. يىللار ئۆتۈپ، ئۆنگۆرەندە ماھمۇت ئۇستام بىلەنمۇ بىزنى ئۇ ئۇچراشتۇردى.

ئـوغلىمىز ئەنـۋەر قـۇدۇقچى مـاھمۇت ئۇسـتامنىڭ ھېكـايىلىرىنى يـاقتۇراتتى. ئارقـا ھويلىسىدا بەك چىرايلىق بىر قۇدۇقى بار ئۆيىگە بىللە يـوقلاپ بـاراتتۇق. مـاھمۇت ئۇسـتام تـۇنجى قـۇدۇقتىن سـۇ چىقارغانـدىن كېيىنكـى ئىنشـائات ئىشـلىرىدا قـۇدۇق كـولاپ بېيىـپ كەتكەن ئىدى، باشتا سېتىۋالغان يەرلىرىنىڭ باھاسى ئۆسكەنلىكى ئۈچـۈن راھەت ئىچىـدە ياشاۋاتاتتى. ئۆزگۆرەنلىكلەر ئۇنى ئېرى گېرمانىيەگە بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن، بىـر بالىسى بار گۈزەل بىر ئايال بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ قويغان ئىـدى. مـاھمۇت ئۇسـتام بـۇ بالىغـا بەك ئامراق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا دادىلىق مېھرىنى بەك ياخشى يەتكـۈزدى. ئەنـۋەر بىـلەن بۇ بالا_ ئىسمى سالىھ ئىـدى_ ياخشـى دوسـتلاردىن بولۇشـتى. سـالىھقا تىيـاتىرنى ياخشـى كۆرسـىتىش ئۈچـۈن شـۇنچە تىرىشـقان بولسـاممۇ مەغلـۇپ بولـدۇم. لـېكىن مېنىـڭ يـاش تىياتىرچىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسنى ئەنۋەرنىـڭ ساۋاقداشـلىرىدىن، ئۆزگۆرەنلىـك بـالىلاردىن، ياشـلاردىن توپلىـدىم. ئەنۋەرنىـڭ سايىسـىدە مەنمـۇ ئۆزگـۆرەنگە كۆنـدۈم. تىياتىرنىـڭ ئىشتىياقى يۇقۇملۇق ئىدى. بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مـاھمۇت ئۇسـتامنىڭ ئـۆيىگە بېرىـپ كېلەتتى. ماھمۇت ئۇستا ئۈچقات ھىدى كېلىپ تۇرىـدىغان بېغىغىمـۇ بىـر قـۇدۇق كولىغـان بولۇپ، باغدا ئوينىغـان بـالىلار چۈشـۈپ كەتمىسۇن دەپ تۆمـۈر قاپقىقىغـا قۇلـۇپ سېلىپ قويغـان ئىـدى. شـۇنداقتىمۇ مەن ئىككـى قەۋەتلىـك ئۆيىنىـڭ ئارقـا بالكونىغـا چىقىـپ «قۇدۇقنىــڭ تــۈۋىگە بارمــاڭلار!» دەپ ۋارقىــراپ تــۇراتتىم. چــۈنكى كونـا چــۆچەك ۋە ئەپسانىلەردىكى ئىشلار ئەڭ ئاخىرىدا بېشىڭىزغا كېلەتتى. قانچىلىـك ئوقـۇپ، قانچىلىـك ئىشەنسـىڭىز، شـۇ قەدەر كـۆپ كېلەتتـى. دېمىسـىمۇ ئاڭلىغــان ھېكـايىڭىز بېشـىڭىزغا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەپسانە دەپ ئاتايسىز.

مـاھمۇت ئۇسـتامنىڭ قـۇدۇقتىن چىقىرىلىشـىغا مەن باشـلامچى بولـدۇم. ئالـدىنقى ئاخشــىمى ئوتتـۇرا مەكـتەپ ئوقۇغۇچىســى ســۆيگىنىم يەنە بىــر قەدەھ كۆلـۈپ راكىســى ئىچكەندىن ۋە مەن بىلەن يىگىياچىلارچە بىللە بولـۇپ مېنـى ھامىلـدار قىلىـپ قويغانـدىن كېـيىن(ھەر ئىككىمىزنىـڭ خىيـالىمىزغىمۇ كەلمىـگەن ئىـدى بۇنـداق بىـر ئىـش) ھەممـە ئىشــنى(ئۇنىــڭ گېپــى) ماڭــا ســۆزلەپ بەرگەنــدى، ئۇستىســىنىڭ ئــۆزىنى بەك زورلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى ئۆيىگە، ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتقۇسىنىڭ بـارلىقىنى، قۇدۇقنىـڭ سـۇ چىقىـدىغانلىقىغا ئىشـەنمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگۆرەنـدە قـۇدۇق ئۈچـۈن ئەمەس، مېنـى دەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئەتىسى چۈشتە، ئىستانسا مەيدانىدا قولىدا كىچىك بىر چامادان، ئالـدىراش-تـىنەش پويىزغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كاللام ئېلىشـىپ كەتتـى. چېـدىرىمىزغا كېلىـپ مېنـى كـۆرگەن ئەرلەرنىـڭ بەزىلىـرى ماڭـا ئاشـىق بولـۇپلا(ۋاقىتلىـق بىـر مەزگىـل) بولـدى

قىلىشمايتتى، ھەددىدىن زىيادە كۆڭلەمچىلىككە گىرىپتار بولاتتى.

بەلكىم جەمنى يەنە بىر قېتىم كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلغانىدى. ماشىنا دادىسىنىڭ گېپىنى بەك ئاز قىلىپ بەرگەنىدى، بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپلا بىر ئىشلارنى ھېس قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن! ئۇنىڭدىن كېيىنكى پويىز بىلەن بىزمۇ كېتەتتۇق، لېكىن مەن جەمنىڭ ئۆزگۈرەندىن نېمىشقا جىنايەتچىدەك ئالدىراش-تىنەش ئايرىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدىم. ئىستانسىغا بازارغا كەلگەن قولىدا سېۋەت كۆتۈرىۋالغان يېزىلىقلار، بالا-چاقىلاردىن شەكىللەنگەن بىر كىشىلەر توپى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن چېدىرغا كېلىپ سىلىق –سىپايە ۋە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويىۇننى كۆرگەن ماھمۇت ئۇستامنى، تۇرگاي شاگىرت ئەلىنىڭ ياردىمى بىلەن تېپىپ ئويۇنغا ئەكەلگەنىدى. ئەلىنىڭ ئەمدى ئۇ يەردە شاگىرتلىك قىلمايۋاتقانلىقىنى، قۇدۇقنى كولاتقان خوجايىنىنىڭ پۇل بېرىشنى توختىتىپ قويغانلىقىنى بىزنىڭكىلەر بىلەتتى. ئەنسىرەپ قالدۇق، تۇرگاينى يۇقارقى تۈزلۈككە ئەۋەتتۇق ۋە بىز پويىزغا ئۈلگۈرەلمىدۇق. ئاندىن كونا چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش ھەممەيلەن بىللە بېرىپ قۇدۇققا قارىدۇق ۋە پەسكە چۈشكەن ئەلى يېرىم بىھوش ماھمۇت ئۇستامنى ئۇستىگە ئېلىپ چىقتى.

ئۇستامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. سۇنغان مورە سۆڭىكى تېخى تۈزۈك تۇتماستىنلا ماھمۇت ئۇستامنىڭ يەنە قۇدۇق كولاشقا كىرىشىپ كەتكىنىنى كېيىن ئاڭلىدۇق. كىمنى شاگىرتلىققا ئالدى، كىم ئۇنى قوللىدى، بۇ تەپسىلاتلارنى بىلەلمىدۇق، چۈنكى بىزنىڭ تىياتىر ئۆمىكىمىزمۇ ئۆزگۈرەندىن ئايرىلغان ئىدى. ئۇ يەردە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئويۇن مەستلىكىدە بىللە ياتقانلىقىمنى، ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسىغا ئاشىق بولغانلىقىمنى لېكىن ئۇ ئاشىقلىقىنىڭمۇ كۆلگە ئايلانغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكۈم بار ئىدى. ئەرلەرنىڭ مەغرۇرلىقىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە قانلىرىدىكى مىجەزىنى ئوتتۇز بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا بىلىپ يەتكەن ئىدىم. دادىلىرىنىمۇ، ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقلىرىنى بىلەتتىم. دادىلىرى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرسىمۇ، ياكى ئوغۇللىرى دادىلىرىنى ئۆلتۈرسىمۇ ئەرلەرگە قەھرىمان بولۇش، ماشىنا بولسا يىغلاش قالاتتى پەقەت. بەلكىم بۇ بىلگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ باشقا يەرلەرگە كېتىشىم كېرەك ئىدى.

ئەنۋەرنىڭ دادىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى تۇرگاي تۇرماق، مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرمىگەن ئىدى. باشتا بۇ ئېھتىمال كۆڭ ھېسابى سەۋەپلىك بىر ئىككى قېتىم خىيالىمدىن كەچكەن بولسىمۇ، بەك دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. لېكىن ئەنۋەر چوڭ بولغانسېرى قاش-كۆزىنىڭ ۋە بولۇپمۇ بۇرنىنىڭ تۇرگايغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغانلىقى گەۋدىلەنگەنسېرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۆيگىنىمنىڭ بالامنىڭ دادىسى

ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدىم. بۇ تۇرگاينىڭ خىيالىغا قانچىلىك كىلىۋاتقان بولغىيتتى؟
ئەنۋەر بىلەن تۇرگاينىڭ مۇناسىۋىتى پەقەتلا ياخشى بولمىدى. تۇرگاي ئوغلىمىزغا قارىغانسىرى مېنىڭ ئەسلىدە ئاكىسىنىڭ سۆيگىنى ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە نىكاھلىق بىر ئەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئاكىسى تۇرخاننى ئالدىغانلىقىمنى خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاشلا ئويلاۋاتاتتى. ماڭا ئوچۇق دېمەيتتى، لېكىن مەن بۇلارنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. قىزىل چاچلىرىمغىمۇ ـ ئوچۇق دېمىسىمۇ ـ ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى، چاچلىرىم ئۇنىڭغا بۇلارنى ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن!
فرانسۇزچە ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمە ئويۇن تېكىستلىرى ۋە كىتابلاردىن تاپقان، قىزىل چاچلىق ئاياللىنىڭ غەربتە جىدەلخور، ئاچچىقى يامان، خۇيى ئەسكى دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىر قانچە بەتنى تۇرگايغا ئوقۇتتۇم، لېكىن پەرۋا قىلمىدى. بىر ئاياللار ژورنىلىدا، بىر ياۋروپا گېزىتىدىن شۇ پېتىلا ئېلىپ كىلىنگەن «ئەرلەرگە كۆرە ئاياللارنىڭ تۈرلىرى» دېگەن بىر يازما بار ئىدى. قىزىل چاچلىق ئاياللىنىڭ گۈزەل رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئاجايىپ ۋە ئاچچىقى يامان» دەپ يېزىلغانىدى. لەۋلىرى ۋە ھالى ماڭا ئوخشايتتى. ئاۋايلاپ كېسىپ تامغا ئاستىم، لېكىن ئېرىمنىڭ رەسىم بىلەن كارى بولمىدى. سولچى ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزىمچىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئېرىم ھەددىدىن زىيادە يەرلىك ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ دۆلەتتە قىزىل چاچلىق ئايال، سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەك كۆپ ئەر بىلەن بىللە بولغان ئايال دېگەن گەپ بولاتتى. چاچلىرىنى قەستەن قىزىلغا بويىغان بولسا، بۇ كىملىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تاللىدى دېگەنلىك بولاتتى. تىياتىر سەنئەتكارى ئىكەنلىكىم، گۇناھىمنى بىر خىل ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ يېنىكلىتىۋاتاتتى.
شۇنداق قىلىپ فىلىملەرگە ئاۋاز بېرىشكە باشلىغان يىللاردا تۇرگاي بىلەن ئاستا-ئاستا يىراقلاشتۇق. باكىركۆيدە، تۇرگاينىڭ دادىسىدىن قالغان بىر ئۆيدە ياشاۋاتاتتۇق، لېكىن ئەنۋەر دادىسىنى كۆپ كۆرەلمەيتتى. تۇرگاي ئېلانغا ئاۋاز بېرىدىغان ئىشلارنى ۋە باشقا قوشۇمچە ئىشلارنى ئالاتتى، ئۆيگە كەچ كېلەتتى، بەزىدە پەقەتلا كەلمەيتتى. ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماققا بەزىدە كېلىدىغان، بەزىدە بەك كەچ كېلىدىغان، بەزىدە پەقەتلا كەلمەيدىغان بىر دادىنى ساقلىغاچ بالا چوڭ قىلىشنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.
شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر بىلەن بەك يېقىن بولۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۆزگىچە مىجەزلىرىنى، زىل روھىنىڭ ۋە سەزگۈرلىكىنىڭ شەكىللىنىشىنى بەك يېقىندىن كۆزىتىپ تۇردۇم. قورقۇنچلىرىنى، جىمغۇرلۇقلىرىنى، ئۇركەكلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرغىنىمدەك ئۇنىڭ

ئاچچىقنى، يالغۇزلۇقنى ۋە ئۇمىتسىزلىكنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. مەخمەل تەنلىك بالامنىڭ قوللىرىنى، پۇتلىرىنى، بويىنىنى سىلاشقا ئامراقلىقىم، مۇرىسىنىڭ، قۇلاقلىرىنىڭ ۋە بادىمىنىڭ بارا-بارا چوڭىيىشىنى زوق بىلەن تاماشا قىلغىنىمغا ئوخشاش، ئەقلىنىڭ، مەنتىقىسىنىڭ ۋە كەيپىزلىكلىرىنىڭ بىپىپ موللىشىشىدىنمۇ پەخىرلىنەتتىم.

بەزىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياخشى بىر دوست بولاتتىم، كۇنبويى پاراڭلىشىپ، چاخچاق قىلىشىپ، ئۆيدە مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناپ، تېپىشماق تېپىشىپ، بىللە بازارغا چىقاتتۇق. بەزىدە بىزنى غەم ۋە يالغۇزلۇق بېسىپ، ھەر ئىككىمىز دۇنيانىڭ چوڭلۇقىدىن قورقۇپ، ئۇ يەردىكى ئورنىمىزدىن ئىچىمىز سىقىلىپ، ئۆزىمىزنى ئىچىمىزگە بەنت قىلىۋالاتتۇق. شۇنداق چاغلاردا ھاياتتا باشقا بىر كىشىنى چۈشىنىشىنىڭ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ، ئۇنىڭ روھى بىلەن ئۆزلىشىشنىڭ نە قەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىشى ئوغلۇم ئەنۋەر، مەن بۇ ھاياتتا ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىدى. قولىدىن يېتىلەپ ئۇنىڭغا كوچىلارنى، ئۆيلەرنى، رەسىملەرنى، باغچىنى، دېڭىزنى، كېمىلەرنى، پۈتۈن دۇنيانى كۆرسەتتىم. باكىركۆيدە، كېيىنچە ئۆنگۆرەندە، ئۇنىڭ كوچىلاردا ئوينىشىنى، ئاداشلىرى بىلەن يىقىلىپ- قوپۇپ يۈرۈپ ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىشىنى ئىستىگىنىمگە ئوخشاشلا، بىر-بىرىگە ھە دېيىشلا «ئاناڭنى» دەيدىغان لۈكچەكلەردىن يىراق تۇرۇشىنى ۋە تىياتىر چېدىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلغان ئەرلەردەك بولماسلىقىنىمۇ بەك ئارزۇ قىلاتتىم.

ئەنۋەر تەڭتۇشلىرىغا قارىغاندا كوچىغا ئاز چىقىپ ئوينىدى. لېكىن دەرسلىرىدە ئۇتۇقلۇق ۋە سىنىپىدا بىرىنچى بولالماسلىقى مېنىڭ بېشىمنى قاتۇراتتى. بەزىدە نېمشقا بۇنىڭغا كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىمەن، دەپ كېتەتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئۇتۇق قازانغان بىر ئىشى ياكى نۇرغۇن پۇلى بولغاننىڭ ئورنىغا، تېرەن بىر ئىنسانىيلىقى، توغرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر نىشانى ۋە بەختى بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئوغلۇم ھەم بىر بەختلىك ئادەم ھەم بىر قەھرىمان بولۇشى كېرەك ئىدى! ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلارنى ئويلاپ چىقتىم. ھەرگىزمۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرىيدىغان بىر ئادەم بولمىسۇن، دەيتتىم. بۇۋاق ۋاقتىدا گۈلدەك ئاغزىنى ئېچىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن يىغلىغان چاغلىرىدا «ھاياتتا ئەسلا يىغلىمىغاي جېنىم ئەنۋەرىم!» دەپ كېتەتتىم دۇئا قىلغاندەك.

ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جەۋھىرى بار، ئۆزگىچە بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى گۈزەل كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ چۈشەندۈردۈم. بىللە باللار كىتابلىرىنى، كونا چۆچەكلەرنى، شېئىرلارنى ئوقۇدۇق. تېلېۋىزوردا باللار تىياتىرلىرىنى كارتون

فىلىملەرنى بىللە كۆردۇق. دادىسى ۋە بوۋىسىدىنمۇ بەكرەك تېرەن ۋە سەزگۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. بىر كۈنى تىياتىر يازغۇچىسى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا مەن ئېيتتىم. يازغۇچى بولۇشقا قىزىقتى، لېكىن تىياتىرغا پەقەتلا قىزىقمىدى.

ئەنۋەرنىڭ مەن نە دادىسىدا، نە بوۋىسىدا كۆرۈپ باقمىغان چۈس ۋە تەتۈر مىجەزى باشلانغۇچتىن كېيىن ئاشكارىلاندى. مېنى دورىغان چېغى دەپ ئۇنىڭ چۇسلۇقىغا ھۆرمەت قىلدىم. چۈنكى بالىلىق چېغىدا تېخىمۇ بەكرەك خۇشال ئىدى. بوۋاق چېغىدا ئۇنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇۋاتقان چېغىمدا، نازۇك ۋە چىرايلىق بەدىنىنى ئىللىق سۇغا چىلاپ، تالدەك قوللىرىنى، كەينى تەرىپى قوغۇندەك گۈزەل بېشىنى، پۇرچاق چوڭلۇقىدىكى بادىمىنى، بۆلجۈرگەندەك مەيدىسىنى ئېھتىيات بىلەن سوپۇنلىغان چاغلىرىمدا بەك خۇشال ئىدى ئەنۋەرىم. بەزىدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىق مۇنچىدا مەنمۇ يۇيۇناتتىم. ئون ياشقا كىرگۈچە باكىركۆيىدىكى ئۆينىڭ تەستە ئىسسىيدىغان مۇنچىسىنىڭ ۋاننىسىدا بىللە يۇيۇندۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ئايرىم يۇيۇنۇشنى، كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ بېشىنى، چاچلىرىنى، پاچاقلىرىنى سوپۇنلاشنى ئۇنىڭغا مەن ئۆگەتتىم.

ئوغلۇم بۇنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. يېشى چوڭايغانسېرى كۆپەيگەن ۋە كۈچەيگەن ئاچچىقنى ئاشۇ چاغلاردىن قالدىمىكىن دەپ ئويلايتتىم. تۇرگاي ئۆيگە پەقەتلا كېلىپمۇ قويمايدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ چاغلىرىدىكى مىسكىنلىكى، ئادەتتىكىلا بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتەلىشى، ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشمىگە قارىماي يوشۇرۇپ قالالمىغان بىر ئۈمىتسىزلىكىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان ئىدى. شۇ يىللاردا مەن بىلەن تاكاللىشىپ، دېڭىزنىڭ دەل ئەكسىنى دەپ خوش بولىدىغان بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوقۇۋاتقان رەسىملىك رومانغا چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆرۈۋاتقان فىلىمنى يۆتكىۋەتسەم «سەن نېمە بىلەتتىڭ» دەيتتى ئاچچىقلاپ. چاچلىرىنى تۈرمىدىن قاچقانلاردەك قىسقا ياستىۋالغان چېغىدا، دىنچىلاردەك ساقال قويۇۋالغىنىدا، دەرۋىشلەردەك ئۈچ كۈنگىچە ساقال ئالماي كېزىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگىنىمنى كۆرۈپ خوش بولۇپ جىدەل چىقىراتتى. بەزىدە بىر-بىرىمىزگە ۋارقىراپ كېتەتتۇق. ئۇ ئىشىكنى مۇشلاپ كېتەتتى.

ئۇنىۋېرسىتېت يىللىرىدا، بالىلىقتىكى دوستلىرى بىلەن ئىزدەشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزگەرگەنگە تېخىمۇ كۆپ بارىدىغان بولدى. ئۇ يەردە ماھمۇت ئۇستامنىڭ يېنىغا بېرىپ-كېلىپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان يېرىم ئىشسىز، يېرىم ئىدىيالىست ياشلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈردى. بىر مەزگىل ئۆيىمىزگە يېقىن ۋەلىئەفەندى تەرەپكە بېرىپ بەيگىگە پۇل تىكىپ قىمار ئوينىدى؛ لېكىن مەندىن پۇل سوراشتىن خىجىل بولۇپ

تاشلىدى. بۇردۇردا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن چاغلىرىدا، ھەپتە ئاخىرلىرىدا بازارلىق رۇخسەت بېرىلگەندە ماڭا تېلېفون قىلىپ يالغۇزلۇقتىن قاخشاپ يىغلايتتى. ئىستانبۇلغا كەلگىنىدە، قىسقا چاچلىق، ئاپتاپتا كۆيگەن، بوينى گىلاسنىڭ ساپىقىدەك ئىنچىكىلەشكەن ھالىتىنى كۆرۈپ ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ھەم خوش بولۇپ كۆزلىرىمگە ياش كېلەتتى. بەزىدە تۇيۇقسىزلا ئارىمىزدا يەنە بىر جېدەل چىقاتتى، قېيىدىشىپ بىر قانچە كۈنگىچە بىر-بىرىمىزگە گەپ قىلىشمايتتۇق. ئۇ كۈنلەردە ئاخشىمى ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلسە، تېخىمۇ يامىنى كەلمەي قويسا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بەزىدە ئوغلۇمنى ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قالغان بىر قىزغا، ئاچچىقى يامان ۋە مەيۈس بىر ئايالغا مەپتۇن بولۇپ قالىدىمىكىن، دەپ قورقۇپ كېتەتتىم. لېكىن پۈتۈن بۇ جېدەللەر، قېيىدىششلار، بۇتناشلار ۋە ئىككى بىسلىق گەپلەرنىڭ ئارىسىدا ئويلىمىغانلا يەردىن بىر-بىرىمىزنى بار كۈچىمىز بىلەن قۇچاقلاپ، ئەپلىشىپ قالاتتۇق. شۇنداق چاغلاردا ئوغلۇمنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە چىدىيالمايدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يېتەتتىم.

دېمىسىمۇ دادىسىدىن(ياكى دادام دەپ قالغان كىشىدىن) خېلى خوپ ئۇزاقلاشقان ئىدۇق: تۇرگاي بىلەن رەسمىي ئايرىلىپ كېتىشىمىز ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەنۋەرنى پەرىشان قىلمىدى. غەزەپ بۇھرانلىرىنى، سەۋەبسىز ئاچچىقلىنىشلىرىنى، كۈنسېرى تېخىمۇ جىمغۇر ۋە ئەيىپلەشكە ئامراق بولۇپ كېتىشىنى دادىسىز ۋە سەزگۈر چوڭ بولغانلىقى بىلەن ئىزاھلايتتىم، لېكىن ئەسلى سەۋەبىنىڭ پۈلسىزلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ كېتەتتىم. شۇڭا گېزىتتىكى ئېلانلاردا جەمىنىڭ رەسىملىرىنى ۋە قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرگەن كۈنلەردە، يەنە شۇ گېزىتتىكى خەۋەرلەردىن غەربتىكى تىببىي تەرەققىياتلارنىڭ سايىسىدە بىر ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تۇرك مەھكىمىلىرىدىمۇ ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كاللام قالايمىقانلىشاتتى.

ياش چېغىمدا بولغان بولسام، بۇنداق بىر دەۋانى ئەسلا قىلىپ يۈرمەيتتىم. بالىسىنى قوبۇل قىلمىغان بىر دادىغا، دۆلەت ۋە ساقچىنىڭ زورى بىلەن دادىلىقىنى قوبۇل قىلدۇرۇش؛ دەۋا تەھدىتى بىلەن ئۇنىڭدىن پۇل ئىستەش؛ ئۇ قىلغان پائالىيەتكە تەكلىپسىزلا قاتنىشىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش...بۇلارنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئوغلۇم مەندىن نومۇس قىلدى. لېكىن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى چۈشىنىپ، غەزەپ بۇھرانلىرىدىن كېيىن پەسكويغا چۈشەتتى.

ئەسلى تەس ئىش ئۆزۈمنى ئەمەس، ئوغلۇمنى قايىل قىلىش ئىدى. دەۋا قىلسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئايلاپ سۆزلىدىم، يالۋۇردۇم؛ جېدەل قىلىشتۇق، تالاش- تارتىش قىلىپ

ۋارقىراشتۇق. ئانىسىنىڭ نىكاھلىق تۇرۇپ باشقا بىرى بىلەن ياتقانلىقىنى، ئۇ كىشىدىن باللىق بولغانلىقىنى، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىشىنى قوبۇل قىلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى، بۇنى چۈشىنىمەن. نەچچە قېتىم نومۇس ۋە غەزەپ ئىچىدە «جەزىم قىلالامسەن؟» دېدى ماڭا ۋە مەن نەچچە قېتىم «ئوغلۇم، جەزىم قىلالمىغان بولسام دەيتىممۇ؟» دېدىم ئۇنىڭغا. بەزىدە ئۇ، بەزىدە مەن خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ ئۇن چىقمايتتۇق.

كۆپىنچە چاغلاردا ۋارقىرىشىپ جېدەللىشەتتۇق. «ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ ئوغلۇم!» دەيتتىم. بۇ ئەڭ تەسىرلىك جۈملە ئىدى. بىر قېتىم تامدىكى قىزىل چاچلىق ئايالنىڭ رەسىمىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئىنتېرنېتتىن ئىزدەپ كۆرگەنمىش، ئۇ ئايالمۇ مەندەكمىش. كېيىن مەنمۇ ئىنتېرنېتتىن ئىزدەپ باقتىم. مەن ژورنالدىن كېسىۋالغان ئۇ رەسىمنى دانتې روسسېتى سىزغان ئىكەن. خۇمار كۆزلۈك، گۈزەل لەۋلىك ئۇ مودېلغا ئاشىق بولۇپ توي قىلغانىكەن. رەسىمنى چاپلاپ جايىغا ئاستىم.

ئوغلۇم دادىسىنىڭ ئۇستىدىن دەۋا قىلىش ئىشى توغرۇلۇق پەقەت ھاراق ئىچكەن چېغىدىلا پاراڭلىشالايتتى، ئىچكەنسېرى ھەم ھەممە ئىشنى پاراڭلىشالىغۇدەك دانىشمەنلەرچە بىر خىل ئازادىلىككە چىقىپ قېلىۋاتاتتى، ھەم قوپال ۋە تاقەتسىزلىشىپ، ئانىسىغا چەت-ياقا شەھەرلەردىكى ئەرلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان سەت گەپلەرنى ئىشلىتىپ، ئىشكىنى ئۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. خۇددى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزگەرگەندىكى تۇنجى يىلىمىزدا جېدەللەشكەندىن كېيىن قىلغىنىغا ئوخشاش ھەر قېتىم مېنى تىللايتتى، مەندەك بىر جالاپنى(باشقا بەك جىق سەت گەپلەرنىمۇ ئىشلىتەتتى) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى تەكرارلايتتى، لېكىن بىر ئىككى كۈن كېيىنلا ئاخشىمى ئۆيدە يالغۇز تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگەرگەندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ باكىركۆيگە، مېنىڭ يېنىمغا كەچلىك تاماققا كېلەتتى.

_ ھەجەپ ياخشى كەپسەن،_ دەيتتىم ئۇنىڭغا،_ ئىزمىر كۆفتىسى قىلغان ئىدىم.

ئىككى كۈن بۇرۇن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ، بۇنىڭ گېپىنى قىلىشاتتۇق، ئەڭ بىخەتەر تېمىلاردا پاراڭ سېلىشقا باشلايتتۇق. ئاندىن خۇددى باللىق ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ يىللىرىنىڭ ئاخشاملىرىدا، ئۆيگە قايتمايدىغان دادىنى ساقلىغاچ قىلغىنىمىزدەك، ئانا-ئوغۇل سافادا يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەتتۇق. فىلىم تۈگىگەندە ھوجرىسىغا كىرىپ يالغۇز ئۇخلاشنى خالىمايتتى ھەم بۇنى دېيىشكە غورۇرى يول قويمىغاچقا «بۇنىڭ كەينىدىن نېمە قويىدىغاندۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى ۋە باشقا بىر قانالدىكى پروگراممىنى ئەستايىدىل قىياپەتتە كۆرۈشكە باشلايتتى.

كېچىدە تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىكى سافادا تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالغاندا ئۇن-تىنىسىز

هالدا ئوغلۇمغا قاراپ كېتەتتىم، لايىقىدا بىر قىز تېپىپ ئۆينى ئۆيلەپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلاتتىم. لېكىن ئۇ ياقتۇرغاننى مەن ياقتۇرمايدىغان ۋە مەن ياقتۇرغاننى ئۇ ياقتۇرمايدىغان، ھەتتا بۇ ئىككىنچىسىنى ئۇنىڭ قىرىشىپ تۇرۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن پۇشايمانلىق تۇيغۇلىرىم تېرەن بىر ئازابقا ئايلانمايتتى، تۇزۇكرەك بىر توي قىلىۋالغۇدەك پۇلى، ئېتىبارىمۇ يوق ئىدى ئەۋلادىمىنىڭ.

چېچىمنى قىزىلغا بويىغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر چىقارغان قارارلىرىمنىڭ ھېچبىرىدىن پۇشايمان قىلمىدىم. بىردىنبىر پۇشايمىنىم ئوغلۇمدىن ھەقىقىي دادىسىنى بىلىشنى، ئۇنى تونۇشىنى، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇشىنى ئىستىشىم، ۋە بۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇۋالغىنىمدۇر. ئەنۋەر مېنىڭ بۇ جاپالىرىمغا ھەم كۆڭۈل بۆلەتتى ھەم مازاق قىلاتتى. بەزىدە مېنى خىيالپەرەس دېسە، بەزىدە پۇل ئۈچۈن مەككارلىق قىلىۋاتىسەن، دەپ ئەيىپلەيتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن گېزىتلەرنىڭ ئوخشاش تىلنى ئىشلىتىپ ئۇنى ئەيىپلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. لېكىن ئوغلۇم دادىسىنى قەستەن ئۆلتۈرمىدى. ئەنۋەرنى ئەسلىدە دادا قاتىلى دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ، لېكىن گېزىتلەر بۇ سەت سۆزنى تۇشمۇ-تۇشتىن شۇنچىلىك كۆپ تەكرارلاشتىكى، بۇ داغ ئوغلۇمنىڭ ئۈستىدە قالدى.

ئوغلۇم، قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئاچچىقنى باسالماي تاپانچىسىنى چىقارغان دادىسىدىن پەقەت ئۆزىنى قوغدىماقچى بولغان ئىدى. ئۇ يەردە بولىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، دادىسىز بىر بالىنىڭ دادىسىنى كۆرگۈسى ۋە بىلگۈسى كەلگەنلىكىدۇر. بۇ ئىستەكنى ئۇنىڭدا مەن ئويغاتقان؛ ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. لېكىن كىچىك چېغىدا ئۇنىڭغا رۇستەم بىلەن سوھرابنى، ئودىپۇس بىلەن ئانىسىنى، ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگىنىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن. سېرىق رەڭلىك تىياتىر چېدىرىغا كەلگەن ياشلار، ئوقۇغۇچىلار، ئاچچىقى يامانلار...ئۇلارغىمۇ ھېچكىم بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرمىگەنىدى؛ لېكىن ئۇلار يەنىلا بارلىق بۇ ھېكايىلەرنى بىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇنتۇپ كەتكەن خاتىرىلىرى ئەسلىدە بىلگەنلىرىدەك.

ئۇ كونا ھېكايىلەرنى بىلمەك، ھاياتنىڭ ئەپسانە ۋە چۆچەكلەرنى دورايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتمەك، سوتچىنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئەكسىچە ئوغلۇمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى ئەمەستۇر. ئەنۋەر، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولۇپ قالماستىن قۇدۇق بېشىدىن ئايرىلىشىنى بەك خالايتتى. دادىسى بىلەن بوغۇشۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن تاپانچىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان چېغىدا بۇنى چۈشىنىشكە قانچىلىك ۋاقتى چىققان بولغىيتتى؟ ئوغلۇم دادىسىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالدى. ئۇنىڭ ماڭا سەممىي ھالدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بۇ خۇلاسىگە كېلىشىم تەس بولمىدى. گېزىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى

بىلشىدۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلىرىگە توغرا يەتكۈزمىدى.

سۇھرابنىڭ چوڭقۇرلۇقى، جەمنىڭ بايلىقى، ئەنۋەرنىڭ ئەسلى دادىسىنى تېپىشى تەرەققىياتلارنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن يىلدىن كېيىن تېپىشى ۋە ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈشى... مۇخبىرلار ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بۇ ھېكايىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مېنىڭ ئاخىرقى پەيتتە نەق مەيداندا كەلگەنلىكىم ۋە يىغلىغانلىقىممۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن يېزىلدى. مېلودىراماسۆيەر ياخشى نىيەتلىكلەر، ئوغلىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈشىگە گۇۋاھچى بولغان «كونا تىياتىر ۋە ئاۋاز ئارتىسى»نىڭ ئازاپلىرىنى ئۇزۇن-ئۇزۇن يېزىشتى. سۇھرابتىن ئېلان ئالغان نىيىتى يامان مۇخبىرلار بۇنىڭ بىر قازا ئەمەس، بەلكى بىز ئانا-ئوغۇلنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ناھايىتى دىققەت بىلەن پىلان چىققان بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ كۆز-ياشلىرىمغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەسلىكى كېرەكلىكىنى، بىزنى ھەرىكەتلەندۈرگەن نەرسىنىڭ بالىسى يوق جەمنىڭ بايلىقىنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش خىرىسىمىز ئىكەنلىكىنى نومۇس قىلماستىن ئوتتۇرىغا قويۇشتى. قىزىل چېچەمنى بۇ خىل مۇددىئا ۋە ناچار خاراكتېرىمنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشتى. لېكىن ئۆڭگۈرەنگە كىرىككالە ماركىلىق تاپانچىسى بىلەن كەلگەن، قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئاچچىقلىنىپ ئۇنى چىقارغان كىشى ئوغلۇم ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسى ئىدى...

تاپانچىنىڭ جەمنىڭ رۇخسەت قورالى ئىكەنلىكىنى سوتچى ئوغلۇمنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ ۋە بىزنىڭ ھېچبىر ئىشنى پىلانلىمىغانلىقىمىزنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە كۆردى. بۇنىڭدىن مەن خاتىرجەم. لېكىن گېزىتلەر بۇ نۇقتىغا دىققەتمۇ قىلىپ قويۇشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئانا-ئوغۇل، مىراسقا چاڭگال سېلىش نىيىتىدە دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قىزىل چاچلىق ئەسكى ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۈپىتىدە ئىستانبۇل تارىخىغا يېزىلدۇق. بۇ ماڭا بەك ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئوغلۇمنى يوقلىغىلى سىلىۋرى تۈرمىسىگە بارغىنىمدا خەۋەرلەرگە ئىشىنىپ قالغان ئەدەپسىز جىنايەتچىدىن بىرى گەپ بىلەن سوقۇۋالغاندا، يەنە بىر دۈشمەندەك قارىغاندا، ھەتتا ماڭا ئىچى ئاغرىپ ياردەم قىلىۋاتقان بىرەر قاراۋۇلنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنى بايقىغان چېغىمدا كۆڭلۈم رېمونت قىلغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بۇ سۆزلەرگە ۋە بېقىشلارغا چىداش، ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئەدەپسىز، نومۇس قىلمايدىغانلارنىڭ «ئاچ، ئاچ!» ۋارقىراشلىرىغا چىداشتىنمۇ بەك تەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنۋەردىن دادىسىنى قەستەن ئۆلتۈرمىگەنلىكىنىڭ ھېكايىسىنى يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدىم. ھاكىم بۇ ھېكايىنى ئوقۇسا ئۇنى ئۆزىنى قوغدىغان دەپ قاراپ قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. لېكىن ھېكايىنى ئەڭ باشتىن، دادىسىنىڭ قۇدۇق كولىغا ماڭغان يېرىدىن باشلاپ يېزىشى كېرەك ئىدى. دېمەك، مەن ھەممە ئىشنى ئۇقۇپ،

ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ ئىش قولىمىزدىكى بۇ كىتابنى، سىلىۋرىدىكى ئىبغىر جازا سوتچىسىغا يېزىلغان بىر ئاقلاش يازمىسى ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. پەقەت بۇنىدىن كېيىنكى بەتلەرلا ئەمەس، پۈتۈن بۇ كىتاب بىر جىنايەت سوراق خاتىرىسىدەك قانۇنى تەپسىلات ۋە پاكىتلارغا دىققەت قىلىنغان ھالدا ئوقۇلىشى كېرەك. سوفوكلېسنىڭ ئودىپۇسىغا ئوخشاش.

ئوغلۇمنى دادىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى سەرھات دەپ تونۇشتۇرغا-نلىقىمنىمۇ، ئانا-ئوغۇل بىزلەرنىڭ يامان نىيىتى ۋە يالغانچىلىقىمىزنىڭ پاكىتى قىلىپ كۆرسىتىشتى. دادىلىق دەۋاسى ھەققىدىمۇ ئاساسسىز گەپ-سۆزلەرنى يېزىشتى. بۇ روماندىكى بارلىق تەپسىلاتلار ئېنىق ۋە توغرىدۇر. ھېكايىنى كەلگەن يېرىمىزدىن باشلاپ داۋام قىلىمەن:

ئوغلۇم بىلەن دادىسى تاماق ئۈستىلىگە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئارقىسىدىن مەنمۇ قۇدۇق قاراپ چاپتىم. باشقىلارمۇ كېلىشتى.

كونا تاماقخانا بىناسىغا بىزنى ئىشىك باقار ئېلىپ باردى. بىز ئىچىگە كىرىۋاتقان چاغدا رەزىل ۋە ئەدەپسىز بىر ئىت بوغۇلۇپ قالىدىغاندەك قاۋاۋاتاتتى. ئوغلۇمنىڭ قاپقىنى ئوچۇق تۇرغان قۇدۇقنىڭ سەل نېرىسىدا يالغۇز ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆردۇم ۋە شۇ ھامان نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئوغلۇم خالىماستىن دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. يېنىغا چاپتىم، بار كۈچۈم بىلەن قۇچاقلىدىم. ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقىمنى، ئۇنى ياخشى بىلىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئىستىگىنىدەك مېھىر-شەپقىتىم ۋە سۆيگۈم بىلەن ئۇنى قوغدايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇرماقچى بولدۇم. ئاۋۋال ئازابىمنى كۆزلىرىمدىن ئېقىۋاتقان ياشلاردا ھېس قىلىپ، كېيىن سۇھرابنىڭ ئانىسى تەھمىنە كەبى، ئۆپكەمدىن چىقىۋاتقان نالە-پەرياتلار بىلەن يىغلاشقا باشلىدىم. شۇنداق، تىياتىردىكىگە ئوخشاش.

لېكىن ئازابىم تىياتىر سەھنىسىدە ھېس قىلغىنىمدىن تېخىمۇ بەك مۇرەككەپ ئىدى. بىر تەرەپتىن ھۆكۈرەۋاتقاندەك يۇقىرى ئاۋازدا يىغلاپ، يىغلاشنىڭ ماڭا پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتىم. ئەڭ نومۇسسىز ئەرلەرنىڭ، ئەڭ ئەدەپسىز مەستلەرنىڭ، ئەڭ رەزىل باسقۇنچىلارنىڭمۇ يىغلاۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈشى ھامان پەسكويغا چۈشىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىققانىدىم: ئالەمنىڭ مەنتىقىسى ئانىلارنىڭ يىغىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئەمدى بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. يىغلاشنىڭ پايدا قىلغانلىقىنى، چۈنكى يىغلاۋاتقان چېغىمدا باشقا ئىشلارنى ئويلىيالىغانلىقىمنى سېزىپ ھەممە ئىشقا يىغلاۋاتاتتىم.

تاماق ئۈستىلىدىن قوپۇپلا كەلگەن چالا مەست قىزىققاقلار، خوجايىن جەمنىڭ نەگە

كەتكەنلىكىنى سورىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئوغلۇم، جەم بەينىڭ(دادام دېمەكچى) قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

سۇھرابنىڭ خىزمەتچىلىرى ساقچىغا خەۋەر قىلىشتى. ساقچى ماشىنىسىدىن بۇرۇن جەمنىڭ ئايالى ئايشە كەلدى؛ ئۇنىڭ قۇدۇقنىڭ بېشىغا ئېلىپ كېلىشتى: ئېرىنىڭ ئەڭ پەستە، قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئىكەنلىكىگە ھەممەيلەنگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇنى قۇچاقلاش، ئۆلگەن دادا ئۈچۈن، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇل ئۈچۈن، ھاياتىمىز ئۈچۈن، ئايال كىشى بىلەن ئايال كىشى، بىرلىكتە يىغلىغۇم بار ئىدى. لېكىن مېنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلتۈرۈشمىدى.

گېزىتلەر قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ئاستىدىكى لاي سۇنى، ئەينى ۋاقىتتا قازغۇچ، گۈرجەپ بىلەن بۇنچە چوڭقۇر بىر قۇدۇقنىڭ كولىنىشىنىڭ غەلىتىلىكىنى بىر شۇملۇق چۈشەنچىسى بىلەن بىرلىكتە يېزىشتى. بەزىلىرىنىڭ تەقدىر ھەققىدە گەپ قىلىشلىرىغا ئىشەنمىدىم، لېكىن ياقتۇردۇم.

ئوغلۇم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى كۈنلەردە ئايشە خانىم بىلەن پاراڭلىششىنى، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنى ۋە بىزگە بولغان نەپرىتىنى ئازايتىشنى ئارزۇ قىلدىم. بۇ بولغۇلۇقلارنىڭ بىز ئاياللارنىڭ خاتالىقى ئەمەسلىكىنى، ئەپسانە ۋە تارىخلارنىڭ مۇشۇنداق يېزىپ قويغانلىقىنى دېمەكچى ئىدىم ئۇنىڭغا. لېكىن ئايشە خانىم ھەقلىق يوسۇندا قەدىمىي كىتابلار ۋە ئەپسانىلەرگە ئەمەس، ھەر كۈنكى گېزىتلەرگە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىغا بەكرەك قىزىقاتتى. ئوغلۇمنىڭ ئۇنىڭ ئېرىنى مىراس ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا مېنىڭ بارلىقىمنى يازغان گېزىتلەرنى سۇھراب خىزمەتچىلىرىنىڭ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشلىرى بىزنى تېخىمۇ بەختسىز قىلىۋەتتى.

ساقچىلار قۇدۇقنىڭ بېشىدا بىر تال مىشەك تېپىشتى. لېكىن ئەتراپتا تاپانچا يوق ئىدى. بوغۇزنىڭ ئەڭ تېز ئاقىدىغان ۋە ئەڭ چوڭقۇر بۆلۈكلىرىغىمۇ ئۈزۈپ كېرەلەيدىغان بىر غەۋۋاس قۇدۇقنىڭ لاي سۇلىرىغا ئاغامچىلار بىلەن چۈشۈرۈلدى ۋە جەمنىڭ ئىككى كۈندىلا تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىچارە جەسىتى يۇقىرىغا چىقىرىلدى. ئوغلۇمنىڭ دادىسى ئىچكى ئەزالىرى بىر-بىرلەپ چىقىرىلىپ پارچىلىنىدىغان رەھىمسىز بىر جەسەت تەكشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىندى. ئۆپكىسىدە قۇدۇقنىڭ لاي سۇلىرى بولمىغاچقا جەمنىڭ قۇدۇققا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئوغلۇمنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىمۇ يەنە شۇ ئوپېراتسىيەدە ئايدىڭلاشتى. ئەتىسى قانۇن دوختۇرىنىڭ دوكلاتىنى باش بەتلىرىگە چىقىرىشقان گېزىتلەر « دادىسىنىڭ كۆزىگە ئاتتى!» دەپ يېزىشتى. دادا-ئوغۇلنىڭ قۇدۇق بېشىدىكى بوغۇشۇشلىرى ۋە ئوغلۇمنىڭ

سوتتىكى بايانلىرىدىكى ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە، تاپانچىنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن پومداقلىشىۋاتقان چېغىدا تاسادىپىي ھالدا تاپانچىدىن ئوق چىقىپ كەتكەنلىكىنى يېزىشىمىدى.

لېكىن سوتچى غەۋۋاسنى قۇدۇققا يەنە بىر قېتىم چۈشۈردى. بۇ ئىككىنچى قېتىمدا غەۋۋاس يۇقىرىغا كىرككالە ماركىلىق تاپانچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ جەمنىڭ رۇخسەتلىك تاپانچىسى ئىكەنلىكى ۋە سول كۆزىگە كىرگەن ئوقنىڭ مۇشۇ تاپانچىدىن چىققانلىقى بىزنىڭ سوتتىكى ئورنىمىزنى ئۆزگەرتتى. سوتچىنىڭ ئوغلۇمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىگە، بۇنىڭغا ئۆزىنى قوغداش دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقىغا ھەممەيلەننىڭ ئىشەنچى ئاشتى. قۇدۇق بېشىغا تاپانچىنى ئېلىپ كەلگىنى غەزەبلەنگەن ئوغۇل ئەمەس، ئوغلىدىن قورققان دادا ئىدى ئەلۋەتتە.

تاپانچا قۇدۇقنىڭ تېگىدىن تېپىلغاندىن كېيىن شىركەتنىڭ ۋە ئايشە خانىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئوغلۇمنىڭ دادىسىنى ئالدىنئالا پىلانلاپ ئۆلتۈرمىگەنلىكى، ئۆزىنى قوغداش دەپ قارىلىپ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققانغا ئوخشاش، ئەنۋەرنىڭ جەمنىڭ مىراسخورى ئىكەنلىكىنى، يەنى سۇھرابنىڭ ئەڭ چوڭ شېرىكى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئادىمىزدا يۇمشاشقا باشلىدى.

سۇھرابنىڭ ئىشخانىسىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئايشە خانىم ماڭا ئېسىل ۋە ئېغىر-بېسىق كۆرۈندى. مەن توغرۇلۇق گېزىتلەردە يېزىلغانلارغا، رەزىل غەيۋەت-شىكايەتلەرگە قانچىلىك ئىشەنگەن بولغىيتتى؟ غەزىپىنى، ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى قاراشلىرىدىن كۆرۈپ تۇراتتىم. ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئېرىنىڭ ئازابىنى، ھېچبولمىغاندا ھازىرچە، قەلبىگە كۆمۈپ، مەن بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى قارار قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىرادىسىنى ئىشقا سالغانلىقى ھەممە يېرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويغۇم كەلدى: ئەلۋەتتە، دەۋا-دەستۇرلىرى تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان، قاماقتىكى ئەنۋەرگە ۋاكالىتەن گەپ قىلالمايتتىم، لېكىن نە مېنىڭ، نە ئوغلۇمنىڭ مەقسىدى، رەھمەتلىك دادىسى ئاجايىپ ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىجاتچانلىق بىلەن قۇرۇپ چىققان كاتتا قۇرۇلۇش شىركىتىنى، سۇھرابنى ۋەيران قىلىۋېتىش، ياكى ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان يۈزلىگەن كىشىنى ئىشىدىن مەھرۇم قىلىش ئەمەستى. دەل ئەكسىچە سۇھرابنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئوتتۇز يىل بۇرۇن ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئوغلۇمنىڭ رەھمەتلىك دادىسىنىڭ قۇدۇق كولاشقا باشلىغان كۈنىنى، بۈگۈن

مەن سۇھرابنىڭ قۇرۇلغان كۈنى، دەپ قارايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بۇنى دىققەت بىلەن دېگەندىن كېيىن، 1986- يىلى بىر ئاخشامدىن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ماھمۇت ئۇستام بىلەن ئوغلۇمنىڭ دادىسىنىڭ ئىبرەتلىك ئەپسانىلەرنىڭ سېرىق رەڭلىك چېدىرىغا كىرىپ رۇستەم بىلەن سۇھرابنىڭ تراگېدىيىسىدىن قانداق تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. شۇ چاغدا تۆككەن كۆز-ياشلىرىم بىلەن، ئوتتۇز يىلدىن كېيىن قۇدۇق بېشىدا ئوغلۇم ۋە دادىسى ئۇچۇن يىغلىشىمنىڭ ئارىسىدا، ئەپسانىلەر بىلەن ھايات ئارىسىدىكى مەجبۇرىي يېقىنلىق بار ئىدى.

_ ھايات ئەپسانىلەرنى تەكرارلايدۇ!_ دېدىم ھاياجانلىنىپ،_ سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

_ شۇنداق ئويلايمەن،_ دېدى ئايشە خانىم سىپايىلىق بىلەن.

نە ئۇنىڭ، نە سۇھراب خىزمەتچىلىرىنىڭ مېنىڭ ۋە ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويىغۇسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم.

_ شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، قۇرۇلۇش شىركىتىڭلارنىڭ تۇنجى قۇدۇقى كولىنىۋاتقاندا مەن ئۆزگۆرەندە ئىدىم. شىركىتىڭلارنىڭ ئىسمى سۇھرابمۇ مېنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى مونولوگىمدىن كەلگەن.

ئايشە خانىم گەپلىرىمگە ئىنتايىن ھەيران قالغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. سۇھراب دېگەن ئىسىم مېنىڭ مونولوگىمدىن ئەمەس، فىردەۋسىنىڭ مىڭ يىللىق «شاھنامە» سىدىن كەلگەن ئىدى. ئېرى بىلەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى «بۇ تېما»لاردا (نە ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن دادا دېيىشكە تىلى بارمىدى، نە دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇل دېيىشكە) كىتابلارنى ئوقۇپتۇ، تەتقىق قىلىپتۇ، ياۋروپا ۋە دۇنيادىكى مۇزېيلاردا رەسىملەرنى، كىتابلارنى كۆرۈپتۇ. سۇھرابنىڭ مەركىزى بىناسىنىڭ دەرىزىلىرىدىن نەزىرىنى ئىستانبۇلنىڭ ئېگىز بىنالىرى، ئۆگزىلىرى ۋە تۇرخۇنلىرىنىڭ ئۈستىدە كەزدۈرۈپ، بەختلىك ئۆتمۈشىدىن بەك كۆپ كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەپ پاكىت سۈپىتىدە ماڭا سۆزلەپ بەردى. سانت پېتېربۇرگدىكى بىر مۇزېي، تېھراندىكى بىر ئۆي، ئافىنا ۋە بەك كەڭ بىر جۇغراپىيەگە يېيىلغان ئىزلار، ئىشارەتلەر، رەسىملەر ھەققىدە ئاجايىپ بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە، لېكىن تولىمۇ ئېنىق بىر خىل مەمنۇنىيەت ۋە ئەسلىمە سۆيۈنچى ئىچىدە سۆزلەپ بەردى. ئوغلۇمنىڭ دادىسى بىلەن ياشاپ، ئۇنىڭ بىلەن تولىمۇ بەختلىك بولغانىدى بۇ ئايال. قانۇن سىستېمىسى ۋە قانۇنلارنىڭ نابابلىقى تۈپەيلىدىن شۇنچە جاپا-مۇشەققەتتە قۇرۇلۇپ چىققان شىركىتىنىڭ ئەڭ چوڭ پايچېكى ئەمدى ئوغلۇم بولۇپ قېلىشى مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى، لېكىن سۇھرابنى ئېرى بىلەن بۇ ئايال چوڭ

قىلىپ قاتارغا قوشقانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئايشە خانىم ماڭا ئازار بەرمەيدىغان، تۈرمىدىكى ئوغلۇمنىڭ غەزىپىنى قوزغىمايدىغان ۋە ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇپ قالىدىغان بىر ئۇسلۇپنى تېپىپ چىقىپ، بىز بۇ كىتابتا ئوقۇغان ھېكايىنى، ئىبرى بىلەن تا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى تونۇشۇپ قېلىشلىرىدىن ۋە دېڭىز كىتابخانىسىغا بارىدىغان چاغلىرىدىن باشلاپ سۆزلەپ بەردى. ئەسلەپ سۆزلەپ بەرگەنسېرى، بەختلىك ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق مەندىن بىر خىل ئىنتىقام ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتاتتىم. ئەڭ ئاخىرىدا ھەم بالا، ھەم سوھراب مەلۇم جەھەتتىن مېنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى خاپا بولماي، كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىدىم.

شۇ كۈنلەردە سىلىۋرى تۈرمىسىگە بارغان چاغلىرىمدا ئايشە خانىمدىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئوغلۇمغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم. يىراق بولۇشىغا قارىماي، باكىركۆيدىن ئۈچ ئاپتوبۇس ئالمىشىپ، تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارغان چېغىمدا، ئوغلۇمنىڭ ماھمۇت ئۇستام بىلەن دادىسى قۇدۇق كولىغان جايدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا، پەقەت تۈركىيەنىڭلا ئەمەس، قاراۋۇل ۋە باشقۇرغۇچىلىرى پات-پات پەخىرلىنىپ تۇرۇپ دېگەندەك «ياۋروپانىڭ ئەڭ چوڭ تۈرمىسى»نىڭ ئىچىدە قاملىپ تۇرۇۋشىنىڭ مەنىسىنى ئۆز-ئۆزۈمدىن سورايتتىم. كېيىن تەكشۈرۈش ئەسۋاپلىرى، قىزىل چېچەكگە گەپ سوقۇۋالغان ئايال قاراۋۇللارنىڭ ئەپچىل قوللىرى، كۈتۈش ئۆيلىرى، ئېچىلغان ئىشىكلەر، يېپىلغان ئىشىكلەر، ئېچىلغان قۇلۇپلار، تاقالغان قۇلۇپلار، ئۆيلەر ۋە كارىدورلارنىڭ ئارىسىدا شۇنچە كۆپ ئورنۇم ئالماشتىكى، گويا ئۆزۈمنىڭ نەدە، قايسى زاماندا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئاۋاز ئۆتكۈزمەس ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ساقلاۋاتقاندا خىيال بېسىپ كېتەتتى، باشقىلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتىم، بەزىدە مۈگدەپ قالاتتىم، بەزىدە تاقەتسىزلىنەتتىم، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاچچىقىم كېلەتتى لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم، يەنە بەزىدە بولسا ئەينەكنىڭ كەينىدە كۆرۈنگەننى ئوغلۇم ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن دادىسى، ياق، ئۆلگەن بوۋىسى دەپ قالاتتىم.

يېنىمدا ئادۇۋكات بولسا ئاۋۋال دەۋانىڭ ۋە دېلونىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى، گېزىتلەرگە بېسىلغان بىلجىرلاشلارنى، ئوغلۇمنىڭ قاماقتىكى مۇشەققەتلىرىنى سۆزلىشەتتۇق. ئوغلۇم ئۇنى پۇلنى دەپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن دەپ قالغانلارنىڭ ھاقارەتلىرىدىن، بىرىلىۋاتقان تاماقلارنىڭ ناچارلىقىدىن ۋە ھېچبىر نەتىجە چىقماي دېمەيۋاتقان كەچۈرۈم ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەردىن قاخشايتتى. بۇرۇنقى چاغلاردا ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىغان ئەسكەرلەر سولىنىدىغان قاماقخانىلارغا ھازىر سولانغان ئۆكتىچى

مۇخبىرلار بىلەن كۆرتلەر ھەققىدىكى قايغۇلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، يەنە بىردەم جىمجىتلىق، يەنە بىر ئاز ساپ ھاۋا ياكى ناھەق بىر جازانىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئىشقا يارىمايدىغان ئەرزدىن يەنە بىرنى يازدۇراتتى. پۈتۈن بۇ ئىشلار بىزنىڭ شۇنچە كۆپ ۋاقتىمىزنى ئالاتتىكى، بىر سائەتلىك رۇخسەت بىز ئانا-ئوغۇل تېخى تۈزۈك ئىككى ئېغىز شەخسىي ۋە تاتلىق گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا توشۇپ كېتەتتى.

كۆرۈشۈشتە بىزنىڭ گەپلىرىمىزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان قاراۋۇلدىن باشقا ھېچكىم بولمايتتى. ئايشە خانىمدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەر، ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ ئوقۇغان كىتابلارنى ئۆز كۆز-قاراشلىرىمدەك، پەرەزلىرىمدەك، خىياللىرىمدەك ئوغلۇمغا سۆزلەپ بېرىشكە ئۇرۇناتتىم. جىنايىتىنى ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن كونا ئەپسانىلەرنى ياقتۇرمايتتى ۋە مېنىڭ گەپنى قەيەرگە ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەسكە سېلىۋالاتتى. ئەينى چاغدا بۇ ھېكايىلەرنى ماھمۇت ئۇستامدىن ئاڭلىغانلىقىمنى دېسەممۇ ماڭا ئىشەنمەيتتى، لېكىن يەنىلا ئاڭلايتتى. بەزىدە مۇھىم بولغىنىنىڭ ئەپسانىلەر ئەمەس، بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. بەزىدە بىردەم جىم بولۇپ، بىر ئاز ئويلىنىپ، تۈرمىدە تېز سۈرئەتتە سەمرىپ كېتىۋاتقان ۋە بارغانسېرى قاراقچىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئوغلۇمغا قاراپ يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋالاتتىم.

ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى بىر سائەتلىك كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز توشۇپ بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشىمىز ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن چىقالايتتىم-يۇ، ئوغلۇم خۇددى كىچىك چېغىدىكىگە ئوخشاش مەندىن ئايرىلماي، قاراۋۇللار ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ قەتئىي ۋە ئەركەكلەرچە بىر خىل جاھىللىق بىلەن ئورۇندۇقتىن قوپسىمۇ ئىشىكتىن چىققىلى ئۇنىمايتتى. ئىشىكتە ماڭا چارىسىز قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كىچىك، تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن چېغىدا، مەن باققالنىڭ دۇكىنىغا چىقىپ كىرىدىغان بەش مىنۇتلۇق ئايرىلىش ئۈچۈن ماڭا يالۋۇرۇپ كەتكىنىنى ئەسلىدىم. «مانا، بىر مىنۇتتىلا كىرىمەن» دېگەنلىرىمگە ئىشەنمەيتتى. ئىشىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن پېشىمگە، قولۇمغا ئېسىلىۋېلىپ، خۇددى مېنى ئەمدى ھەرگىز كۆرەلمەيدىغاندەك «ئانا، مېنى تاشلاپ قويما» دەپ يالۋۇراتتى ۋە ئەسلا قولىنى قويۇۋەتمەيتتى.

ئايدا بىر كېلىدىغان يۈز-تۇرانە كۆرۈشۈشتە گۇماندارلار بىلەن يوقلىغۇچىلار بىر – بىرىگە ئېسىلسا بولىدىغان بولغاچقا بەك خۇشال بولاتتۇق. ھەممە ئادەم قاتنىشىدىغان بۇ كۆرۈشۈشنى سەۋر بىلەن كۈتەتتۇق، ئۇ، بۇ سەۋەبلەر بىلەن بۇ كۆرۈشۈش ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا كۆڭلۈمىز يېرىم بولاتتى، بەزىدە ئەنقەرەدە مىنىستىرنىڭ قارارى بىلەن، بايرام ياكى باشقا بىر سەۋەپ بىلەن يۈز-تۇرانە كۆرۈشۈش ئورۇنلاشتۇرۇلسا سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق.

بەك كۆپ سولچى ۋە كۇرت گۇمانـدار ۋە مەھبۇس بولغانلىقى ئۈچـۈن تـۈرمىگە يېمەك-ئىچمەك، كىتاب، تېلېفون ئېلىپ كىرىش چەكلەنگەنىدى. لېكىن يـۈز-تـۈرانە كۆرۈشۈشتە قاراۋۇللارغا ئاز-تولا پۇل بېرىپ بالامنىڭ ئۆنگۆرەندىكى شېئىر دەپتىرىنى، قەلەملىرىنى، ئـۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىككى شېئىر توپلىمىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ بېرەتتىم. يېزىقچىلىقنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىدىغان، غەزەپلىرىنى باسىدىغان كۈچلۈك بىر دورا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى، ھەتتا ھازىر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان بارلىق بۇ ھېكايىمىزنى خۇددى بىر رومانەدەك يېزىپ چىقىشنى ئېيتتىم ۋە بۇ پىكرىنى يـۈز-تۈرانە كۆرۈشۈشلىرىمىزدە كاللىسىغا قۇيۇۋەتتىم.

تېگى پەس گۇمانـدارلار بۆلۈمىدىكى ئەتكەسچىلەر، ھەر خىل قاتىللار، ئـوغرىلار، قـويمىچىلار، بـۇلاڭچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كېكىردىكىگىچە تولۇپ كەتكەن كۆرۈشۈش ئۆيىدە ئانا-ئوغـۇل باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تـارتمىغۇدەك بىـر چەتتە ئولتـۇرۇپ، بىـر-بىرىمىزگە ئېسىلىپ قۇچاقلىشاتتۇق. ئۇنىڭغا ئېسىلىشىمىغىلا، كىچىك چېغىدا ئۇنى يۇيۇپ قويغان چاغلىرىمدا كۆرگەن خۇشاللىق ئىپادىسى بالامنىڭ چىرايىغا چىقاتتى، ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تونۇشـۇپ قالغان مەھبۇسلار، پارىخور قاراۋۇللار ۋە بـۇ يەردە يـۈز بېرىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى زوق بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. ئاندىن دەرىزىدىن كۆرگەن مەنزىرە ۋە ھاۋالىنىش ھويلىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىنى جاسارەت بىلەن ئانىسىغا ئوقۇپ بېرەتتى.

ئوغلۇمنىڭ گۈزەل شېئىرلىرىنى ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ماختىغاندىن كېيىن، گەپنى يېزىشى كېرەك بولغان كىتابقا ئېلىپ كېلەتتىم. ئـۇ كىتابنى پەقەت سوتچى ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىبرەتلىك بىر ھېكايە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ يېزىشى كېرەك ئىدى. بەزىدە مەسلىھەت بېرەتتىم، ئودىپۇس ۋە سۇھرابنىڭ ھېكايىلىرىنى( بـۇ ئىككى كىتاب تۈرمە كۈتۈپخانىسىدا يوقتى، پارا بېرىپ كىرگۈزۈپ بەردىم)، رەھمەتلىك دادىسىنىڭ تېھرانغا بارغانلىقىنى، ياكى ئۆزۈمنىڭ تىياتىرچىلىق قىلغان يىللىرىمنى، دادىسى بىلەن تونۇشـۇپ قالغان يـازنى، سېرىق چېدىردا ئوينىغان ئويۇنلارنى ۋە ھەر بىـر ئويۇننىڭ ئاخىرىدىكى مونولوگلىرىمنىڭ مەنىسىنى ئوغلۇمغا سۆزلەپ بېرەتتىم. «ئويۇنلارنى ئىچىمدىن كېلىدىغان ئاشۇ مونولوگلارنى دەپلا ئوينايتتىم ئەسلىدە» دەيتتىم ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە پۈتۈن سەممىيىتىم بىلەن قاراپ تۇرۇپ.

بەزىدە ئۈن-تىنسىز بىر –بىرىمىزنىڭ يۈزلىرىگە، كۆزلىرىگە خۇددى ھازىر تۇنجى قېتىم تونۇشۇۋاتقاندەك ئۇزاققىچە قارىشاتتۇق. بەزىدە پوپايكىسىغا يېپىشىپ قالغان بىر

تـال ئەخلەتنـى ئىلـﯔىۋەتتىم، كۆڭلىكىنـىڭ ئۆزۈلـۈپ كېـتەي دەپ قالغـان بىـر تۈگمىسـىنى سىلاپ قويىاتتىم، قالايمىقان چاچلىرىنى قولۇم بىلەن دىققەت قىلىپ تۈزەشتۈرۈپ قويـاتتىم. بەزىدە بالىلىقنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى، نېمە ئۈچـۈن بـۇنچە ئاچچىقلىنـىدىغانلىقىنى، نـېمە ئۈچـۈن دادىسـىنىڭ كـۆزىگە ئـوق ئاتقـانلىقىنى ۋە نېمىشـقا هـازىر خۇشـال كۆرۈنـىدىغانلىقىنى سـورىغۇم كېلەتتـى، لـېكىن ئـۆزۈمنى تۇتـۇۋالاتتىم. بـۇ يـۈز-تـۇرانە كۆرۈشۈشـلەردە ھەر قېـتىم ئوغلۇمنـىڭ قـوللىرىنى، مۈرىسـىنى، دۈمبىسـىنى، بـوينىنى سىلىۋالاتتىم، قوللىرىنى تۇتـۇۋالاتتىم. ئۇمـۇ ئـاتمىش ئىككـى ياشـلىق ئانىسـىنىڭ قـوللىرىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى سۆيگىنىدەك ھۆرمەت بىلەن سۆيەتتى.

سىلىۋرى تۈرمىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قۇربان ھېيتتىكى يۈز-تـۇرانە كۆرۈشۈشـتە يەنە يانمۇ-يان ئولتۇردۇق، بىـر-بىرىمىزنـىڭ كۆزلىرىنـىڭ ئىچىـگە ئـۇزۇنغىچە قارىـدۇق ۋە بىـر-بىرىمىزنـى قۇچـاقلاپ جىمىـپ كەتتـۇق. يۇقىرىـدا ئاپتـاپلىق بىـر كـۆز ئاسـمىنى بـار ئىـدى. ئوغلـۇم ئاخىرىـدا «ھەممـە ئىـش»نـى سـۆزلەپ بېرىـدىغان ئـۇ رومـاننى باشـلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇ تـاپ ئۇنـىڭ كاللىسـىدىكى پىكىـرلەر يـاز كېچىلىـرى تۈرمىنـىڭ دەرىزىسـىدىن كۆرۈنـىدىغان يۇلتـۇزلاردەك ساناقسـىز ئىـدى. ئـۇلارنى، ئـۆز تۇيغۇلىرىغـا ئوخشـاش بىـردىن، بىـردىن سـۆزلەرگە ئايلانـدۇرۇش تەس ئىـدى. لـېكىن كىتـابلاردىنمۇ پايـدىلىنىۋاتاتتى. تۈرمىنـىڭ سىياسـىي مەزمـۇنلار چەكلەنـگەن كۈتۈپخانىسـىدا جـۈلىس ۋېرنىنىڭ «يەرنىڭ مەركىزىگە ساياھەت»، ئېدگار ئـاللان پونـىڭ ھېكـايىلىرى، كونا شېئىر كىتابلىرى ۋە «چۈشلىرىمىز ۋە ھاياتىمىز» ناملىق بىر توپلام كىتـابمۇ بـار ئىـدى. دادىسـىغا ئوخشـاش ئـۇلارنى ئوقـۇپ چىقىـپ، دادىسـىنىڭ يـاش چېغىـدا نىملەرنـى ئويلىغـانلىقىنى چۈشـىنىپ چىقىـپ، ئـۆزىنى ئۇنـىڭ ئورنىغـا قويمـاقچى ئىـدى. دادىسـى توغرۇلـۇق مەنـدىن سوئال سورىدى. سوئاللىرىغا ھاياجان بىلەن جاۋاپ بەردىم، سۆيۈنۈپ ئۇنى قۇچاقلىـدىم ۋە بويىنىنىڭ خۇددى كىچىك چېغىدىكىگە ئوخشاش ئەرزان سوپۇن ۋە پېچىنە پۇراۋاتقانلىقىنى خۇشاللىق ئىچىدە يەنە بىر قېـتىم ھـېس قىلـدىم. كۆرۈشـۈش ۋاقتـى توشـاي دەپ قالغانـدا ئوغلۇمنىڭ بۇ ھېيت كۈنىدە ئانىسىدىن ئاسانراق ئايرىلالىشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇردۇم.

_ دۈشەنبە كـۈنى يەنە كـېلىمەن،_ دېـدىم كۆلۈمسـىرەپ تـۇرۇپ. سـومكامدىن دانتـې روسسـېتتىنىڭ يىرتىلىـپ كەتـكەن، چاپلانغـان «قىزىـل چـاچلىق ئايـال» نـاملىق رەسـىمنى چىقىرىـپ بەردىـم:_ رومـاننى يازمـاقچى بولغانلىقىـڭ ئوغلـۇم، مېنـى بەك خـوش قىلـدى!_ دېدىم،_ پۈتكەندە مۇقاۋىسىغا بۇ رەسىمنى ئىشلەتكىن، گـۈزەل ئاناڭنـىڭ يـاش چېغىنىمـۇ ئازراق قوشۇپ قويارسەن. بۇ ئايال، قارا، ماڭا ئازراق ئوخشاپ قالىدۇ. ئەلـۋەتتە، رومـانىڭنى قانـداق باشلاشـنى سـەن ئەڭ ياخشـى بىلىسـەن، لـېكىن كىتابىـڭ، مېنـىڭ ئويۇنىنـىڭ

ئاخىرىدىكى مونولوگىمغا ئوخشاش ھەم سەمىمىي ھەم چۆچەكسىمان بولۇشى كېرەك. ھەم ياشالغان بىر ھېكايىدەك ھەقىقىي، ھەم بىر ئەپسانىدەك تونۇش بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا پەقەت سوتچىلا ئەمەس، ھەممە ئادەم سىزنى چۈشىنىدۇ. خىجىل بولما، ئەسلىدە داداڭمۇ يازغۇچى بولماقچى ئىدى.

2015-يىلى يانۋار_ دېكابىر

رومان تۈگىدى.